

جاسارەت جاپپار

# بۆرە قىز

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

جاسارەت جاپپار

بۆرە قىز

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-11844-1
定价：25.00 元

# بۆرە قز

(ناخشا تېكستى)

تېكستى: جاسارەت جاپپارنڭ
مۇزيكسى: ماھنۇر قاسمنڭ



بۆرە قز، بۆرە قز،
نەگە ماڭدڭز.
قەلبڭزگە نۇرغۇن گۈزەل،
ئارمان تاڭدڭز.

يېسلماقتا دېڭز بولۇپ،
دولقۇن چېچڭز.
بۆرە بولدى ذاللاردا،
چاپقۇر ئېتڭز.

ئايئاق بولۇت كۆڭلەك بەردى،
يايدى هەم ئېتەك.
پۇتڭزنى چۆپلۈكلەردە،
سۆيدى گۈل - چېچەك.

بلگۈمز بار چرايلقمۇ،
بۆرە دۇنياسى.
ئاخشاملرى توپ-ثوپ هۇۋلاپ،
يۈرگەن جۈلاسى.

كۆڭۈللەرنى كۆتۈرەمدۇ،
تاغنڭ هاۋاسى.
دەرەخلەردە سايراپ تۇرغان،
كاككۇك ناۋاسى.

جاسارەت جاپپار

# بۆرە قىز

( بالىلار رومانى )



مىللەتلەر نەشرىياتى



ئاپتورنىڭ سۈرىتى



# ئىچىدىكىلەر


بىرىنچى باب  تاغ باغرىدىكى كۆڭۈللۈك ھايات .......... 1
يىپەكتەك يېيىلغان شارقىراتما .................... 1
قاپتالدىكى ياغاچ ئۆي ................................ 7
پەرىشتىنىڭ قانىتى بارمۇ؟ ........................... 15
يولدىكى كۈتۈلمىگەن ۋەقە ........................... 24
بىر بالىمىز بولىسىدى.................................. 28

ئىككىنچى باب  ئاقساق بۆرە كۈچۈكى .................... 31
سىم ـ سىم يامغۇر ...................................... 31
ھاڭدا ئىڭراۋاتقان نېمە؟ ................................ 33
ئۆيىمىزگە كۆنۈپ قالدىڭمۇ ........................... 46
قىزىمىز دۇنياغا كۆز ئاچتى ........................ 49
كۆككۆز ئاچقىنىز سىزگە بەك ئامراق ................ 57

ئۈچىنچى باب  يەر ئاناردەك يېرىلدى .................... 59
تەبىئەت نېمانچە سىرلىقتۇ .......................... 59




قىزىمىز ئۆيدە يالغۇز ئىدى ........................ 63
تاغلار مۇسىبەت ئىچىدە قالدى ........................ 67
خەير خوش، مېھرى ئىسسىق ماكان ................ 78
ئۆتۈنەي، سىڭلىمنى ئېمىتىپ بېرىڭ ............ 80

تۆتىنچى باب  بۆرە ئۆڭكۈرىدىكى كۈنلەر ............... 85
مەن غەلىتە مەخلۇقمۇ؟ ................................ 85
بۆرە ئانا ھەيران بولدى ................................ 92
بۆرىدەك ھۇۋلىغىنىم نېمىسى ........................ 99
تاغ باغرىدىكى نەي ئاۋازى ........................ 105
كۆلگۈنچەك مېۋىدىكى سىر ........................ 117

بەشىنچى باب  بىز مۇشۇ تاغنىڭ بالىلىرى ........... 126
چۆش ئىچىدىكى چۆشلەر ........................ 126
نۇردۇن بوۋاي تۈگمىنىدە ........................ 134
قىزىم، بۆرە چىراي ئۆتەرسىزمۇ؟ ................. 138
كۆككۆز لالەگە قىيالمىدى ........................ 141
ئاكا ـ سىڭىل قۇملۇقتا ........................ 148

ئالتىنچى باب  پالچى موما، سىز نەدە؟ ................ 164
قۇملۇق تاشپاقىسىنىڭ نالىسى ................... 164
سۇبات ئاكا، نەي چېلىپ بېرىڭە ................. 169
بوستانلىقتىكى قايناق بازار ..................... 173
ئاداش، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ ................... 181
خۇش كەپسىلەر بالىلىرىم ........................ 192



يەتتىنچى باب نىقابلىق قاراقچىلار قەلئەسى ......... 198

موما، پەيدەك يەڭگىل تۇرۇپتىمەن ................ 198

ناخشىچى سېرىق قۇشقاچ ........................ 205

جاھاندا بىر قەلئە بۇ ............................. 214

ھەرىكىتى سىرلىق باللار ........................ 221

ئاداش، ھوشيار بولايلى ............................ 226

سەككىزىنچى باب سۇمۇرغ تۇخۇمىنى تاپايلى ....... 233

يادا تاش سېھىرگەرلىكى ......................... 233

بۇ مەن پۈتكەن تۇمارغۇ ........................... 238

باللىرىم، يولغا چىقىڭلار ......................... 242

سۇ ئانىسى سۆزلەيدۇ .............................. 245

قۇشلار ئارىلىدىكى گۈزەل قىز ..................... 252

توققۇزىنچى باب مۆزىكىلىق دوختۇرخانىدا ........... 265

يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئەسلىمىلەر ............... 265

لالە، تۆتقۇلاق تېپىۋالدىم ......................... 270

مۈڭلۈق ئەللەي ناخشىسى ........................ 276

يەتتە قىزلىرىم رىۋايىتى .......................... 282

بىزنى ئۈنتۈپ قالماڭلار............................ 288

ئونىنچى باب تەسەۋۋۇر باغچىسىغا بارايلى .......... 292

نەگە بېرىپ توختايمىز ........................... 292

پەرىلەر بېغىدىكى مېھمانلار ...................... 295




كۇلۇمسىرەپ تۇرغان تاش قاراۋۇللار ............. 302
سۇمۇرغ تۇخۇمى لالەگە پىچىرلىدى ............. 305
تىلسىملىق دۇنيادىكى مۆجىزە ..................... 311

بۆرە قىز (ناخشا نوتىسى) ..................................... 317






## بىرىنچى باب

# تاغ باغرىدىكى كۆكۈللۈك ھايات

## يېپەكتەك يېپىلغان شارقىراتما

— چۇۋ - چۇۋ - چۇۋ، چىۋ - چىۋ - چىۋ...

كۆكتىن بوي تالاشقاندەك ئېگىز، تۆگە لوكىسىدەك دولقۇنسىمان، تۇتاش كەتكەن تىك قىيالىق بۇ تاغلارنىڭ قوينىغا نۇرغۇن تىلسىملار تولغان، قۇچاق يەتكۈسىز بۈككىدە كەتكەن قارىغايلار، خىزىر سۈپەت بوۋايلارنىڭ ئالىقىنىدەك كەڭ يېيىلغان شاخلار، شاخلاردىكى چۇرۇقلاپ سايراۋاتقان غورىلاي، چۈغۈندەك، سېرىق قۇشقاچ، پۆپۈكباش، قارىغوجا... يەنە ئىسمىنى ئاتاپ بولمايدىغان ئاللىقانداق قۇشلار بۇ جاينىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشقان.



قارىغوجا، پۆپۈكباشمۇ قىزىق، قاچان ئاسماندىكى پەرۋازىدىن زېرىكسە بۇك ئورماندىن كۆزلەككە ماڭغان

جەرەن - ئارقارلارنىڭ دۈمبىسىگە قونۇۋېلىپ ئەتراپنى تا-
ماشا قىلغاچ شاھ ھۇزۇرىنى سۈرىدۇ. جەرەن - ئارقارلار
ھەرگىزمۇ ئۇلارنى چۆچۈتۈپ دۈمبىسىدىن قوغلىمايدۇ.
«نېمىشقا» دەمسىز؟ قارىغوجا، پۆپۈكباش چوكىدەك ئۇ-
زۇن، ئۇچلۇق تۇمشۇقلىرىدا تېرىسىگە يېپىشىۋالغان
بۆرگە - ھاشاراتلەرنى «توك - توك» چوقۇلاپ يەپ ئۇلارنىڭ
پۈتۈن بەدىنىنى قاشلاپ قويغاندەك راھەتلەندۈرىدىغان
تۇرسا، جەرەن - ئارقار يەنە ئۇلارنى دۈمبىسىدىن قوغلى-
سۇنمۇ؟

ئەتراپ قارىغاي، ئارچا، تاغ تېرىكى بىلەن قاپلانغان
بۈك ئورمان. قارىغاي تۈۋىدە بۈككىدە ئۆسكەن ياپيېشىل
قىياق- چىملار ئارىسىدا مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتقان غەم-
سىز چېكەتكە - تومۇزغىلار ياز ئاخشاملىرى توپلىشىپ
نەغمىگە چۈشىدىغان بولسا، ئايھاي! يېڭىلا تۇخۇمدىن
چىققان قۇش باللىرى «پەستىكى نېمە ئاۋاز ئۇ» دېگەن-
دەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ كىسلدىشىپ كېتىدۇ. بۆدۈ-
نە - قىرغاۋۇللارمۇ گېلىنى كۆپتۈرۈپ «كاك - كاك» لى-
غانچە ئۇلارنىڭ نەغمىسىگە ئەڭ بالدۇر كېلىدۇ.

— مە... ئە، مۆ... ئۆ

باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈمران چۆپلەرنىڭ شەبنەم
قونغان ئۇچىنى كىرىس - كىرىس يالماپ يەۋاتقان كېيىك-
جەرەنلەر چېكەتكە - تومۇزغىلار، بۆدۈنە - قىرغاۋۇللارغا
قىزغىن سالام بەرمەكچى بولغاندەك ئۇلارنى نەمخۇش تۇم-
شۇقى بىلەن سىلاپ، چوغدەك تىلىدا يالاپ قويىدۇ. ئۇلار-



مۇ كېيىك ـ جەرەنلەرنىڭ بۇنداق سالام ئادىتىگە كۆنۈك. قورسىقىنى تاشتەك تويدۇرۇۋالغان كېيىك ـ جەرەن بالىلىرى شوخ بۆجەنلەردەك ئالدى پۇتىنى جۈپلەپ دىك ـ دىك تاقلاپ كېتىدىغان بولسا، ئايھاي! ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ تېمەن ئۆسكىنىدىن ھەۋەسلىنىپ كېرىلگىنىچە مەرەپ قويىدۇ.

ـــ غۇر ـ غۇر ـ غۇر...

مەيلى قايسى پەسىلدە بولسۇن قاپتالدىن چوققىنى نىشانلاپ ئۆرلەپ ماڭغانسېرى ئاپئاق قېلىن قار بىلەن قاپلانغان تېرىم ئېتىزلىرىدەك يېيىلغان تاغ چوققىسى كۆزگە تاشلىنىدۇ. كەپسىز شامال قارلارنى ئۇچقۇندىتىپ يۈز ـ كۆزلەرگە ۋىشىلدىتىپ ئاتماقچى بولىدۇ. قار ئۇچقۇنلىرى تەگمىگەن تەقدىردىمۇ سوغۇق تاغ شامىلى تەننى ئوبدانلا قورۇۋپ قويىدۇ. يازدا ئېتىزدا مايكىچان تېرىم قىلىۋاتقانلارمۇ قېلىن جۇۋا ـ پېيمىلىرىنى يۇدۇمەي تاغ چوققىسىغا ئاياغ باسالمايدۇ. ئاياغلار ئاستىدىن «غىرس ـ غىرس» ئاۋاز چىقارغان قار ئادەمگە ئېچىنىشلىق نالە قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدۇ. قارنىڭ قېلىنلىقىغا قاراپ بۇنچە كۆپ قارنى كىم قانداق تىلسىم، سېھىر ئىشلىتىپ بۇ جايغا دۆۋىلەپ قويغاندۇ، دەپ قالىدۇ كىشى.

ـ ئىرغاڭ ـ غاڭ، ئىرغاڭ ـ غاڭ...

تىلسىملارغا تولغان تەبىئەتتە قېنى كىم بۇنداق قېلىن قارلىق چوققىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلمايدۇ دېيەلەيدۇ؟! گەرچە تاغدا باھار كېچىكىپرەك باشلانسىمۇ قېلىن



قار ئارىسىدا تاشتىن يىلتىز تارتىپ نەيزىدەك تىك ئۆسكەن قاشتېشىدەك سۈزۈك، تاغدەك پاك ھۆپپىدە ئېچىلغان ئاپئاق قارلەيلىسىنى ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. تاغنىڭ بىرەر ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز يۈرىكىڭىز خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىدۇ. كۆز ئالدىڭىزدا ياپيېشىل ئورمان، رەڭدار ئېچىلغان گۈللەر، يېشىللىق قوينىدا دورىلىق ئوتلارنىڭ يۇمران ئۇچىنى قوۋۇزىغا لىق تولدۇرۇپ يەپ، شىلدىرلاپ ئاققان تاغ سۇلىرىنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ ھايات پەيزىنى غەمسىز سۈرۈۋاتقان ماراللار...

پەسكە قارىغاندا تاپىنىڭىز ئاستىدىكى تۇپتۈز تاشلىق دالا سىزگە ئېگىز چوققا بىلىنىسىمۇ، يىراقتىكى ئاسمان گۈمبىزىگە تاقاشقان بەھەيۋەت تاغلارغا نەزەر سالغىنىڭىزدا تىنىقىڭىزنىڭ يېتىشمىگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈيغۇڭىزدا ئۇنچە ئېگىز بىلىنمەسلىكى مۇمكىن.

قارلىق چوققىلاردىكى قارلەيلىسى سۈزۈك كۆك ئاسماندا ئەركىن ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاق بۇلۇتلارغا سالام بەرمەكچى، تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلاتسا خۇددى بىر توپ شوخ قىزلار شامال بىلەن بەسلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك تاتلىق بىر تۈيغۇ شۇررىدە كۆڭۈللەرگە تامىدۇ.

— شىر - شىر - شىر ...

تاغدا يەنە چوققىلاردىكى قارلارنىڭ تاشلارنى يالاپ ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان سۈپسۈزۈك ئۈنچىلىرىنى ھەريان



چاچرىتىپ، خۇددى نېپىز شايىدەك يېيىلىپ تىك قىيادىن پەسكە ئوقتەك تېز چۈشۈۋاتقان بىر شارقىراتما بار. سىرخىي تەبىئەت گۈزەل مەنزىرىلەرنى باشقا زېمىنغىمۇ ئاتا قىلغاندۇ، ئەمما بۇ شارقىراتما ھەقىقەتەنمۇ تاغقا «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دەك گۈزەل ھۆسن قوشقان. كۈن نۇرى ھارارىتىدىن ئېرىگەن سۇلار ئۇنچە چاچرىتىپ پەسكە ئاقىدىغان بولسا سۇنىڭ پەستىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن ئىسسىق ھورلىرى خۇددى شارقىراتمىنى كەينىگە ياندۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

شارقىراتما سۇلىرىدىن شادلانغان شاۋقۇنلۇق دەريا يىلاندەك تولغىنىپ نەچچە تاغ - داۋان، يايلاق - كۆزلەكتىن ئېقىپ ئۆتۈپ، سانسىز جانلىقلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ مەنزىل تامان يۈرۈپ كېتىدۇ. ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئۆسكەن ئارچىلارنىڭ قىزغۇچ ئۇزۇن شاخلىرى سۇ يۈزىگە توختىماي ئىرماش - چىرماش خەت يازىدۇ.

— غاق - غاق - غاق، ۋىق - ۋىق - ۋىق...

دەريادا قۇيرۇق سىلكىپ ئەركىن ئۈزۈۋاتقان ئالتۇن بېلىقلار، قىرغاقتا بويۇن سوزۇپ يىراقلارغا قاراۋاتقان ئاق قۇلار بارماقلاردەك چىرمىشىپ كەتكەن قويۇق شاخلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بېلىقلارنىڭ سۇدا، ياۋا ئۆردەك، ئاق قۇلارنىڭ قىرغاقتا بىر - بىرىنىڭ قانات- قۇيرۇقلىرىنى چىشلەپ قوغلىشىپ ئوينىغاندىكى غەمسىز ھالىتى، ئىختىيارسىز ئۇنتۇلغۇسىز بالىلىقنى ئەسكە



سالىدۇ.

— شار - شار - شار...

يېتىم بالىنىڭ يېشى توختىمىغاندەك قىشنىڭ ئەڭ
قەھرىتان كۈنلىرىمۇ شارقىراتما تاغ چوققىسىدىن پەسكە
تىنىمسىز ئېقىۋېرىدۇ. قېلىن قار قارىغاي، ئارچا شاخلى-
رىنى كۆمەلىگەن بىلەن، بۇلۇتلار قوينىدىن سىرغىپ
چۈشكەن شارقىراتمىنى كۆمۈشكە ئامالسىز. سوغۇق بوش-
لۇقتىن لەيلەپ چۈشكەن قارلار سۇ يۈزىگە تەگكەن ھامان
شۈررىدە ئېرىپ ئېقىننىڭ بىر تامچىسىغا ئايلىنىپ كې-
تىدۇ. سۇلارنىڭ كاكچىدەك نېپىز مۇز تۇتقان ھالىتىنى
كۆرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

— شىپىر - شىپىر - شىپىر...

باھار كەلگەندە قارىغاي، ئارچا شاخلىرىدا قىشلىق
شېرىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ كەتكەن ئاق پاختىدەك توپ -
توپ قار ئاستا - ئاستا ئويغىنىپ يەرنى ئاللىبۇرۇن يې-
شىل مەخمەلگە ئورىغان چىم - قىياقلارغا قاراپ، ۋىللىدە
خىجىللىق تارتىپ ئېرىشكە باشلايدۇ. ئېرىگەن قار سۇلى-
رى تاش قىسىلچاقلىرى ئارىسىدىن يول تېپىپ تاغ چوق-
قىسىدىكى ئاياقتەك ئويمانلىقتا جايلاشقان شارقىراتمىغا
ئۆزىنى ئاتىدۇ.

— ۋىڭ - ۋىڭ - ۋىڭ، غىڭ - غىڭ - غىڭ...

ياز كەلدىمۇ تاغنىڭ كۆڭۈللۈك ھاياتى باشلىنىدۇ.
ئالا - چىپار كېپىنەكلەر، ھەسەل ھەرىلىرى تاغ قاپتال-
لىرىدا ئەمدى ئېچىلاي دېگەن گۈل بەرگىلىرىنىڭ ئەترا-



پىدا ئايلىنىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئوت ـ چۆپلەر بىر قەدەر مول بولغان بۇ پەسىل يەنە كېيىك ـ جەرەنلەر، ئات ـ كالىلارغا بايرام خۇشاللىقى ئاتا قىلىدۇ. نېمىشقا دەمـ سىز؟ ئوت ـ چۆپ مول بۇ پەسىلدە، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تۆللەيدۇ. «مە ـ مۆ، بە ـ بۆ...» دېـ گەندەك تاتلىق مەرەش، مۆرەشلەر تاغ باغرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ.

باشقا جايلاردا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلىگەن كۈز پەسلى بۇ جاينى ئاسانلىقچە ئالتۇن رەڭگىمۇ كىرگۈزەلـ مەيدۇ. چىم ـ قىياق، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئاز ـ تولا سارـ غايغىنىدىن باشقا قېيىن ـ تېرەك، قارىغاي ـ ئارچىلارـ نىڭ تاغ باغرىنى تۆت پەسىل يېشىللىققا پۈركىگىنى پۈركىگەن.

## قاپتالدىكى ياغاچ ئۆي

قورغان شەكلىدە سېلىنغان، قىرلىق تاشلاردىن بەلگە كەلگۈدەك تام قوپۇرۇلغان كەڭ، ئازادە بۇ قورۇ كۆرگەن ھەرقانداق كىشىگە ياقاتتى. خېلى يىللاردىن بېرى قاپـ تالدا موردىن ئىس چىقىرىپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنغا بۇ جايىنىڭ ھەممە نېمىسى بەش قولدەك تونۇش، بولۇپمۇ قاۋۇلغا.



بۇغداي ئۆڭ، تاغ تېرىكىدەك ئېگىز ئۆسكەن، كۆز ـ

لىرىدىن ياشلىق نۇر ـ ئۇچقۇنلىرى بۇلاق سۈيىدەك
چاچراپ تۇرىدىغان 30 ياشلاردىكى يىگىت قاۋۇل ئاي يۈز ـ
لۈك، غۇنچە بوي ئايالى لەيلىنى ئەگەشتۈرۈپ شاختا
سايراۋاتقان قۇشقاچ، ئانىسىنى تاپالماي تىت ـ تىت بولۇپ
مەرەۋاتقان ئوغلاق، تىيىن كىس ـ كىسلىرىغا قولاق سې ـ
لىۋاتقان بۆجەنلەرنى تاماشا قىلدۇرىدۇ.

قاۋۇل بۇ تاغ باغرىدا نەچچە ئەجدادىنىڭ ياشاپ ئۆت ـ
كىنىنى ساناپ بېرەلمەيدۇ. ئەقلىگە كەلگەندە تاغ باغرىدا
شوخ كېيىك بالىسىدەك چېپىغا چىۋىق قىستۇرىۋېلىپ
چېپىپ ئوينىغىنى ئېسىدە. ئۇ بالىلىقىدا دادىسىغا ئەگە ـ
شىپ يۈرۈپ تاغدىكى جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلىۋالغان؛
قاتتىق يەرگە تەمەچ بىلەن جىجىلاپ يۈرۈپ خەت، سان
ساۋادىنى چىقىرىۋالغان؛ شارقىراتمىغا بېلىقئالغۇچتەك
تىك شۇڭغۇش، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچ ئويند ـ
تىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. تاغلار ئۇنىڭغا تاغدەك مەز ـ
مۇت، زەبەردەس، باتۇر ، چىدامچان ئەر بولۇشنى ئۆگەت ـ
كەن. دادىسىغا ئەگىشىپ تاغنىڭ ھەربىر تۇپ گىياھىنى
ھىدلاپ چىققان قاۋۇلنىڭ تاغ باغرىدا ئىزى چۈشمىگەن
يەر يوق.

بوۋاي يالغۇز ئوغلىنى كۆزقارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك
ئاسراپ چوڭ قىلدى. يېمەي يېگۈزدى، كىيمەي كىيگۈز ـ
دى. بالا مۇنبەت يەرگە تىكىلگەن تاغ تېرىكىدەك ئۇچ قو ـ
يۇپ كۆندە بىر غېرىچ ئۆسۈپ كېلىۋەردى. بۇرۇتى قارلىد ـ
غاچ قانىتىدەك قويۇق خەت تارتىپ بوۋاينىڭ بېشىغا غەم





سىلىشقا باشلىدى.

— مېنىڭمۇ تۆت كۈنلۈكۈم قالدى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا قاۋۇلجاننى ئۆيلىنىۋالسام بولاتتى، — دېدى بوۋاي بىر كۈنى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن تۈگمەنچى دوستى نۇردۇنغا. تاغ بىلەن تۈگمەننى ئۇزۇن بىر ساي ئايرىپ تۇرسىمۇ، بالىلىقىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئۇلارنىڭ قەدىناس دوستلۇقىنى ھېچنېمە ئايرىيالمايتتى. پاكار، ۋىجىكرەك كەلگەن، ئاق قىزىل يۈزلۈك، سېرىق سىم ساقال، بۈركۈت كۆز، بېشىغا ئاق جىيەكلىك قالپاق كىيگەن نۇردۇن بوۋاي قۇردىشى غەنى باتۇردەك تولىمۇ تىمەن ئادەم ئىدى.

— قىزىم بولغان بولسىغۇ ئوغلۇڭنى ئۆزۈملا بالا قىلىۋالاتتىم، — دېدى نۇردۇن بوۋاي. سايباغدىكى ھەسەن تۆمۈرچىنىڭ ئايدەك چىرايلىق بىر قىزى بولىدىغان. قېنى سەن ئىشلىرىڭنى تۈگىتىپ كەل. قىز سورىغىلى مەن بىللە بېرىشىپ بېرەي. ئىشلىرىڭنى سەن ئويلىغاندەك ئەپلەشتۈرۈپ بەرسەم سۆيۈنچىسى باردۇ؟

— تاغدىن ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى ئال، دوستۇم. سەندىن ئايايدىغان نېمەم بار مېنىڭ.

— مۇشۇ تاغنى بېرىسەن؟

— تاغدەك كەڭ كۆڭلۈمنىمۇ قوشۇپ ئال.

— چاقچاق قىلىپ قويسام چىرايىڭ داكىدەك تاتىرىپ كەتتى - ھە!



— چاقچىقىڭنى قويۇپ تۇر. نېمە كۆتۈرۈپ بارىمىز

ئۇ يەرگە؟

— نەرسىنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئەڭ مۇھىمى ئال-تۇندەك ساپ كۆڭۈل.

— مەنمۇ ئۇ قىزنى ئەتىيازدا تۇگمىنىڭدە بىرقېتىم كۆردۈمغۇ؟ ئاشۇ قىز ئەجەب ئېسىمگە كەلمەپتا؟

شۇنداق قىلىپ باشتا ئۇلار قىز سورىغان بولدى. كېيىن قىز - يىگىت بىر - بىرىنى كۆرۈپ ئىسسىق ئۆ-تۈشۈپمۇ قالدى. داپ -دۇتار، ناغرا - سۇناي چېلىنىپ ئاخىر تاغ باغرىنى زىلزىلىگە سالغۇدەك تەنتەنىلىك توي بولدى. باشتا مەن تاغقا كۆنەلمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالغان لەيلىگە تاغ ھاۋاسى مانا بىر ئوبدان يېقىپ قالدى.

«كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ»، ئەلۋەتتە كۆنگەن يامان دەيدۇ، غەنى بوۋاي ھاۋاسى ساپ تاغدا ياشاپ ئۆگىنىپ قالغىنىغا.

توي كۈنى ئوتقاشتەك قىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغان لەيلى ئات - ئۇلاغلار بىلەن تاغقا كۆچۈرۈپ كېلىندى. يول قىرىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ قىزغا ئېگىلىپ سالام بەردى. شوخ شامال ئۇنىڭ چۈمە-پەردىسىنى قايرىپ ئايدەك جامالىنى تاغقا نامايان قىلماق-چى بولغاندەك ھەدەپ ئۇنىڭغا ئۇرۇلاتتى. لەيلى خۇددى ئات ئۈستىدە تاغقا كۆچۈرۈلمەكچى بولغان بىر تۇپ چوغلۇق-تەك كېتىپ باراتتى. ئات قۇلۇنلىرى، كالا موزايلىرى، كېيىك -جەرەنلەر شوخ بالىلىرى بىلەن چۆپ يېيىشتىن توختاپ تاغقا كەلگەن بۇ يېڭى مېھماننى قارشى ئالماقچى

بولغاندەك بويۇنداپ مۆرەپ، مەرەپ، بوزلاپ قويۇشتى.

ئېھ، گۈزەل تاغ باغرى، سېنىڭ قوينۇڭ نېمانچە بىد-پايان! ئۇزاق يىللاردىن بېرى قوينۇڭغا نۇرغۇن جانلىقلار-نى سىغدۇرۇپ ئانا بولۇپ ئەللەيلەپ، پەپىلەپ كەلدىڭ. ما-نا، بۈگۈن بىر يېڭى مېھماننى قارشى ئېلىۋاتىسەن. بەل-كىم بۇ مېھمان ساڭا ئۈزلىنىشۋالغاندىن كېيىن باغرىڭنى تېخىمۇ كۆپ گۈل-چېچەككە پۈركەر...

تاغدا گۆش-تالقانغا ئۆگىنىپ قالغان بوۋاي تويىنىڭ ئەتىسى كېلىن بالا كۆتۈرۈپ كىرگەن ھورى ئۆرلەپ تۇر-غان بىر تەخسە لەغمەننى كۆرگەندە كۆزلىرىگە ۋىللىدە ياش ئالدى. ئوغلىنى بۇرۇنراق ئۆيلەپ قويۇش خىيالىنىڭ كاللىسىغا كەلمىگىنىگە ئۆكۈنۈپمۇ ئۇلگۈردى.

— رەھمەت قولى گۈل قىزىم، ئىگەم قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن.

كېلىن چىقىپ كەتكەندە بوۋاي بۇ ئالەمدىن بىمەھەل ئۇزىغان مومىينى خىيال قىلىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆك-سۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. دېمى سىقىلىپ، قېقىلىپ يۆ-تىلىپمۇ كەتتى.

— ھەي دادىسى، تامىقىڭىزنى ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ، — دەيتتى ئايالى ھايات ۋاقتىدا. غەنى بوۋاي ھازىر ھۆمۈدەپ ئولتۇرغان بىلەن، ئېيىقنى كۆتۈرۈپ يىراققا پىرقىرىتىپ ئاتقۇدەك كۈچتۈڭگۈر چاغلىرىمۇ بولغان. تاغدىكى قايسى-بىر قارىغاي، ئارچىغا ئۇنىڭ قولى تەگمىگەن؟ قايسىبىر چىم-قىياق ئۇنى تونۇمايدۇ؟ قايسىبىر قۇشلار ئۇنىڭ



دولىسىغا ماياقلاپ قويمىغان؟ قايسىبىر ھايۋان ئۇنىڭغا سۈۋۈنۈپ ھىدىنى ھىدلىمىغان؟

ئاتا ـ ئانىسى ياشاپ كەلگەن بۇ تاغقا ئۇنىڭ ئالەمچە مېھرى بار. بوۋاي بىلىدۇ، بالا چاغلىرىدا بۇ تاغ ھازىرقىدەك بۇك ـ باراقسان يېشىللىققا تولغان جەننەت ماكان ئەمەس، بەلكى تەمرەتكە باسقان تازنىڭ بېشىدەك تاقىر ئىدى. ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ يىراقلاردىن قارىغاي، ئارچا، تېرەك كۆچەتلىرىنى ئەكىلىپ تىكتى. يامغۇر كەم پەسىللەردە بۆكىدە سۇ توشۇپ سۇغاردى. ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن ـ دە. يىللار ئۆتكەنسېرى بۇ كۆچەتلەر ئۆزى بىلەن تەڭ يوغىناپ باراقسان بولدى. دادىسى ئۇنى ئۆيلىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار. مانا ئەمدى ئۇ بالىسىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ ئاتىلىق قەرز ۋە پەرزنى ئادا قىلدى.

تاھارىتىمگە سۇ ئىسسىتىپ، ياقامنى كىر قىلمىغان مومىيىم ھايات بولغان بولسا بالىسىنىڭ چىرايىدىكى بەختىيار كۈلكىنى كۆرۈپ ئالەمچە خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى...

خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك دېگەندەك، ئوغلى قاۋۇلنىڭ تويى بولۇپ ئاي ئۆتمەي بوۋاي تۈگمەنچى بۇرادىرىنى يوقلاش ئۈچۈن قاپتالدىن چۈشۈۋاتقاندا ئاسماننى كۈل رەڭ بۇلۇتلار قاپلىدى ـ دە، ئارقىدىنلا دەھشەتلىك قار بورىنى كۆتۈرۈلدى. سوغۇقنىڭ كۈچىدىن دەرەخلەرنىڭ غولى ـ شاخلىرى چارسىلداپ كەتتى. بۇنداق قار ـ

شىۋىرغانلىق بوراندا مېڭىۋېرىش ئۆلۈم خەۋپى ئېلىپ كېلەتتى. يا توڭلاپ ئۆلىدىغان گەپ يا تىك تاغ قىياسىدىن مودۇرۇپ.

قاتتىق بوران زەربىسىدىن غايەت قامەتلىك بىر قېرى قارىغاي قاراسلاپ بوۋاينىڭ يېنىدىلا قار توزۇتقانچە يىقىلدى. شاخلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلىشىدىن چىققان ئاۋاز قار بورىنىنىڭ ئۇشقىرتىشى بىلەن قوشۇلۇپ قاپ ـ تالدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئەكس سادا ياڭراتتى. سوغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەم بىر تال شال پاخلى بولسىمۇ ئېسىلىپ باقىدىغۇ. ئۆزىنى خېلى چەبدەس ساناپ يۈرگەن غەنى مەرگەن دەرەخلەرنىڭ سۇنغان شاخلىرى ئارىسىدا قالماسلىق ئۈچۈن چەبدەسلىك بىلەن چېچەن بۆجەندەك يۆتكىلىپ تۇردى. ئەجەل قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ كەلسە بەندىدە نېمە ئامال؟

— شىۋىرغان ئەدەۋاتىدۇ، مەن دادامدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئەتراپقا شىپپىدە بىر بوي ئۇداپ كېلەي. يالغۇز قويدى، دېمەي بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇر خوتۇن.

— مەنمۇ بىللە بارايمۇ؟

— بۇنداق شىۋىرغاندا جىن چىرقىرىغاندەك ئاۋازدىن قورقىسەن. بولدى، مېنى ئۆيدە ساقلا.

كۆڭلى بىر ۋەھىمىنى تۈيغان قاۋۇل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تاغ قاپتىلىدىكى چىغىر يول بىلەن ئورمانغا كېلىپ قاردىكى گۈل چېكىلگەندەك گىرەلىشىپ كەتكەن ئىزلارنى كۆرگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كەتتى.



ئاھ، ھايات! جان دېگەن بىر تىنىق ئىكەنغۇ. قاۋۇلغا ھەممە ئىشلار ئايان بولدى. بوۋاي ئۆرۈلگەن دەرەختىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىۋاتقاندا قارىغاي كۆتىكىگە پۇتلىشىپ يىقىلغان. ئۈستىدىن قاراسلاپ يىقىلغان دەرەخ بېسىۋېلىپ ئۈچ تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرىۋەتكەن. سۇنغان قوۋۇرغا ئۆپكىنى تېشىپ بوۋاي تىنالماي بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان ئىدى. بوۋاي تاغدا قارىغايدەك تىك، مەغرۇر ياشاپ يەنە قارىغاي ئاستىدا جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ئۈچتەك ئاقارغان ساقال-بۇرۇتلىرىغا مۇز مۇنچاقلىرى ئېسىلىپ قالغان ئىدى. يۇمۇلماي جامدەك چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرى تاغنى، ئاسماننى، تەقدىرنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك... نۇرغۇن مەنالارغا تولغان. شۇنچە يىل ياشاپ پاقلان ئېغىزىدىن چۆپ تارتىپ باقمىغان بوۋاينىڭ يەنە نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى بار بولغىيدى...

قاۋۇل، لەيلى كۆزلىرىدىن قانىتى سۇنغان قۇشتەك دەريا- دەريا قان ئاقتى. تاغلار بۇ تۇيۇقسىز مۇسىبەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي خېلى ئۇزاققىچە ئېغىر سۈكۈناتقا پاتتى.

## پەرىشتىنىڭ قانىتى بارمۇ؟

لەيلى تاغقا كېلىن بولۇپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ياغاچ ئۆيدىن سىرتقا ئۇنچە چىقمىدى. مۇڭدىشاي دېسە ئادىشى، ئويلىغانلىرىنى ئېيتاي دېسە يېنىدا ئانىسى يوق

ئىچىگە تىنىپ يۈردى. نەگىلا قارىسا قوي ـ كالا، جەرەن ـ
كىيىك، قوچاق يەتكۈسىز قارىغاي ـ ئارچا، قېيىن ـ تې ـ
رەكلەر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى بۇلارغا دېيەلە ـ
سۇنمۇ؟ دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار لەيلىنىڭ كۆڭلىنى ئا ـ
ۋۇندۇرالامدۇ؟ راستىنى دېگەندە ئۇ تاغنىڭ كۈندە ئېگىز ـ
پەس ماڭىدىغان يولىغا ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك تۇرمۇشىغا
كۆنەلمىدى. قاۋۇل لەيلىگە پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ ئۆي
كەينىدە يايلاپ يۈرىدىغان ئاق ئېتىنى دىۋىتىپ چىقىپ
كەتسە گاھى پېشىندا، گاھى ناماز شامدا پەيدا بولاتتى.

— مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ نەلەردە يۈردىڭىز، —
دەيتتى لەيلى قاۋۇل قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئاغرىن ـ
غاندەك يەرگە قاراپ خۇرسىنىپ.

— بالىنىڭ بۇرچى ئاتا چىرىغىنى ياندۇرۇش ئەمەس ـ
مۇ لەيلى، — دادام مىڭ بىر جاپادا بەرپا قىلغان بۇ يې ـ
شىل بوستانلىق مۇشۇنداقلا تاشلىنىپ قالسا بولماس.
تاغلارنى ئايلىنىپ كەلدىم.

— ئەمدى ئەتىدىن باشلاپ مېنىمۇ ئېلىپ بارسىز،
ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچىم سىقىلىپ كېتىدىكەن.

— نېمىگە ئىچىڭ سىقىلىدۇ؟ بۆدۈنە ـ قىرغاۋۇل،
كىيىك ـ جەرەنلىرىڭ بىلەن سىرداش.

— ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى ئۇققىلىمۇ ۋاقىت كېتەر ماڭا.

— بولىدۇ، سەنلا خالىساڭ مۇرەمگە مىندۇرۇپ بول ـ
سىمۇ ئېلىپ بارىمەن.



— مانا ماۋۇ گەپ بولىدۇ.

— ساڭا قاراقات، مالىنا، گىلاس، تاشئالما ئالغاچ كەلدىم. پىشىپ تۆكمە بولۇپ كېتىپتۇ. قېنى، تاغ مېۋە-سىنى تېتىپ كۆر.

— ۋاھ، نېمانچە چۈچۈمەل ... ۋاي چىشىم...

— بۇلارنى رەھمەتلىك دادام ئۆز قولى بىلەن تىككەن.

نەچچە كۈن ئۆيدىكى ئىشلارغا قاراشقان قاۋۇل، بىر كۈنى سەھەردە لەيلىنى ئويغاتتى.

— تېز ناشتىلىق تەييارلا، خوتۇن. كېچىدىن تاغنى قومارغۇدەك بوران چىقتى. نېمە ئىشلار بولدى، تاغلارنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

— قەيەرنى ئايلىنىمىز؟

— مەن بۈگۈن ساڭا تاغدىكى بارلىق بايلىقلىرىمىزنى بىرمۇ بىر كۆرسىتەيچۇ.

— ماقۇل.

— تاغنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، قېلىنراق كىيىنەرسەن، — دېدى قاۋۇل ئىشىك ئالدىدا يۇزىگە ئۇرۇلغان قىلىچ بىدە-سىدەك شامالدىن ئەندىكىپ. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن لەيلى ئايىسى ئالايتەن تىكتۇرۇپ ئەۋەتكەن يۇڭ-شاق كۆن چورۇقنى كىيدى.

ئۇلار ئېگىز - پەس يوللاردا مۇدۇرۇپ يۇرۇپ تاغ باغ-رىنى تولۇق ئايلاندى. قاۋۇل دادىسى تىككەن مېۋىلەرنى لەيلىگە بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى. تاغ چوققىسى-غا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھارغانلىقى-



نى ھېس قىلىشتى.

— بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى قاۋۇل.

— نەپەسىم قىسىلىۋاتقاندەك بولىۋاتىمەن.

— تاغ چوققىسىنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىسەن، قاچان نەپەسىڭ قىسىلمىغاندا ئاندىن سېنى ھەقىقىي تاغلىق دەپ بىلىمەن.

— مەن سىزگە ئەگىشىپ كەلگەن يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى مېنى تېخى تاغلىق ھېسابلىمىغان ئوخشىمامسىز؟

— ياقەي، چېقىشىپ قويدۇم.

— بۇ تاغ چوققىسىدىكى قارلار تۆت پەسىل مۇشۇنداق تۇرامدۇ؟

— ھەئە.

— ئاۋۇ قارلەيلىسى بەك چىرايلىقكەن...

— مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ساڭا تېگىشمەيمەن، — دېدى قاۋۇل لەيلىگە مەنىلىك قاراپ .

— نېمىدەپ؟

— مېنىڭ لەيلەم ئەڭ چىرايلىق.

لەيلى لېۋىنى چىشلەپ قىلىچتەك ئۇزۇن چېچىنى بارماقلىرى ئارىسىدا ئويناتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ قولۇندەك تېز چېپىپ كەتتى.

— ۋاي، قاۋۇل ماياقتىكى شارقىراتمىغا كېلىڭ.

— ھە، مانا.

لەيلى قارلارغا غىرس - غىرس دەسسەپ شارقىراتما



بويىدا ئولتۇرۇپ بىر نەچچە ئۇچۇم سۇ ئىچتى. « تاغ سۇيى جاننىڭ راھىتى-دە . ھايۋانلارمۇ مۇشۇ سۇدىن كېچەلمەي بۇ يەردە ياشاپ قېلىۋاتامدىكىن... » دەپ پىچىرلاپ قويدى ئۇ ئۆزىگە. تاغ ئۈستىدىكى قار يالىغان تېيىز كۆلدە ئويناۋاتقان بىر توپ تۇرنىلار لەيلىنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىدىن چۆچۈپ پالاق - پالاق قانات سىلكىشىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.تۇرنا قانتىدىن سىلىق توزىغان ئاپئاق پەيلەر سۇ يۈزىگە لىققىدە يېيىلدى.

— مېنىڭمۇ قانتىم بولغان بولسا ئاتا - ئانامنى سېغىنغاندا پۇررىدە ئۇچۇپ بېرىپ كېلەر ئىدىم - هە، — دېدى لەيلى قاۋۇلغا.

— سىز مېنىڭ پەرىشتەم. قاچان هايت دېسىڭىز شۇ هامان ئۇچۇپ بارالايسىز.

— پەرىشتىنىڭ قانتى بارمۇ؟ — مەڭدەپ قالدى لەيلى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— ئەلۋەتتە بار.

— ئەمىسە مېنىڭ قانتىم يوققۇ؟

— كىم سىزنى قانتى يوق دەيدۇ؟! مانا مەن هەم ئاق ئات سىزنىڭ قانتىڭىزغۇ؟ قاچان دېسىڭىز شۇ هامان ئاپىرىپ ئەكىلىۋاتىمەنغۇ؟

— تاغدا ئىشلىرىڭىز چاچتىن تولا بولغاندىكىن سىزنى ئاۋارە قىلماي دېگەن. قانتىم بولسا سىز تاغدا ئالدىراش چاغلاردا ئۆزۈملا ئۇچۇپ بېرىپ كېلەتتىم -دە — قاۋۇل لەيلىگە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.



... ...

قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى تاغ باغرىغا تەكشى سېپىپ ئۆزىنىڭ زېمىنىغا بولغان مېھرىنى نامايان قىلماقتا. بەل-كىم شۇ تاپتا چۆل - باياۋان، قىر - ئېتىزلارمۇ مۇ-شۇنداق ئالتۇن نۇرغا چۆمۈلگەندۇ.

— خالتىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قاپتۇ، — دېدى بىر كۈنى لەيلى خالتىنى ئۆرىدەۋېتىپ.

— يېنىڭدا مەن بار، خالتاڭدا ئۇن ئۆكسىمەيدۇ خوتۇن.

— بىرەر سېھىر ئىشلەتمەيدىغانسىز؟

— بۇرۇنقىدەك نۇردۇن دادامنىڭ تۈگمىنىگە قويۇذ-دەك بېرىپ ئاتقا ئىككى - ئۈچ خالتا ئۇن ئارتىپلا كەل-سەم بولمىدىمۇ؟

— ئۆيدە پۇل - پۇچەكمۇ قالماپتۇ. نۇردۇن دادامغا يەنە نېسى بولسۇن، دەرسىزمۇ؟

— بولدى، خاتىرەڭنى جەم قىل خوتۇن، كەچكىچە ئۆيگە ئۇن كىرسە بولدىغۇ.

— ھايال بولماي پات كېلىڭ، يالغۇز قورقىمەن.

— تاغدا كېيىك - جەرەنلىرىڭ بار، يالغۇز ئە-مەسسەن.

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى نېمانچە چۈشەنمەس بوپقال-دىڭىز؟

— ماقۇل ، مەن ھايالشىمايلا ياناي.

قاۋۇل ئۆيدىن چىقىپلا قوتاندىن تۆت ئايلىق بولغان



ئوغلاقتىن بىرنى ئېگەر ئالدىغا ئارتىپ، ئېتىنى قويۇندەك
تېز چاپتۇرۇپ تۇگمەنگە قاراپ تاغدىن پەسلىدى. تاغ بىد-
لەن تۇگمەننى تاشلىق قاقاس ساي ئايرىپ تۇراتتى. تولا
يۇرۇپ بۇ يولغا كۆنۈپ كەتكەن قومۇش قولاق ئات سىلىق
يورغىلاپ ماڭماقتا ئىدى. قاۋۇل تۇگمەنگە كەلگەندە نۇر-
دۇن بوۋاي تۇگمەننىڭ تاك - تاكىنى كۆتۈرۈۋاتاتتى.
شىددەتلىك پىرقىرىغان تاش ئاياغ ئاستىلىرىنى بىلىنەر-
بىلىنمەس تىترىتەتتى. بوۋاي كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ
تىۋىشىنى سېزىپ دەررۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— هوي - هوي، ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ، يەردىن ئۈن-
دۈڭمۇ بالىموي! ئاۋازىنىڭ تىترىشىدىنلا يالغۇزلۇققا كۆ-
نۈپ قالغان بوۋاينىڭ خۇش بولىۋاتقىنى بىلىنىپ
تۇراتتى.

— مېنى تازا سېغىنىپسىز - دە.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئەنە، مەيۈس باققان كۆزلىرىڭىز...

— سېغىنساممۇ سېغىنغاندىمەن. نەۋاق سېنىڭ سا-
يەڭنى كۆرمىگىلى. قېنى، كەپەمگە مەرھەمەت.

— بولدى، شامالىلىققىنە مۇشۇ سۆگەت ئاستىغىلا
چۆكەيلى، نۇردۇن دادا.

— مانا تاغلىرىڭدىن ئويناقلاپ ئېقىپ كەلگەن سۇدا
چۆرۈۋالغان تۇگمەنلەر تايچاقتەك مېڭىۋاتىدۇ. ئەمما، نو-
رىنى ياسايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى.



— بىزگە مېھمان بولغاچ تاغقا بېرىك. پىششىق يا-

غاچلاردىن ئەكىلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە قايتا ياسىۋەت-
مەيمىزمۇ.

ئېتىغا ئىچى ئاغرىغان قاۋۇل بوۋاينىڭ پاراڭلىرىغا گەپ قاتقاچ چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەن ئاتنىڭ يۈگەن ـ ئېگەرلىرىنى ئېلىۋېتىپ ئوتقا قويۇپ بەردى. ئات سارغاي-غان ئوتلارنى كالپۇكى بىلەن يالماپ گىرت ـ گىرت چاي-ناشقا باشلىدى.

— ئېمە قىلىسەن پۈتلىرىنى چۈشەپ، چۇلۇۋۇرى بى-لەنلا قويىۋەتسەڭ بولمىدىمۇ؟

— چۈشەپ قويىۋەتمىسەم ئۇمۇ ئۆينىغىلى قاچىدۇ.

— راستما؟ ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا...

ئۇلار بىردەم تاغنىڭ، بىردەم باغنىڭ پاراڭلىرىنى سىلىپ ئولتۇرۇشتى. كۆرۈشمىگىلى خېلى بولغاچقىمى-كىن پاراڭلار ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قاۋۇلمۇ جاھان غەلۋىرىنى قولتۇقىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ بوۋاي-نىڭ پاراڭلىرىغا بەكلا ئامراق. پاراڭ ئارىسىدا بوۋاينىڭ ئېغىزىدىن دادىسىنىڭ ئىسمى چىقىپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا تومۇرلىرىدا ئاققان قان دەريادەك دولقۇنلاپ، دې-ڭىزدەك ئۆركەش ياسايدۇ.

بىر چاغدا كۈننىڭ تاغ تەرەپكە سۈرۈلىۋاتقىنىنى كۆرگەن قاۋۇل لەيلىنىڭ مەيۇس ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۈچكىنى بوۋاينىڭ ئالدىغا تاشلاپ كېلىش مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى:



— نۇردۇن دادا، ئارپا ـ بۇغداي، ماش ـ قوناقلىرى-

ڭىزدىن ئىششەك ـ ئىمشەك قاچىلاپ بەرسىڭىز.

— ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى ئال، دېگىنىڭ كەلسۇن بالام. مۇنۇ موروۋق ئوغلىقىڭ بۇ دورەم قالسۇن. ئەمدى يە-نە بۇنداق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ رەنجىيمەن جۇ-مۇ؟ خۇددى مېنى يات كۆرگەندەك... نېمە قىلىق بۇ...

— ئەنە، تاغدا تۆللەپ تۇرمامدۇ؟ سويۇپ چەللىگە ئېسىپ قويۇپ يەۋېتەرسىز. يېقىندىن بېرى ئوقىتىڭىز قانداقراق؟

— نېمىسىنى سورايسەن بالام. تاغلىرىڭنىڭ سۆلىرى باشقا ياققا كېتىۋاتامدۇ ـ بىلمىدىم. تۇگمەن سۇيى پات ـ پات تارتىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. يا ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن تۈزۈك چىقالمىغان يا جىنىڭنى ئوبدان جان ئېتە-ەلمىگەن...

قاۋۇل بوۋاينىڭ شۇنچە تۇتۇشلىرىغا ئۆزرە ئېيتىپ خالتا ـ خۇلتىلارنى ئەپلىك غانجۇغىلاپ ئېتىغا لىككىدە مىندى.

— بوۋا، تاغ تەرەپلەرگىمۇ ئۆتۈپ مېھمان بولۇپ كېلىڭ.

— ئىگەم يول بەرسە چوقۇم ئۆتىمەن. يولۇڭ بولسۇن بالام، خەير.

— خەير.

# يولدىكى كۈتۈلمىگەن ۋەقە

يامغۇردىن كېيىنكى تاغ يولى ھەم پاتقاق ھەم تېيىلـ-
غاق كېلىدۇ. قاۋۇل ئېتىنى دېۋىتىپ ئۆزى ئامراق ناخـ-
شىغا غىڭشىغاچ يېرىم يولغا كەلگەندە چاتقاللىقتىن ۋە-
ھىمىلىك نەرە تارتىپ بىر ئېيىق ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ
چىقتى. «ۋاي، بۇ نېمە كارامەت. ئىلگىرى بۇ يولدا ئېيىق
بار، دەپ ئاڭلىمىغان ئىدىمغۇ. نەدە يۈرۈپ ، نېمە يەپ يو-
غىنىغان ئېيىقتۇ بۇ...» دەۋەتتى قاۋۇل پېشانىسىگە پاقىد-
دە بىرنى قويۇپ. دېمىسىمۇ تۇلۇمدەك سېمىز بۇ ئېيىق
ئالا گەدەن ئۆكۈزدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. ئېيىق ھەش-
پەش دېگۈچە زەرب بىلەن ئاتقا پەنجە قويدى. ئات ئېيىقـ-
تىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يانغا بۇرۇلىۋىدى، قاۋۇل ئاتتىن
مۇدۈرۈپ كەتتى.كۈچتۈڭگۈر ئېيىق بىردەمدە قاۋۇلنى
پەنجىلەپ يەرگە يىقىتتى. چىشلەشكە پۇرسەت ئىزدىگەچ
ئارقا - ئارقىدىن ئۇرغان پەنجىلىرى قاۋۇلنىڭ بويۇن،
تىزلىرىنى قىپقىزىل قانغا بويىۋەتتى. ئات ئېيىقنى ئۆ-
زىگە ئەرمەك قىلىپ قاۋۇلدىن يىراقلاشتۇرماقچى بولۇپ
خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، قۇۋ ئېيىق بۇنى ئاللىبۇرۇن
سېزىۋالغان ھەم ئاتنى خىيالىدا يوق دەپ بىلگەن ئىدى.
شۇنچە ئۇرۇنۇشلىرى ئۇنۇم بەرمىگەن ئات تېپچەكلەپ
كىشنەپ، توختىماي پۇشقۇراتتى. ئېغىر زەربىدىن ھال-
سىزلانغان قاۋۇلنىڭ چېكىسىدىن مۇنچاقتەك تەر بۇ-



ژۆلداپ قويۇلاتتى.

ئېيىق ئۆز ئۆلجىسىدىن مەمنۇن بولۇپ ئارىدەك ئۇ-زۇن تىرناقلىرىنى سوزغىنىچە قاۋۇلغا يېقىنلاپ كەلمەك-تە. كەچكى شەپەق يۈزىدە توغاچتەك قىزارغان قۇياش يەر يۈزىگە قىپقىزىل قان پۈركىمەكتە. قاۋۇل ھالسىز پۇتلى-رىنى يەرگە تىرەپ كەينىگە داجىماقتا. جان — بىر تىرىك ئەركەكنىڭ جېنى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا پىرقى-رىماقتا. دۆڭدە ئويۇن كۆرۈۋاتقان ياۋا توشقانلار بالىلىرى-غا، «ئەمدى ئۇ ئادەم ئېيىققا يەم بولۇپ كەتتى، ھەسسى-نەي... » دەۋاتقاندا مۆجىزە يۈز بەردى. ئېيىق ئەمدى بۇ ئولجامنى بۈركۈت بۆجەنى قاماللىغاندەك يۇلۇپلا ئالى-مەن، دەپ ئېغىزىنى كوھىقاپتەك يوغان ئېچىپ، كۈچلۈك تۆت ئايىغى بىلەن قاۋۇلنىڭ تاغدەك كەڭ كۆكرىكىنى باستى. ئېيىق قوزۇق چىشلىرى بىلەن يۇتماقچى بولغاندا قاۋۇل قولىغا ئىلىنىپ قالغان نوغۇچتەك تومۇلۇقتىكى قىرلىق، ئۇزۇن يۇلغۇن شېخىنى ئۇنىڭ تويمىغۇر قارنىغا شىپپىدە تىقىۋەتتى.

نۇرغۇن دەھشەتلىك جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ بۇ تۇيۇقسىز ئەجەللىك زەربىدىن مەڭدەپ قالغان ئېيىقنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن بۇلاقتەك قان ئېتىلىپ نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە بوز كۆزىنى پۈلتايتىپ بىر دەمدە يانغا قىيسايدى. ئۈستىگە تۇيۇقسىز تامدەك پوككىدە يىقىلغان ئېيىقتىن قاۋۇلنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرى غىرىسلاپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ



تاغدەك بېسىۋالغان ئېيىق ئاستىدىن بەدىنىنى مىدىرلىتالمىدى.

— بۈگۈن تەقدىر ماڭا نېمىلەرنى كۆرسەتمەكچىدۇ؟ گەز باغلىغان لېۋىنى تىلىدا نەمدەپ قويدى قاۋۇل، — ئۇھ، بىردەم يېتىۋالايچۇ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق.

چانقىدىن چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەندەك كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ ياتقان قاۋۇل تېنىگە خېلى كۈچ-ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك ئۆزىنى يەڭگىل سەزدى. تېنىدىن بىر خىل سېسىق پۇراق تاراۋاتقان ئۆلۈك ئېيىق ئاستىدىن قاۋۇل سۇغۇرۇلۇپ چىققىچە چېچەن ئات ئاللىقاچان قاۋۇلنى ئۈستىگە قوندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا سازاڭدەك سوزۇلۇپ ياتقان ئىدى. ئات: «ئىگەم مىنى كەچۈر، ساڭا چوڭ ياردەم بېرەلمىدىم... » دېگەندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ نالىلىك كىشنەيتتى. قاۋۇل ئۆمىلەپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ماغدۇرسىز تېنىنى ۋاپادار ئاتنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىك، ئېچىنىشلىق بولغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پىداكار ئات ئىمكان بار ئىگىسىنىڭ جاراھەتلىك تېنىنى چۆچۈتمەسلىككە تىرىشىپ يەرگە تۇيىقىنى ئاۋايلاپ قوياتتى. تولا ماڭغان يوللارنى ئات ئەلۋەتتە ئۆزى پۇراپ-پۇرقۇپ تېپىپ ماڭىدۇ. ئات قاۋۇلنى مۇدۇرۇتمەي، سىيرىلدۇرماي ئېغىر ياتقۇدا ئاندىن ئۆيىگە كەلدى.



قاۋۇلنىڭ يولىغا تولا قاراپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەن

لەيلى ئاتنىڭ ئەنسىز كىشنىشىدىن چۆچۈپ ھويلىغا چىقتى. كۆز ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق ھالەتنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ئاۋازىنى قويىۋېتىپ ئۈنلۈك چىرقىرىۋەتتى.

— قېنى ئېيتىڭە، نېمە ئىش بۇ قاۋۇل؟ سىزدىن ئەنسىرەپ جېنىم چىقاي دېدى.

لەيلى تامدەك تاتارغان ھالدا شامال سوققان ياپراقتەك تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن قاۋۇلنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— ۋۇي، بۇ تىزىڭىزدىكى نېمە زىدە، ئاقساپسىزغۇ؟ پۇتىڭىزنىڭ بېغىشى چۆچۈپ كەتتىمۇ- نېمە؟

— يېرىم يولدا ئېيىق ئۇرۇۋەتتى.

— ئات ئۈستىدە مۈگدەپ قالمىغان بولغىيدىڭىز؟

— ياق، ھوشيار ئىدىم. ئېيىق بەك تۇيۇقسىز ئې-تىلدى.

— پۇتىڭىزنى تۇخۇملاپ تاڭمىساق بولمىغۇدەك. دادام سىزگە سوۋغا قىلغان مارجان غىلاپلىق خەنجەرنى ئېسىۋېلىڭ دەپ نەچچە ئېيتتىم، ئاڭلىمىدىڭىز. ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ. ئەتىدىن تارتىپ مەن ئۇنى بېلىڭىزدە كۆرمىسەم رەنجىپ قالىمەن جۇمۇ؟...

قاۋۇلنىڭ خىياللىرى تولىمۇ چىگىش ئىدى. ئۇنى شۇ تاپتا ئاغرىق ئازابىدىن ئۆتە بالا دەردى بەكرەك قىيى-ناۋاتاتتى. ئۇنى ئەتە - ئۆگۈن كۈچ - ماغدۇرىدىن قالمايدۇ دەپ قېنى كىم ئېيتالايدۇ؟ شۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغىلى بالا بولمىسا بولامدۇ؟ بالا بولسا «ھايت»



دەپ قويسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېغىرىنى يېنىكلەتسە ـ ھە.
ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى غەم بۇلۇتلىرىنىڭ ئەگىپ يۈرگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. لەيلىگە بۇ خىياللىـ ـرىنى ئۇ قانداق ئېيتسۇن؟

## بىر بالىمىز بولسىدى...

لەيلى قاۋۇلنىڭ قان تېمىۋاتقان تىزىنى كۆرۈپ بەكـ ـمۇ بىئارام بولدى. يارا ئېغىزىنى پاختا بىلەن پاكىزە سۈرتۈپ، ئۆزى بىلىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېپىپ كېلىپ ئۇندەك سوقۇپ يارا ئېغىزىنى تاڭدى. قاۋۇلنىڭ تىزى گۈمبەزدەك ئىششىپ بىر نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئېيىقنىڭ زەھەرلىك تىرنىقى تىزىغا خېـ ـلىلا پاتقان ئىدى.

— بۇ كەكلىك، بۆدۈنە تۇخۇمىنى تېپىشمۇ ئاسانغا توختىمىدى. ئەكىلىڭ، پۇتىڭىزنى تېڭىپ قوياي.

لەيلىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ قىلغان پەرۋىشىدە قاۋۇل بارا ـ بارا ھاسا بىلەن ئۆرە تۇرغىدەك بولدى.

«شۇنداق چاغلاردا يېنىمدا بالام بولسىچۇ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ كۆڭلۈمنى كۆتۈرەر ئىدى... » دېگەن خىـ ـياللار ئۇنىڭ كاللىسىدىن نەچچە مىڭ قېتىم تۈگمەن تېـ ـشىدەك پىرقىراپ ئۆتتى. ئۆي كەينىگە باغلانغان ئاق ئېـ ـتىمۇ ئۇنىڭ ھىدىنى ھىدلىمىغىلى خېلى كۈنلەر بولغاچـ



قا ئارغامچىنى سىلكىپ ئۆي تەرەپكە يۈلقۈناتتى.

— لەيلى، — دېدى قاۋۇل بىر كۈنى ئايالىغا، — ئۆ-زۈندىن بېرى نۇرغۇن تەشۋىشلىك سوئاللار يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجىلاپ كەلدى.كونىلار «بالىلىق ئۆي بازار، با-لىسىز ئۆي مازار» دەپتىكەن، بىر بالىمىز بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە.

— بۇ خىيالنى مېنى قىلمىدى دەمسىز؟ - لەيلى خۇددى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان مەھبۇستەك لېۋى-نى چىشلەپ يەرگە قارىدى. چوڭ ئۆيگە بارسامۇ ئانامنىڭ دائىم دەيدىغىنى مۇشۇ گەپ. نۇرغۇن زىيارەت قىلدىم، ئاللاھ بەرمىسە نېمە ئامال؟ لەيلىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

قاۋۇل:
بىر ئوغلىمىز بولسىدى،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولسىدى.
بۆركۈت بولۇپ تاغلارنىڭ،
چوققىسىغا قونسىدى.

بىر ئوغلىمىز بولسىدى،
يېنىمىزدا تۇرسىدى.
ئېيىق كەلسە خىر قىراپ،
ئاڭا نەيزە ئۇرسىدى.

لەيلى:
بىر قىزىمىز بولسىدى،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولسىدى.
چوققىسىدا تاغلارنىڭ،
چوغلۇق بولۇپ ئۆسسىدى.

بىر قىزىمىز بولسىدى،
تاغدا تاقلاپ يۈرسىدى.
بوينىمىزدىن قۇچاقلاپ،
مەڭزىمىزگە سۆيسىدى...



— بىر بالىمىز بولسا قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولار ئىدى...

— مەنمۇ كېچە ـ كۈندۈز تىلەۋاتىمەن. شۇ تاپتا بىر ئەمەس ئون بالا بولسىمۇ باقالايمەن. ئادەمنىڭ جېنى بالا بىلەن ياشىرىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ قېرىماي مەڭگۇ مۇشۇ ياش پېتى تۇرمايمىز ـ دە؟! قولى ئىشقا يارىسا سىزنىڭلا ئەمەس مېنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقاتتى.

— نان ياققان چاغلىرىڭدا تونۇرۇڭغا شاخ تاشلاپ بەرسىمۇ ھېساب ـ دە. بىز مۇشۇ تاغدا كىم ئۈچۈن جاپا تارتىپ تەر ئاققۇزىۋاتىمىز؟ ئەلۋەتتە بالىمىز ئۈچۈن ـ دە. ئالىمادىس ئاغرىق تارتىپ قالساق « ئاياقنى ئاۋۇ ياققا ئېلىۋەت !» دېگىلى جىنىمۇ بولمىسا بۇ بولمىغىنى ـ دە.

— دېگىنىڭىز دۇرۇس.

— باچكىسىغا دان يېگۈزىۋاتقان قۇشلارنى كۆرسەممۇ بالىمىز يوقلۇقىدىن كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

شامال سايىنى، كۈنلەر ئاينى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. ئەمەلىيەتتە، بوۋاقنىڭ «ئىڭگە» دېگەن ئاۋازى ۋە شاد كۈلكىسىگە قاۋۇل بىلەن لەيلىلا ئەمەس تاغلار، تاغ باغرىدىكى جىمى مەۋجۇداتمۇ تەشنا ئىدى.



## ئىككىنچى باب

# ئاقساق بۆرە كۈچۈكى

## سىم ـ سىم يامغۇر

تاغنىڭ ئەتىيازدا باشلانغان يامغۇرلۇق سوغۇق ھاۋاسى تاكى كۈزگىچە داۋاملىشىدۇ. بۇنداق ھاۋا تىيىنلارغا جەننەت ھۇزۇرى ئاتا قىلىدۇ. شاختىن ـ شاخقا پىلىڭ ـ پىلىڭ سەكرەۋاتقان تىيىنلارنىڭ خىيالىغا تاغ ياڭىقى، قارىغاي ئۇرۇقىنى غاجاپ، چاقالمىغانلىرىنى يىراققا پىرقىرىتىپ ئېتىپ ئويناشتىن باشقا ھېچنېمە كىرىپ چىقمايدۇ.

قاۋۇل دادىسىنىڭ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ تاغ باغرىنى ھەركۈنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئېگىلگەن شاخلارنى تۈزلەيدۇ، شامالدا چۇۋۇلغان قۇش چاڭگىلىرىنى ھىملايدۇ. قەيەرگە مېۋىلىك كۆچەت تىكىش، قەيەرگە ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاش، قايسى شاخلارنى كېسىشنى



پىلانلايدۇ. ئەلۋەتتە بۇمۇ ئادەمنى چىپ - چىپ تەرلىتىپ، ھاردۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىدىغان ئەمگەك، لېكىن بۇ قاۋۇلغا «ئەھھە»! دەپ يۆتەلگەنچىلىكلا بىر ئىش.

لەيلى بولسا چېلەكنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ ياغاچ ئۆي كەينىدە موزىيىنىڭ تېنىنى نەمخۇش تىلىدا يالاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن مۆرىگەچ كۆشەپ يېتىۋاتقان كاللارنىڭ يېنىغا بارىدۇ-دە، يەللى تۇلۇمدەك يوغان ئىنەكلەرنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ساغىدۇ. لىق سۈتكە تولغان چېلەكنى ئېھتىيات بىلەن كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ قايمىقىنى ئايرىم ئاياققا ئېلىپ قويۇپ، سۈتنى سۈزمە قىلىدۇ. قۇرۇپ قالغان ئىرغاي، تېۋىلغا تاللىرىنى يىغىدۇ. كۈنلەر شۇ يوسۇندا مەشرىقتىن چىقىپ مەغرىبكە ئايلىنىپ ئۆتىدۇ.

— نېمە قىلىۋاتىسەنوي، — دېدى قاۋۇل كېيىملىرىنى قېقىشتۇرغاچ كىرىپ كېلىۋېتىپ.

— ياستۇق كەشتىلەۋاتىمەن.

— ئوھوي، قولۇڭ گۈلكەن ئەمەسمۇ خوتۇن؟ قاۋۇل ئايالىنىڭ بىر جۈپ قۇشقاچنىڭ شاختا بىر - بىرىگە قاراشىپ سايراۋاتقان كۆرۈنۈشى كەشتىلەنگەن ياستۇقنى ئېلىپ سۆيۈنۈپ دېدى، — بۇ نېمىنىڭ تەييارلىقى ئەمدى؟

— ھېچنېمىنىڭ. ئۆيدە ئولتۇرۇپ قىلغىلى ئىش تاپالماي ئىچىم سىقىلىپ كېتىدىكەن. يا دالىلارغا مېنى بىللە ئېلىپ بارمايسىز؟



— سېنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن، دەيمەن خوتۇن.

ئۆيدە ئولتۇرۇپ سۇرگەن راھەت ياراشماپتۇ ـ دە ساڭا. بو ـ لىدۇ، ئەتىدىن باشلاپ مەن بىلەن بىللە تاغ ـ قاپتاللارغا بار. تاغ كەينىدە يەنە نېمىلەرنىڭ بارلىقىغا نەزەر سال.

لەيلى ئەمدى ئەتىدىن باشلاپ قۇشلار، گۈللەر، دالالار، جىرا، كۆللەر بىلەن ئەركىن پاراڭلىشالايدىغان بىر خىل سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا پىسسىڭىدە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئەتىسى قاۋۇل ئۇنى يانباغرى سوزۇلۇپ كۆزلەككە تۇ ـ تىشىپ كەتكەن چەكسىز دالاغا باشلاپ كەلدى.

— بۇ يەرنى يېتىم بالىدەك تاشلاپ قويماي قاراقات، مالىنا، گىلاس، تاغ ئالمىسى ئۆستۈرەيمىكىن دەيمەن. ئاڭلىسام بۇ نەرسىلەر شەھەردە خېلى پۇلغا يارىغۇدەك.

— ئۇنداق ئويىڭىز بولسا جېنىم بىلەن ياردەملىشە ـ مەن، بۇيەرگە سۇ كېلەمدۇ؟

— ئەنە، يامغۇر سۇغىرىدۇ. تاغدا سۇدىنمۇ ئەنسىرەم ـ دۇ كىشى. ئەتىيازدا قاپتالغا ئۇرۇق چېچىپ قويۇپ كۆزدە ھوسۇلىنى يىغىپ كېتىدىغان خەق كۆرمىدىڭ جۇمۇ؟ سۇ بولمىسا ئۇلار شۇنداق قىلالامتى...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەرلەرنى تۈزلەپ تېرىمغا كىر ـ گۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

## ھاڭدا ئىڭراۋاتقان نېمە؟



قاۋۇل ئايالى لەيلى تەييارلىغان سۈتلۈك چايدا ناشتا قىلىپ ئەمدى سىرتقا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ئاتىنىڭ پۇش ـ

قۇرغىنى، ئاندىن ئىشىكنىڭ يەڭگىل ئۇرۇلغان تاك ـ تاك ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ كىمۇ؟

ـــ مەن نۇردۇن داداڭ، بالام.

قاۋۇل يۇگۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بالام.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىزنى بۇ يەرگە قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، نۇردۇن دادا؟

ـــ تاغ شامىلى بولمامدۇ، ئۇزۇن بولدى بىزتەرەپلەرگىمۇ ئۆتمىدىڭ. تاغ شامىلىنى يېگەچ سىلەرنى يوقلاپ كەلدىمغۇ؟ قانداق بوپتۇمۇ، قارشى ئالامسىلەر؟

ـــ بۇ قانداق گەپ ئۆزى، قارشى ئالمامدىغان، جېنىمىز بىلەن قارشى ئالىمىز. سىزنىڭ تاغقا بىزنى يوقلاپ كەلگىنىڭىز بىزنىڭ ئامەتىمىز. ئىلگىرى پات ـ پات كېلىپ دادام بىلەن مۇڭدىشىپ بىر ـ ئىككى كۈن قونۇپمۇ كېتەتتىڭىز. ئەمما، يېقىندىن بېرى كەلمەس بولۇۋالدىڭىزغۇ ـ تاڭ؟

ـــ ياش زورايغانسېرى پۇت ـ قولدا ماغدۇر كەم بولىدىكەن. ھازىر ئارمان بار، ئارمانغا چۇشلۇق دەرمان يوق بالام.

ـــ لەيلى، قېنى نۇردۇن دادامغا قايماق چاي.

ـــ چاي ئىچىپ كەلدىم بالام، ئاۋارە بولماڭلار.

ـــ ئۇ كونا تۇگمەندە سىزگە چاي تەييارلاپ بېرىدىغان كىم بار ئىدى، تارتىنماڭ بولدى.





لەيلى هورى ئۆرلەپ تۇرغان سۈت چاينى ئاۋايلاپ نۇردۇن بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدى.

— توي قىلىپ يىغلاڭغۇ قىلىقلىرىڭ قالغاندۇ، — هە بالام!

— بالىلىق دىگەندە ئاشۇنداق كۈلۈپ، يىغلاپ ئۆتىدىكەنمىز، بوۋا. ئۇنداق قىلىقلار قالغىلى نەۋاق.

لەيلى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلىشىدىغان سىرلىق پاراڭلىرىدىن مەڭدەپ قالدى. نۇردۇن بوۋاي قاۋۇل بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ئاشۇ گېپىنى تەكرارلاشنى ئۇنتۇمايتتى. بوۋاينىڭ دەۋاتقىنى قاۋۇلنىڭ يەتتە ياش چاغلىرىدا بولغان ئىش ئىدى.

نۇردۇن بوۋاي خۇرجۇنىنىڭ ئىككى پېيىغا لىققىدە ماش - ئارپا قاچىلاپ ئېشىكىنى خىت - خىتلاپ بۇ تاغلىقلارنى يوقلاپ كەلدى. بوۋاي هاسىراپ- هۆمىدەپ تاغ قاپتىلى، قىلىچ بىسى جىلغىلاردىن ئاران دىگەندە ئۆرلەپ ياغاچ قورۇ ئالدىغا كەلگەندە قاۋۇل دادىسىغا ئېسىلىپ قەغىشلىك قىلىۋاتاتتى.

— دىگىنىنى قىلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ هوي، بالىنىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرۈمەي؟ — دېدى نۇردۇن بوۋاي غەنى مەرگەنگە.

— تۆگىدەك تۇرۇپ ئاۋۇ ئۆچكىنى ئېمىمەن دەۋاتسا، ماقۇل دەيمۇ ئەمىسە؟ — دېدى غەنى مەرگەن بالىسىنى تارتقۇشلاپ.



— ئېمىمەن، ئېمىمەن. ئاۋۇ ئوغلاق ئەمسە بولىدى-

كەن، مەن ئەمسەم بولمامدىكەن؟

— ئۇ ئوغلاق، سەن ئادەم.

— ئۇمۇ كىچىك بالا، مەنمۇ كىچىك بالا. ياق، ئېمىسمەن.

— ئۆچكە سۈتى ئۇستىخان يارىدۇ. زىيان قىلمىغاندىكىن ئەمگۈسى بولسا قويىۋەر ئەمسۇن، — دېدى نۇردۇن بوۋاي ئويۇن كۆرمەكچى بولۇپ .

— ئۆچكە ئۆزىنىڭ ئوغلىقىنى دەپ قاۋۇلنى تېپىۋېتەرمىكىن؟

— قاراپ باقمايلىمۇ؟

— ئاناڭنىڭ سۈتىنى ئېمىپ تويمىغان بولساڭ ماۋۇ ئۆچكىنىڭ تۆت مەممىكىنى ئېمىپ تويە مانا. غەنى مەرگەن قاۋۇلنى قويىۋەتتى. قاۋۇل ئوقتەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆچكىنىڭ چاترىقىغا كىرىپ يۈزىگە تەگكەن بىر توپچىنى كۆچىنىڭ بارىچە شوراپ ئېمىشكە باشلىدى. ئىشلارنىڭ چاقماق تېزلىكىدە بۇنداق تېز يۈز بېرىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ئۆچكە ئۆزىنىڭ بالىسىغا پەقەت ئوخشىمايدىغان يات بىر «ئوغلاق» نى كۆرۈپ ياتسىرىغاندەك ئالدىغا نەچچە قەدەم سۈرۈلدى. قاۋۇلمۇ ئۆچكىنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئالدىن پەملىۋالغاندەك يېنىچە ئۆمىلەپ مېڭىپ يەنە ئۆچكىنىڭ چاترىقىغا كىردى. بۇ ھەرىكەت ئۇدا بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. قاۋۇل ئۆچكىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپ قويدىمۇ، نېمىسى نېمە بولدى، بىر چاغدا قاس قىلغان بىر تېپىك بىلەن قاۋۇل كەينىگە تويۇ-

تەك ئۇچۇپ چۈشتى.

— ۋايجان، ۋاي زاڭقىم. پەسەندە ئۆچكە خەپ، ھۇ... ھۇ... ھۇ... ئۆچكىنىڭ ئاچىماق تۇيىقى ھەش - پەش دېگۇچە قاۋۇلنىڭ ئوڭ مەڭزىدە مۆھۇردەك قىپقىزىل ئىز قالدۇرۇپ ئۇلگۇرگەن ئىدى.

— قانداق بالا سەنوي، — دېدى غەنى مەرگەن يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ، — ئۆچكىنى ئەمدۇرمەسەممۇ يىغلىساڭ، ئەمدۇرسەممۇ يىغلىساڭ...

بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ لەيلى ئېغىزىنى تۇتۇۋېلىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ كۈلگەندە سەدەپتەك چىشلىرى پارقىراپ كەتتى.

— مەندىن خىجىل بولۇپ بۇ گەپلەرنى ئەجەب دېمەيتىكەنسىز؟ تۇۋا، مېنىڭمۇ بىلگەندەك سىزگە كۈندە سۈت قاينىتىپ ئىچۈرگىنىم...

قاۋۇل دادىسى ھەققىدە كۆپرەك بىرنەرسە بىلىۋېلىش ئۈچۈن نۇردۇن بوۋايدىن ئۇنى - بۇنى كوچىلاپ سورايتتى.

— داداڭ رەھمەتلىك ياش چاغلىرىدا يىراق - يېقىنغا نامى پۇر كەتكەن ئۇستا ئوۋچى، مەرگەن ئىدى. قولىغا بەشئاتارنى ئېلىۋالسا ئوۋچىلىقىنى قوي بولدى، تۆمۈرنى تات - تاتلىتىپ سايرىتىپ، تامغا ئىسمىنى چىرايلىق، كۆركەم يېزىۋېتەتتى.

— ۋاھ! شۇنداقمۇ؟



— كەچ كۈز، يايلاقنىڭ ئوتلىرى سارغايغان، تاغلار -

دىكى قارىغاي، قېيىن، ئارچىلار ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت قار چۈشكەن. كۆزلەكلەردە توشقان، قىرغاۋۇل، كەكلىك، بۆدۈنىدىن باشقا ئوۋ يوق، ماراللار پەستىكى شىۋاق، چىغلار قاپلىغان كۆزلەكلەرگە كۆچكەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە داداڭنى يوقلاپ كەلسەم، يىراقلارغا نەزەر سالغان پېتى خىيالچان ئولتۇرىدۇ. شۇ چاغدا ئۈچ تەرىپى تىك قىيالىق قورام تاش ئۈستىدە مۈڭگۈزلىرى رەگەتكە ئاچىسىدەك تىك، ئۆكۈز قۇيرۇقىدەك توم، ئارا دەستىسىدەك ئۇزۇن، ساقاللىرى بېدىدەك ساڭگىلاپ سىلكىنىپ تۇرغان بەستلىك، سېمىز بىر تاغ تېكىسى تۇيۇقىدىن چاقماق چاچرىتىپ بىزگە قاراپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ تاغ تېكىسى ئوق سېغىنىپ تۇرۇپتۇ. بول، مىلتىقىڭنى ئوقلا، — دېدىم.

— ياشلىقىمدا ئوۋ ئارغامچىسى مېنى ئۆزىگە مەھكەم چىرماپ بۇ تاغلارغا ئەكەلدى. ئۇزۇن بولدى مىلتىقمۇ تۇتمىدىم. مىلتىققا كۆنگەن قولۇڭنى كەتمەنگە كۆندۈرمەك تەس ئىكەن. بۇنداق ئوۋدىن نەچچە مىڭنى قولدىن بېرىپ قويغاندىمەن. ھازىر بار زېھنىمنى مۇشۇ تاغلارنى كۆكەرتىشكە قارىتىۋاتىمەن. بەلكىم ئۇلارمۇ مىلتىقسىز تۇرقۇمغا قاراپ ئەجەبلىنىۋاتقان بولسا كېرەك، — دېگەنىدى داداڭ. مانا، بالام سەنمۇ داداڭنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتىسەن. بوۋاي ئېغىر خورسىنىپ قويدى. بۇ خورسىنىشتا ئېغى يوق ئىشتان كىيگەن چاغدىن تارتىپ بىللە ئوينىغان قەدىناس دوستىنى ئۈنسىز سېغىنىۋاتقانلىقى

چىقىپ تۇراتتى.
ئاشخىچە لەيلى ئارپا ئۇنىدا ئوخشىتىپ ئەتكەن لەغ-
مەننى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويدى.
— ئەيىبكە بۇيرۇماي يەرسىز نۇردۇن دادا، تاغدىن
تېپىلىدىغان كۆكتاتلار بىلەنلا ئەتتىم.
— پۇرىقىدىنلا ئوخشىغانلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ مانا،
جۇۋاپسىز قىزىم...
ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن نۇردۇن بوۋاي
ئۆزىنىڭ سۇ تۇگمىنىنى كېڭەيتمەكچى بولغىنىنى، شۇڭا
نو بولغۇدەك ئىككى دانە ياغاچقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.
— ياغاچ سىزدىن ئايلانسۇن. خالىغىنىڭىزنى ئې-
لىڭ، — دېدى قاۋۇل.
— نۇردۇن دادامنىڭ قىزىق پاراڭلىرىغا بەكلا ئامراق
بولۇپ قالدىم. مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە باراي، — دېدى
لەيلى ئۇلار سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلگەندە .
— بولىدۇ، يۇرۇك قىزىم. تاغنىڭ، سىزنىڭ بەرگەن-
نىڭىزنى ئالىمەن. ۋاھ، بۇ ئېدىرلار مېۋىلىك باغنىڭ
ئۆزىلا بوپتىغۇ. تاغقا كەلمىگىلى ئۇزاق بوپتىكەن، كۆز-
لىرىمگە ئىشەنمەيلا قېلىۋاتىمەن جۇمۇ؟. ئوغۇل بالا دې-
گەندىچۇ قولىدىكى تەمەچنى چىنارغا ئايلاندۇرىدىغان خا-
سىيەت بولىدۇ. رەھمەت، قولى گۈل بالام. بىكار يۇرمەي-
سەن، داداڭنىڭ روھىنى خۇش قىپسەن. قارىغاي - ئار-
چىلار بۇنداق ئېگىز ئۆسۈۋەرسە ئاسمانىنى تېشىۋېتەمدۇ-
نىمە؟ نۇردۇن بوۋاينىڭ قولىنى سايىۋەن قىلىپ كۆككە



تىكىلگەن كۆزلىرى ھېچ تالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تاغ
چوققىسىدىن نەگە قارىسا ياپيېشىل يايلاق كۆزگە چېلى-
قاتتى. تاغدا قاپقانلىرىڭ يوقتۇ؟ بىلىپ - بىلمەي دەس-
سىۋالماي يەنە.

— يوق. ھەممىسى ئۆز نېسىۋىسىنى يەيدۇ. ئۇلارنى
قوروپ نېمە قىلىمەن.

— سېنى ھېچبىر ئوۋچى سىياقىدا كۆرمىگىنىم بى-
كار ئەمەسكەن - دە، بالام؟

— كىچىكىمدىن ئانام قازالاپ يېتىملىكتە ئۆتكەچكە
قان تۆكىدىغان ئىشلارغا تازا رايىم يوق.

— يارايسەن، دادىسىنى دورىغان يىگىت. ئۇردۇن بوۋاي
كۈلۈمسىرىگىنىچە قاۋۇلغا باش بارمىقىنى چىقىرىپ
قويدى.

ئۇلار نوغا يارىغۇدەك يوغان ياغاچلارنى ئىزدەپ بىر-
چاغدا جىلغا قىسىلچىقىدىكى پىچاق بىسىدەك تىك ھاڭ
يېنىغا كېلىپ قالدى.

— ئاڭلاڭ، — دېدى لەيلى قاۋۇلغا، - ھاڭدا بىر
نەرسە ئاجىز ئىڭراۋاتقاندەك قىلامدۇ- نېمە؟

— قارىغاي شاخلىرىدىكى تىيىنلار كىسىلداۋاتىدۇ تا-
يىنلىق. بۇنداق ئاۋازلارنى مەن دائىم ئاڭلاپ تۇرىمەن.
مېڭىۋېرەيلى، يولىمىزدىن قالمايلى، — دېدى قاۋۇل
پەرۋاسىزلا.



— ياق، ئوبدان تىڭشاڭە... بۇ تىيىنلىرىڭىزنىڭ
كىسىلدىغان ئاۋازى ئەمەس. لەيلىنىڭ تىت - تىتلىق چى-

قىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ قاۋۇل نائىلاج دۇم يېتىپ قۇلىقىنى يەرگە چاپلىدى. دەرۋەقە قاراڭغۇ چوڭقۇر ھاڭ تېگىدىن ئاجىز، ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان بىر ئاۋاز كەلدى.

— ھاڭغا ئېھتىياتسىزلىقتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن جەرەن - كېيىكنىڭ بالىسىمىكىن. بۇنداق ئىشلار تاغ دېگەندە پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. بولدىلا، يولىمىزدىن قالمايلى.

— ئۇنداق قىلمايلى. جەرەن - كېيىك بالىسىمۇ دەيلى. ئۇمۇ ئوخشاشلا بىر جاننىڭ ئىگىسىغۇ. قاراپ تۇرۇپ قۇتقۇزمىساق ئىگىمىز ئالدىدىمۇ گۇناھكار بولۇپ قالىمىز، بولىغە تېز.

— بۇ ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولساق نۇردۇن دادام كەچ قالىدۇ.

— كەچ قالسا قونۇپ قايتىمامدۇ، شۇنداقمۇ نۇردۇن دادا؟

— بول بالام، قۇتقۇزايلى. يورۇق دۇنيادا ياشاش ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ ئارزۇسى. ئۇ پارىڭىمىزدىن ھىدىمىزنى ئېلىپ بىزدىن پاناھلىق تىلەۋاتىدۇ. جاننىڭ ئىشى مۇھىم، — دېدى نۇردۇن بوۋاي چىشسىز قوۋۇزىنى مىدىرلىتىپ.

— ئارغامچا.

— مانا. بوۋاي دەل مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ياغاچ باغلىغىلى ئەكەلگەن يۇڭ ئارغامچىنى دولىسىدىن شىپپىدە سىيرىپ قاۋۇلغا ئۇزاتتى. قاۋۇل تىت - تىت



بولۇپ بارمىقىنى چىشلەپ تۇرغان لەيلىگە لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، ئارغامچىنى بىلىدىن ئايلاندۇرۇپ مەھكەم چىگىپ، پۇختىلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھاڭغا ئېگىشتى. ھاڭ ئېغىزىنىڭ سەل يانتۇ لېۋىنى تېپىپ كۆزىنى يۇمدى ـ دە، دۇمبىسىنى ھاڭ تېمىغا چاپلاپ ئۆزىنى پەسكە سىيرىلدۇرۇپ قويۇۋەتتى. يامغۇر ـ مۆلدۈرنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن بۇنداق ھاڭلار تاغدا قەدەمدە ئۇچرايتتى. بىر ھازادىن كېيىن بوۋاي ئېگىشىپ پەسكە قارىۋىدى ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، پەقەت قاۋۇلنىڭ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ يانغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ ئەمدى ئارغامچىنى تارتىڭلار.

بوۋاي بىلەن لەيلى ئارغامچىنى كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى. ياشانغان بوۋاي بىلەن بىر ئايال كىشىنىڭ تاغدەك تەمبەل بىر ئەركەكنى چوڭقۇر ھاڭدىن تارتىپ چىقىرىشى ئۇنچە ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇلار ھەرقېتىم كۈچەپ تارتقاندا گۈرەن تومۇرلىرى باش بارماقتەك كۆپەتتى. ئارغامچا قىرلىق تاشلارغا سۈركىلىپ قىيىلاتتى. ئالاھازەل ئىككى چۆگۈن چاي قايناملا ئاندىن قاۋۇلنىڭ بېشى ھاڭ يۈزىدە كۆرۈندى. ئۇنىڭ كىيىملىرى ئىت تالىغاندەك تىتىلغان، يۈز ـ قوللىرى مۈشۈك مورلىغاندەك سۈرۈلگەن، چاچلىرى كىگىزچى يۇڭ ئاتقاندەك پاخپايغان ئىدى.

ـــ تووۋا بالام، بارچە تاغنى يۇدۇۋالغاندەك نېمانچە ئېغىر سەن؟ تارتىپ چىقىرالماي لەيلى بىلەن ھاڭغا كەينىڭدىن موللاق ئاتقىلى قىل قالدۇق.



— مېنىڭ قىينالغىنىمنى دېمەيسىلەر تېخى. ھاڭنىڭ تاملىرى تىك، سىيرىلما ئىكەن. بىرقانچە يەرگە تىرەجەپ ئېسىلىپ باقتىم. تۇتقۇدەك، پۇت قويغۇدەك يەرلىرىمۇ يوق. ئۈستۈمدە پەقەت تونۇر ئورنىدەك چەمبەرسىمان بوشلۇقتىن ئاسماننىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوي ئۈچىيىدەك ئەگرى- بۈگرى، تارچۇق ھاڭدا ئېڭىشمەكمۇ تەسكەن، — دېدى قاۋۇل كىيىملىرىنى قېر- قىشتۇرۇۋېتىپ. ئوماق بىر كۈچۈك قورققىنىچە تۈگۈلۈپ ئاجىز ئىڭراپ: «ھاڭدا غىڭشىغان مەن ئىدىم» دېگەندەك ئۇنىڭ قوينىدىن ئالمىچىلىك بېشىنى چىقىرىپ تۇراتتى.

— ئىتنىڭ كۈچۈكى ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى لەيلى ئۇنىڭ بېشىنى مېھىر بىلەن سىلاپ.

— تاغدا ئىت كۈچۈكى نېمە قىلىدۇ؟ ئانىسىدىن ئاي- رىلىپ قالغان بۆرە كۈچۈكى ئىكەن.

— نېمە، بۆرە كۈچۈكى، — لەيلى خۇددى قاۋۇلنىڭ قوينىدىكى كۈچۈك بىردىنلا زورىيىپ ھاپىلا قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدىغاندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— مانا، ئۇنىڭ يىكتەك بىر جۈپ دىڭ قۇلاقلىرى، كۆكۈچ كۆزلىرىدىنلا بۆرە كۈچۈكى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرمامدۇ؟

— بىچارىنىڭ سول قۇلىقى تىلىنىپ كېتىپتۇ. بى- چارە كۈچۈكنىڭ بېشىغا نېمە كۈلپەت كەلگەندۇ؟ ئەمدى ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ ئەڭ ياخشىسى ئانىسىنى تېپىپ



بىرنۋېتەيلى.
— بۇ تاغقا بۆرىلەر ئېزىپ ـ تېزىپ كېلىپ قالمىسا جىق ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بەلكىم بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. مۇشتۇمدەك بىر جان ئىگىسىنى باغرى تاش ـ لىق قىلىپ قانداقمۇ تاشلىۋەتكىلى بولسۇن، بېقىۋالايلى.
— ئۇنى بېقىۋېلىپ نېمە قىلىمىز؟ يوغىنىغاندا ئا ـ لىمادىس...
— ھەمراھ بولىدۇ. خاتىرجەم بول خوتۇن، بۆرە مې ـ ھىر ـ مۇھەببەتنى، ياخشىلىقنى ئەڭ بىلىدىغان ۋاپادار ھايۋان. قارا ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك يىغلىغىنىنى. ياخشى كۆندۇرسەڭچۇ، تاغنىڭ قاراۋۇلى بولىدۇ. مانا نۇردۇن بوۋامنىڭ ئايىغى يارىشىپ بىر كۈچۈكلۈك بولۇپ قالىدى ـ غان بولدۇق ـ دە. نۇردۇن بوۋام نوغا ياغاچ دەپ كەلمىسە بۇ بىچارە كۈچۈك ھاڭدا ئاچ قېلىپ ئۆلەتتىكەن. ھېلىمۇ ياخشى تەلىيى بار ئىكەن. نۇردۇن بوۋامغا رەھمىتىڭنى ئېيت مورۇق كۈچۈك.
— ھوي، بۇ قۇرۇق ئۇستىخانلىغۇ؟ نېمانچە ئورۇق. كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ كېتىپتۇ.
— ھاڭغا چۈشۈپ كەتكىلى ئۈچ ـ تۆت كۈن بولغان ئوخشايدۇ. بىر پۇتىنى ئاۋايلايدۇ.
— پۇتى سۇنۇپتىمۇ ـ نېمە؟



## ئۆيىمىزگە كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟

كېتەرلىك ياغاچنىڭ ئېپىنى قىلىۋالغان نۇردۇن بوۋاي پەيت تېپىپ يېقىنلىرىنى باشلاپ كېلىپ ياغاچنى كېسىۋالىدىغانغا كېلىشىپ قايتىپ كەتتى. قاۋۇل قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەپ كىرپىدەك تۈگۈلىۋالغان بۆرە كۈچۈكىنى كۆتۈرگىنىچە لەيلى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

لەيلى تىترەپ تۇرغان كۈچۈكنى تېخى چوغلىرى ئۆچۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئوچاق ئالدىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. قورساقلىرى تارتىلىپ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان كۈچۈككە ئىسسىق ئۆتكەندىن كېيىن تىترەشلىرى، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان غىڭشىشلىرىمۇ توختىدى. لەيلى يېڭى ساغقان سۈتنى بىر قاچىغا قۇيۇپ كۈچۈك ئالدىغا قويدى - دە بېشىنى سۈتكە تىقتى. ئېچىرقاپ كەتكەن كۈچۈك بىر دەم ياتسىرىغاندىن كېيىن سۈتنى شالاپشىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. قاۋۇل كۆز جىيەكلىرى، كىرپىكىگە چاپلىشىپ تاشتەك قېتىپ قالغان چاپاقلارنى ئادالاپ، سۇنغان پۇتىنى نېپىز تاختاي - تارشىدا ئاۋايلاپ تاڭدى. بۆرە كۈچىكىمۇ بىر بالىدە، ئۇمۇ كۆيۈنۈشكە، مېھىر - مۇھەببەتكە تەشنا.

— بۆرە كۈچۈكلىرى ئوزۇق - تۈلۈك بىر قەدەر مول بولغان باھار بىلەن ياز ئارىلىقىدا تۇغۇلىدۇ. بۆرە كۈ-

چۆكىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى پۈتكۈل بۆرە ئائىلىسىگە بايرام خۇشاللىقى بەخش ئېتىدۇ. بۆرە كۈچۈكلىرى تۇغۇلۇپ ئون ئۈچ كۈنگىچە كۆزى ئېچىلمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بىر-بىرىگە مەھكەم گىرەلىشىپ ئىسسىق ئىنىدا ئۇخلايدۇ. ئادەتتە بىر ئىنىدا يەتتە - سەككىزدىن، ئون - ئون ئىككىگىچە كۈچۈك بولىدۇ، — دېدى قاۋۇل لەيلىگە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ.

— ۋاي - ۋۇي، سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز بەكمۇ كۆپكىنا. ئۇنداقتا بىرەر كۈچىكى يوقاپ كەتسە بۆرە ئانا بىلمەيدىكەن - دە؟

— ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى يوقاپ كەتسە بىلمەي قالامدۇ؟ بالىسىنى ئىزدەپ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئانىسى، دادىسى قانچىلىك بىئارام بولۇپ كەتكەندۇ.

— ئەلۋەتتە بىئارام بولىدۇ.

— جەينەكچىلىك تۇرغىنىغا قارىغاندا تۇغۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئوخشىمامدۇ؟

— يېڭى تۇغۇلغان كۈچۈكلەرنىڭ تۈكلىرى قىسقا، يۇمران، قېنىق قوڭۇر ياكى قېنىق كۈل رەڭ بولىدۇ. ئۇ رەڭلىرىنى تۈزەپ بوپتۇ. تۇرقىدىن ئىككى - ئۈچ ئايلىق بولغىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

— بۇلارنى سىزگە كىم دەپ بەردى؟

— كىم دەپ بەردى؟ يايلاقتىكى پادىچىنىڭ قايسىبىرى بۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنى بىلمەيدۇ. كەمىنىنى ئۇنچە كىچىك چاغلىماڭ جۇمۇ؟ ئۆزىدىن مەغرۇرلانغان هالدا



كۆڭلىكىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويدى قاۋۇل.

— ۋاي - ۋۇي، مۇنداقلا سوراپ قويسام ئېشىۋالدىڭىزغۇ ئەمدى؟

— نەدىكىنى... ئەتەي چېقىشىپ قويدۇم.

— بۇ كۈچۈك ئەركەكمىكەن، چىشىمۇ؟

— چىشى كۈچۈككەن.

— ئەمدى بۇنىڭغا بىر ئات لازىم بولدى - دە. نېمە دەپ چاقىرىمىز ئۇنى؟

— بۆرە دەپ چاقىرايلى.

— قاملاشمىدىغان بىر گەپ قىلىڭە. سىزنىمۇ «هوي ئادەم» دەپ چاقىرمايدىغۇ كىشى. ئاجىز كۈچۈكنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كۆڭلى بار. تىلىمىزنى بىلمەيدۇ دەپ، ئۇنىڭغا هاقارەت قىلسىڭىز بولمايدۇ.

— باشتا بېقىۋالايلى دېسەم «ياق»دەپ چىڭ تۇرغان خېنىم ئەمدى بىردەمدىلا كۈچۈك تەرەپكە ئۆتىۋاپسىزا.

ئەمەلىيەتتە، قاۋۇل لەيلىنىڭ كۈچۈككە مېھرىنى بەرگىنىدىن كۆڭلىدە سۆيۈنىۋاتاتتى. هېلىمۇ ئۇنىڭ قانچە يىلى مۇشۇ تاغلار بىلەن جىمجىت سىردىشىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇنىڭ خۇشاللىقى، غەم - قايغۇسىغا «مىياۋ» دەپ ئورتاقلىشىدىغان ئاسلىنىمۇ يوق ئىدى ئەمەسمۇ...

— هېلى كۈچۈكنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىگە هەۋەس قىلىپ، ئەجەب ئوسمىدەك كۆككەن دەۋاتامتىڭ، بولمىسا كۆككۆز دەپ چاقىرمايلىمۇ؟



— ھە، مانا، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا تازا ماس كەلگۈدەك، شۇنداق چاقىرايلى.

قاۋۇل، لەيلىنىڭ كۆيۈنۈپ بېقىشى بىلەن كۆككۆزنىڭ پۇتى ئاستا -ئاستا ساقىيىپ كەتتى. تۈكلىرى پارقىراپ سەمرىدى. ئۇ بارلىق شوخلۇقلىرىنى كۆرسىتىشكە دەل مۇشۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىر كۈنى قىل بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ كۈلۈمسىرىسە، بىر كۈنى قۇيرۇقىنى چىشلەپ چاقپەلەكتەك ئۆز ئورنىدا پىرقىرايتتى. يەنە بىر كۈنى بولسا ئادەمدەك ئۆرە بولۇپ ماڭاتتى. بۇنداق چاغلاردا لەيلى ئالىقىنىنى جۈپلەپ چاۋاك چېلىپ تېلىقىپ كۈلۈپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ كۆككۆز ئايدىن - ئايغا لىپ - لىپ يوغىناپ يېڭى - يېڭى شوخلۇقلىرى بىلەن ئۆيگە كۆنۈپ قېلىۋاتاتتى.

## قىزىمىز دۇنياغا كۆز ئاچتى

كونىلار بالا بالا مېھرىنى بېرىدۇ، دەپ راستىنلا بىكار ئېيتماپتىكەن. ھايىنى ھۇي، موزايىنى ئۇي دېگۈچە كۆككۆزمۇ ئۈچ قار بېسىپ تۈكلىرى پارقىراپ بوي تارتىپ خېلىلا چوڭ بۆرە سىياقىغا كىرىپ قالدى.

قاۋۇل مەيلى چارۋىلارنى يوقلىغىلى كۈزلەككە ماڭسۇن، ئورمانلارنى ئارىلاشقا قاپتالغا چۈشسۇن كۆككۆزنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكىنى ئەگەشكەن ئىدى. قاۋۇل قېنى قانداق

قىلىدۇ دىگەندەك بىر قېتىم كۆككۆزنى سىنىدى.

— ماڭ، ئارقاڭغا يان!

قاۋۇلغا ياندىشىپ يورغىلاپ كېتىۋاتقان كۆككۆز قاۋۇلغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ نېرى كەتتى-دە، تېرەك تۈۋىدىكى - چۆپلۈكتە سونايلىنىپ ياتتى.

— كاساپەت، چېقىشىپ قويسام پەيلىڭ يامانغۇ. مەندىن قىيالمايۋاتىسەنغۇ شۇ. كەينىمدىن يۈر.

قاۋۇل مۇشۇ كۈنلەردە بەك خۇشال، روھى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ. قىش، مۇشۇ قىش ئۆتۈپ كەتسىلا ئۇمۇ بىر بالىنىڭ دادىسى بولىدۇ. «قىزىق ئىش» دەيتتى قاۋۇل ئىچىدە، «شۇنچە يىللار بالا يۈزى كۆرۈشنى ئوتتەك ئارزۇلاپ كەلگەن بولسامۇ بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. لەيلىمۇ ماڭا چاندۇرمىغان بىلەن خىجىللىقىنى ئۆزى بىلىدۇ. مانا ئەمدى كۆككۆزنى بېقىۋېلىپ ئىشلار ئوڭغا تارتتى دېسە. ھەي، كۆككۆز، ھەي كۆككۆز، ئۆيىمىزگە ئايىغىڭ راستتىنلا ياراشتى جۇمۇ؟»

— بالىموي، تۈكۈرۈك يەرگە مۇز بولۇپ چۈشىدىغان بۇنداق سوغۇقتا ئىسسىق ئۆيۈڭدە ئوچاققا ئوت قالىماي نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

بوۋاينىڭ سۆزلىرى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى. قاۋۇل ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ نۇردۇن بوۋاينى كۆردى. ئاڭغىچە مۈرىسىگە خۇرجۇن ئارتىۋالغان بوۋاي ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كۆككۆز كېلىپ بوۋايغا يۇمشاق سۈر-



كېلىپ قويدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، قەدىمىڭىزگە مەرھابا.

— مۇنۇنى نېمە بىلەن باقتىڭ، — كۆككۆزنى بېشى بىلەن ئىما قىلدى بوۋاي، — كۆزنى غەلەت قىلىپ نەچچە كۈن كۆرمەستە ئاتتەك يوغىناپتىغۇ. بىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قارا ...

كۆككۆز: «مۇشۇلار ئوبدان باقتى، شۇڭا، مۇشۇنداق يوغىنىدىم» دېگەندەك بەدىنىگە ئوبدان بىر قارىۋېتىپ بوينىنى سوزۇپ، قىل بۇرۇتىنى لىكىلداتقىنىچە يېنىك ھۇۋلاپ قويدى.

— ئانىسىنىڭ سۈتىدىن ئايرىلمىغان كۈچۈكنى گۆش-ئوزۇققا كۆندۈرۈش ئۇنچە ئاسانغا توختىمىدى. دەسلەپتە سۈت، ئارپا ئومىچى، ئاندا-ساندا كالا-ئۆچكىلەرنىڭ بېغىر-بۆرەك، تال-جىگەرلىرىنى بەردۇق. كېيىن ئۆزى كەكلىك، قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان تۇتۇپ يېيىشنى ئۆگەندى.

— ماللىرىڭغا تەگمەيدىغاندۇ؟

— ياق، ياق. ئۇنىڭغا نېمىنى ئوۋلىسا بولىدۇ، نېمىنى ئوۋلىسا بولمايدۇ، ھايۋان-قۇشلارنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆگەتتىم. ئاخىرىدا ئۇ: «ئۇقتۇم» دېگەندەك ئالدى ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ھۇۋلاپ قويدى. ھازىرغا قەدەر ماللارغا بىرەر قېتىم ئالدىيىپ قارىغىنىنىمۇ كۆرمىدىم.



— بۆرە دېگەن ھامان بىر كۈنى ياۋايىلىقىنى قىلارمىكىن، دەيمىنا.

— ئادەتتە بۆرىلەر يارىدار بولغاندا، ئۆزىگە خەۋپ يەتكەندە ئاندىن ئادەمگە خىرىس قىلىپ قالمىسا، باشقا چاغلاردا چېقىلمايدۇ، بەلكى ئادەملەردىن قورقىدۇ. بۇ كۈچۈكنىڭ قەلبىگە مەن كىچىككىدىن باشلاپ ئۆز قەلبىمنى بىلەن خەت يازغاندىكىن ئۇنداق قىلماس. ئۇ تاغقا جىق خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. بوۋا، ئۆيگە مەرھەمەت.

— ئۇھ، ئىلگىرى ئۇنچە بىلىنمەيتتىكەن، نېمانچە ئېگىز تاغ بۇ، دېمىسىمۇ سىقىلىپ، پۇت-قوللىرىمدىكى ماغدۇرنى سىرىتۇۋەتتى. يۈر، بالام.

ئۇلار قىزغىن پاراڭلار بىلەن هويلا ئالدىغا كەلگەندە كۆككۆز قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتقىنىچە بېرىپ تۇمشۇقى بىلەن ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى. سىلىق، ئىنچىكە ئاۋازدا ئەركىلىگەندەك يېنىك - يېنىك تۆت - بەش قېتىم هۇۋلاپ قويدى. ئۆيگە مېهمان كەلدى دەپ بەلگە بەرگەندەك كالتە-كالتە هۇۋلىدى.

— ئەرمەك هايۋانلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىقلىرى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ جۇمۇ...

لەيلى سالام - سەھەتتىن كېيىن چاي تەييارلاشقا تۇتۇندى.

— هوي، كېلىن بالىنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ قاپتۇمۇ- نېمە؟ مۇبارەك بولسۇن قاۋۇل، — دېدى نۇردۇن بوۋاي كۆزلىرىدىن شادلىق نۇرلىرىنى چاچرىتىپ، — ئىلاهىم، داداڭدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك تاغ باتۇرى بولغايسەن، ئامىن. تاغنىڭ سوغۇق پەسلى ئۇزۇن بولىدۇ. بۆرەك



بىلەن يىلىككە سوغ ئۆتكۈزىۋالساڭ تۈگەشكىنىڭ شۇ. مەن سىلەرگە بۇنى بۇيرۇتۇپ تىككۈزۈپ ئەكەلدىم. مەندەك قېرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى مۇشۇكەن. بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە پىيما، قۇلاقچىلارنى خۇرجۇندىن چىقىرىپ قا-ۋۇلنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئېمانچە كۆپ...

— ئىككىڭلارغا بىر يۇرۇشتىن.

— جاپا تارتىپسىز بوۋا.

— كىم مېنى داداڭنىڭ قەدىناس، قىيامەتلىك ئاغىنىسى بولسۇن دەپتىكەن، دادا بولغۇچى بالىسىنى ئويلىمىسا بولامدۇ. كىيىۋېلىڭلار.

— رەھمەت.

لەيلى ھەش - پەش دېگۈچە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تاۋاق جەرەن گۆشىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— قېنى بوۋا، گۆشكە بېقىڭ. ھېلىقى ياغاچلارنى...

— كېيىن بىر پەيتى كەلگەندە ئۆكۈزگە سۆرىتىپ ئەكىتەرمەن.

باھار ئايتىپى تاغ باغرىغا ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچتى. يەر - جاھان ئىللىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ئىڭگە - ئىڭگە» دېگەن بوۋاقنىڭ يېقىملىق ئاۋازى پۈتكۈل تاغ - دالانى لەرزىگە سالدى. كۆلدىكى بېلىقلار پىلتىڭ - پىلتىڭ سەكرەشتى. قىرغاقتىكى ئاق قۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئىككى يانغا ئىرغاڭلىشىپ ئۇسسۇل ئويناشتى. ئارچا — قارىغاي شاخلىرى يېنىك تەۋرەندى.

سۇلار قىرغاقتا ئاپئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ دولقۇنلىنىپ ئاقتى. يايلاقتىكى ئاق - سېرىق چېچەكلەر ھۆپپىدە ئې-چىلدى. كېپىنەك، ھەسەل ھەرىلىرى ھاۋادا يەڭگىل قانات سىلكىدى. ئانىسىنى ئېمىۋاتقان تايچاقلار، موزىينى يالاۋاتقان كالىلار، بۆجىنىنى پۇراۋاتقان توشقانلار، كاك - كاك سايراپ چۈجىلىرىنى دانلىتىۋاتقان دوغداق، كەكلىك-لەر بۇ ئاۋازدىن شادلاندى.

سۇزۇك چىراي، قىيا قاش، بۇلاق كۆز، توغاچ مەڭز، ئويماق ئېغىز، جىنەستە لەۋ، نارچا بۇرۇن، چۆچۈرە قۇلاق بىر بوۋاق يورۇق دۇنياغا ئۆزىنىڭ مېھمان بولۇپ كەلگەن-لىكىنى جاكارلىدى. ئاتا - ئانا يۈرىكى ھاياجانغا تولدى.

ئاي دەي دېسە ئايدا داغ بار،
سۇزۇك چىراي ئايدا يوق.
كېپىنەكنى بىھۇش قىلغان،
بەرگى لالە - تاغدا يوق.

بىر «ئىڭگە» سى تاشنى ياردى،
تاغلار كەتتى قىمىرلاپ.
«باتۇر بالا» بولار دېدى،
قارىغايلار شىۋىرلاپ.

تاغ باغرىغا كەلدى ئاي،
ئەگەشتۇرۇپ يۇلتۇزنى.



مۆبارەكلەپ بوۋاقنى،
(قېشى قارا قۆندۆزنى.)

كۆن دەي دېسە قىلىچ بىسى،
كۆكۆچ نۆرلار كۆندە يوق.
قار - مۆزلارنى ئېرىتكىلى،
هارارىتى تۆندە يوق.

كۆن دەي دېسە، هارارەتلىك،
كۆكۆچ نۆرلار كۆندە يوق.
زىنىقىدىن يارالغان تاڭ،
سۆزۆك سۆدا، كۆلدە يوق.

مۆبارەكلەپ كەلدى كۆن،
تاغ خاقانى - بوۋاقنى.
باتۆرلارنىڭ باتۆرى،
شىر يۆرەكنى - ئوماقنى.

كۆن ئەمەستۆر، ئاي ئەمەس،
تۆغۆلغىنى بىر بوۋاق.
باتۆرلاردىن قېلىشماس،
ئوماق قىزچاق - گۆل سىياق.

قارلىق تاغدا ئاۋۆدى،
يەنە بىر قار لەيلىسى.



بۇنى كۆرۈپ قىزىغاي،
بال ھەرىنىڭ سەيلىسى.

ئېھ، ھايات، سەن ئۆزۈڭنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەملەرنى بىر بىرىگە چېتىپ مېھىر - مۇھەببەتلىك دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغان. ئەنە شۇ قۇدرەت - كامالىتىڭ بىلەن ئادىمىيلىك دۇنياسىنى ئەبەدىيلىككە ئۇزاتقان، ئەنە قارا، سېنىڭ مۇبارەك سوۋغىتىڭ بولغان ئوماق بوۋاققا، چىرايىدىن خۇشاللىق كۈلكىلىرى يېنىۋاتقان ياش ئانىغا. لەيلى قۇچىقىدىكى غەمسىز پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاققا قاراپ خۇددى ئۇزۇن يىللىق ھاردۇقى چىققاندەك مېھىرلىك تەبەسسۇم قىلاتتى. قاۋۇل خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايتتى. كۆككۆز بوۋاقنىڭ ئاۋازىدىن جانلىنىپ يېقىملىق ھۆۋلايتتى.

نۇردۇن بوۋاي بوۋاقنى كۆرۈپ مۇبارەكلەپ ئالقىنىنى جۈپلەپ قىزچاقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاسمانغا قاراپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بىر تۇمار پۈتۈپ كېلىپ قىزچاقنىڭ بوينىغا ئېسىپ ئىسمىنى لالە قويدى.

# كۆككۆز ئاچچىقىز سىزگە بەك ئامراق

قاچان لالە تۇغۇلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆككۆز قاۋۇل ھويلىدىكى تاش تام تۈۋىگە قۇرۇق پاخال - شاخلاردىن ئەپلىك قىلىپ ياساپ بەرگەن كاتەكتە ياتمايدىغان بولدى. مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچە ئىشىك تۈۋىدە ياتقىنى ياتقان ئىدى. بەزىدە ياغاچ ئاراشلىرىدىن ئۆي ئىچىگە — لالەگە مېھرىلىك قارايتتى. خۇشاللىقتىن قاۋۇلنىڭ ئالدىدا ئويناقلاپ گاھ ئۇنىڭغا ئۆرىدەپ ئېسىلىپ، ئەركىلەپ غىڭشىپ قوياتتى. ئاي ئۆتۈپ لالەنىڭ كۆزى سۈزۈلگەندە ئۇنىڭ دەسلەپكى «ئىڭگە - ئىڭگە» يىغىسىنىڭ «ۋىلىق - ۋىدلىق» كۈلكىگە ئايلىنىشى كۆككۆزگە ئالەمچە خۇشاللىق بەخش ئەتتى. بۇ خۇشاللىقتا ئەلۋەتتە قاۋۇل بىلەن لەيلىمۇ ئاۋاز قاتتى.

كۆڭلىدە: «قىزچاق پاتراق چوڭ بولۇپ دىك - دىك مېڭىپ كەتسە، بىللە تاغ باغرىنى ئايلىنىپ ئوينىسام» دەپ ئويلىغان كۆككۆز بىر كۈنى ئۆزى ئوۋلىغان ياۋا توشقاننى ئاۋايلاپ چىشلىگىنىچە قاۋۇلغا تەڭلىسە، بىر كۈنى دورىلىق ئوتلارنىڭ ئۇرۇقىنى يەپ توپتەك سەمرىگەن دوغداقنى ئۆيگە سىلىق ئىتتىرىپ: «بۇنى بوۋاققا پىشۇرۇپ بېرىڭ، يەپ تېزرەك چوڭ بولسۇن» دېگەندەك لالەنى ئىشارەت قىلىپ لەيلىگە ئۆزىتاتتى.

ــ قارا لەيلى، ــ دەيتتى قاۋۇل بۇنداق چاغلاردا، ــ قىزىمىزنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇشىغا كۆككۆز بىزدىنمۇ بەكرەك ئالدىراۋاتامدۇ ـ نېمە. بۇ گۆشى گۇپ ـ گۇپ دورا پۇرايدىغان ئەتىۋارلىق قۇش. پىشۇرۇپ قالساڭ بۆرەك، تال ـ جىگەرلىرىنى كۆككۆزگە بەر. ئۆز ئۆلجىسىغا ئۇمۇ ئېغىز تېگىپ باقسۇن.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن. قايسى كۈنى سىزگە تورۇسلاردا چاشقانلار كىتىرلايدىغان بولۇپ قالدى، كېچە ـ لىرىمۇ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، تۇزۇك ئارام ئالالمىدىم، ــ دېمىدىممۇ؟ بۇ گەپلەرنى كۆككۆز نەدە تۇرۇپ ئاڭلىغاندۇ، قانداق بىلگەندۇ دەيمەن، توۋا. ئەتىسى سىز ئورمانغا قو ـ رۇق شاخ تەرگىلى كەتكەندە هويلىغا لالەنىڭ يۆگەكلىرىنى يېيىۋېتەي دەپ چىقسام، كۆككۆز نېمىش قىپتۇ دەڭ، بۇ ـ لۇڭغا چاشقانلارنى بوغۇپ دۆۋىلەپتۇ. بەكمۇ هەيران قالدىم.

ــ قايسى كۈنى مەنمۇ ئۇنىڭ توختىماي ۋىلىقلاپ كۇلۇۋاتقان لالەگە ياغاچ ئاراشلىرىدىن قاراپ ئۆز ئورنىدا تۇرالماي تېپىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. تۇنۇگۇنكى قىلىقىنى دېمەيسەن. نەدىن تۇتۇپ ئەكەلگەندۇ، بىر كەك ـ لىك چۈجىسىنى. تۇمشۇقى بىلەن ئۆي ئىچىگە ئىتتىد ـ رىۋاتىدۇ. هەقىچان لالەنى ئويناسۇن دەمدىكىن...

دەرۋەقە، كۆككۆز لالەنىڭ تېزرەك چوڭ بولىشىنى تە ـ قەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بارا ـ بارا لالەمۇ كۈچۈككە ئۆگىنىپ كەتتى، كۈچۈكمۇ لالەگە بەك هېرىسمەن ئىدى.

# ئۈچىنچى باب

# يەر ئانادەك يىرىلدى

## تەبىئەت نېمانچە سىرلىقتۇ

شامالنىڭ تىلى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازى بىلەن: «مەن تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى، گۈل بەرگىنى سۆيەلەيمەن، دالىلاردا موللاق ئېتىپ ئەركىن ئوينىيالايمەن» دەپ توۋلايدۇ. گاھى ـ گاھى خۇشى تۇتسا يەڭگىل ئىسقىرتىپ ئادەمنىڭ يۈزىنى يەلپۈسە، غەزىپى كەلگەندە بورانغا ئايلىنىپ جاھاننى ۋەيران قىلىدۇ.

دېڭىزنىڭ تىلى بار. ئۇ قوينىدىكى جىمى جانلىقلارنى يەڭگىل تەۋرىتىپ ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ ئۇخلىتىدۇ. مېھرىلىك قولىنى دولقۇنغا ئايلاندۇرۇپ يۇزىنى سىلاپ ئويغىتىدۇ. «قوينۇمدا ئەركىن ئويناڭلار، دېڭىز دېگەن بىپايان...» دەپ ئانىلىق مۇھەببىتى بىلەن سۆيۈپ قويىدـ

دۇ. خۇشى تۇتسا يەڭگىل چايقىلىپ بۆشۈك بولغان بىلەن، غەزىپى تاشسا قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ تاشقىن ياساپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنى يالماپ يۇتىۋېتەلەيدۇ.

قار ـ يامغۇرنىڭ تىلى بار. قار قىشتا تەبىئەت قويىنىدا كاتتا رەسىم سىزىمەن دېسە، يامغۇر مەن يازدا ئاسمانىنىڭ سالامىنى ئېلىپ كەڭ باياۋان، چۆل ـ جەزىرىلەرگە يەتكۈزىمەن، دەيدۇ.

چاقماقنىڭ تىلى بار. ئۇ ئاي ـ يۇلتۇزلار يورۇتالمىغان ئۆڭكۈردەك قاراڭغۇ داللارنى مەن كۈچلۈك نۇرۇم بىلەن قېلىن بۇلۇتلارنى پارە ـ پارە يىرتىپ تاشلاپ تاڭ تەبەسسۇمىنى سوۋغا قىلىمەن، دەيدۇ.

قۇملارنىڭ تىلى بار. قۇملار ئۇشقىرتىپ بىز پۈت ـ قولسىزمۇ يىراق ـ يىراقلارغا بارالايمىز، بىرلەشسەك دۆڭ بولىمىز، چېچىلساق بىز يەنىلا قۇم بولىمىز. ئىنسانلار ئەزەلدىن بىزدىن ساۋاق ئېلىشنى ئويلاپ باقمىدى، دەۋاتقاندەك شىۋىرلايدۇ...

تاغلارنىڭمۇ تىلى بار. تاغلار ئۆزىنىڭ مېھرى بىلەن مۇنبەت تۇپراقتا ئېچىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان گۈللەرنى چوققىلىرىدا ئېچىلدۇرىدۇ. قارىغاي ـ قېيىن، ئارچا ـ ئېرەنلەرنى باغرىدا ئۆستۈرۈپ ئۆزىنىڭ پىداكارانە روھى ۋە سۇلماس ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، كائىنات ئانىسى بولمىش زېمىنىنىڭمۇ بەندە بىلمەس سېھىرلىك تىلى بار. سەن ئۇنىڭ يىلىكىنى سۇ ـ مۇرگەندە كۆلۈمسىرەپ بارلىق نازۇ ـ نېمەتلىرىنى تۆك ـ

سە، قاقشال دەرەخلەرنى چىچەكلىتىپ مېۋە بەرسە، قىۇي-نىغا چۆككەن ھەر بىر تال ئۇرۇقنى كۆكلىتىپ بولىۇق دانغا ئايلاندۇرسا، ئۇنى ئاچچىقلاتقاندا يەرنىڭ ئوقى بوشاپ دېۋىدەك قاتتىق سىلكىنىپ تەۋرىنىدۇ.

— بوۋا نېمىشقا يەر تەۋرەيدۇ؟

— موما، نېمىشقا يەر قاتتىق سىلكىنىدۇ؟

— يەرنى چوڭ بىر كالا مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ بالام. يەرنى كۆتۈرۈپ مۈڭگۈزى تېلىپ قالسا يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكىگەندە يەر تەۋرەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدىغان بوۋا، موماللىرىمۇ بار.

— قورسىقى ئاچقاندا ئۇ كالا مۈڭگۈزىدە يەرنى كۆتۈ-رۈپ تۇرۇپ قانداق چۆپ يېيەلەيدۇ؟ ھەيران بولۇپ، قۇش-قاچتەك ۋىچىرلىشىدۇ، باللار.

— ئۇ چۆپ يېمەيدىغان كالا.

— چۆپ يېمىسە قورسىقى ئاچمامدۇ؟

...

— يەرنى تەۋرىمەيدىغان قىلىپ مىقلاپ قويساق بول-مامدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا بالايىئاپەتلەرمۇ ئازىيارمىدىكىن-تاڭ.

— يەرنىڭ تىنچ ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماي تەۋرىگۈسى بارمۇ؟ يوق. جىم تۇرغان ھەرە كۆنىكىگە باللار شوخلىۇق قىلىپ تەمەچ تىققاندەك ئۇ يەر - بۇ يەرنى تەشكەندىكىن يەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسى بۇزۇلۇپ ئەسنىمەمدۇ.



— تاغلار بېسىپ تۇرمىسا يەرلەر ئاسمانغا ئۇچۇپ

چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەسنەيدىكەن.

— بۇ مۆجىزىلەر دۇنياسى. مۆجىزىلەر دۇنياسىدا سىرلىق ئىشلار جىق بولىدۇ......

قاۋۇل بىلەن لەيلى بارلىق مېھرىنى بېرىپ لالە ئىككى ياشقا تولدى. تاتلىق گۈگۈراشلىرى، چۈچۈك تىلى ياغاچ ئۆيلۈك قورۇنى، تاغ باغرىنى شادلىققا چۆمۈلدۈردى. لالەنىڭ تايتاڭلاپ مېڭىپ يۈرۈپ «ئاننا... داددا...» دېگەن سۆزلىرى ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاسمانغا يەتكۈزدى.

قاچان لالەنىڭ ئايىغى چىقتى كۆككۆز دۇمبىسىگە ئېسىلدۇرۇپ، قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ دېگۈدەك ئۇنى تايتاڭلىتىپ ماڭدۇرۇپ باشتا ياغاچ قورۇ ئەتراپىنى كېيىن قاپتال، كۇزلەكنى ئايلاندۇرۇپ ئوينىتىپ كېلىدىغان بولدى. ئۇ موزاي، ئوغلاقلار بىلەن بېشىنى سۈركۈشۈپ، يۈزلىرىنى يالىشىپ، تېنىنى پۈرشىپ ئوينىشاتتى. تورغاي، كەكلىكلەر يامغۇردىن كېيىن ئېچىلىپ كەتكەن قىزغۇچ گۈللەر ئارىسىدا پەيلىرىنى تازىلىغاچ گاھ كۆرۈنۈپ گاھ كۆرۈنمەي يورغىلاپ يۈرەتتى.

— ئاۋۇ ھاۋ - ھاۋمۇ، — دەيتتى بۇنداق چاغلاردا لالە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئۇلارنى كۆرسىتىپ.

— ياق، ئۇ كاك - كاك. كۆككۆز لالەگە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى ئىككى قولىنى قانات قىلماقچى بولغاندەك ياياتتى.

— يى - يى - يى...

لالە: «يىقىلىپ چۈشىسەن، ئۇنداق قىلما» دېگەندەك



ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئېغىزىنى ئۇشلىغىنىچە بېشى، قو-
لىنى تەڭ چايقايتتى.

كۆككۆزنىڭ لالەنى بۇنداق ئوينىتىشلىرىدىن دەسلەپ-
تە قاۋۇل، لەيلى تازا خاتىرجەم بولالمىدى. كۆككۆز لالەنى
دۈمبىسىگە ئېسىلدۇرۇپ ئېلىپ ماڭغانلىرىدا نەچچە قې-
تىم يىراقتىن تۈيدۈرماي ئەگەشكەنمۇ بولدى. كۆككۆزنىڭ
سەزگۈرلىكى، لالەگە بولغان مېھرىبانلىقى، كۆيۈنۈشلىرى
بارا - بارا ئۇلارنىڭ ئاسمىنىدىكى غەم بۇلۇتلىرىنى تارات-
تى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىنى قى-
لىدىغان بولدى. بۇ بىر جۈپ ئاچا - سىڭىلغا ئۇلارنىڭلا
ئەمەس تاغ باغرىدىكى جىمى جانلىقنىڭ ھەۋىسى كې-
لەتتى.

ئۇلار ئارزۇلۇق قىزىنىڭ خۇشاللىقىدىن سۆيۈنۈۋاتقان
غەمسىز كۆڭۈللىرىنىڭ بىرىدە تاغنىڭ نەچچە ئەسىرلىك خا-
تىرجەملىكى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بۇزۇلدى.

## قىزىمىز ئۆيدە يالغۇز ئىدى

سارغۇچ ئوت - چۆپلەرنى شاماللار يەڭگىل يەلپۈپ
ئۆتكەن كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە لالەنىڭ تۇيۇقسىز ئىچى
سۈرۈپ توختىمىدى. ئاتا - ئانا شوخ، ئوماق قىزىنىڭ
بىردىنلا جىمىپ كەتكىنىگە قاراپ قويغان تۇتقىنىنى
بىلمەي قالدى.



— بۇ يېقىن ئەتراپتا يا تېۋىپ - دوختۇر يوق. قانداق قىلىمىز؟ — دېدى قاۋۇل ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك تىت - تىت بولۇپ.

— نەچچە يىل ئالدىدا ئىنىم سۇباتمۇ مۇشۇنداق قىد - زىپ ئىچى سۈرۈپ هوشسىز ياتقاندا ئانام تاغدىن ئادەمگە - ياھ ئەكەلدۈرۈپ قاينىتىپ ئىچۈرۈپ ساقايغان. تاغدىن تاپقىلى بولسا ئىچۈرۈپ باقساقمۇ بولاتتى.

— بۇ گېپىڭنى بۇرۇنراق قىلمامتىڭ؟ قار لەيلىسى بار يەردە، ئۇ نەرسە تېپىلماي قالاتتىمۇ؟ يۈر، تېزدىن تې - رىپ كېلەيلى.

— مەن ئۆيدە قېلىپ لالەگە قاراي بولمىسا.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، بىز ئادەتتە قاپتالغا چۈشكەندىمۇ كۆككۆز قاراپ قالاتتىغۇ. ئىككى ئادەمنىڭ تۆت قولى بولىدۇ. بىللە بېرىپ كۆپرەك تېرىپ كەلمەي - لىمۇ. بىردەمدە كېلىمىز. بول، چاپسان.

بىر ئۇمىد ئۇلار قەلبىگە گۇلخان ياقتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى خىيالىدا ئادەمگىياھ ئۆسۈملۈكىنى تېپىپ قاينىتىپ ئىچۈرسىلا تاغ ئەركىسى بولغان شوخ قىزى لالە ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كېتەتتى. قىزى دىككىدە تۇرۇپ كەتسە ئۇلارنىڭ جېنى ياشىراتتى، پۇت - قولىغا قايتىدىن ماغدۇر كىرەتتى. ئۇلار مۇدۇرۇپ، قوپۇپ دې - گەندەك بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن پايانسىز كەتكەن ئې - گىز - پەس قار چوققىلىرى، مۇز دالاسى كۆز چاقنىتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى.



تەبىئەتتە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن تىلسىماتلار بېشارىتىنى ئالدىن بىلىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. دەل شۇ كۈنى، كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا يىراقتىن قىزغۇچ رەڭدىكى تۇمانلار توپى تاغ ئاسمىنىغا شىددەت بىلەن سۈرۈلۈپ كەلدى.

— ئىش چاتاق، تېز قايتايلى، — دېدى قاۋۇل لەيلەگە بۇرۇلۇپ.

— بۇنچە جىددىيلەشكۈدەك نېمە ئىش بولدى؟

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق قىزغۇچ تۇماننى كۆرمەگەن. يا بوران چىقىدۇ يا ئالەم تۇتىلىدۇ، تېز بول.

ئۇلار چوقۇم بىر شۇملۇقنىڭ يۈز بېرىشىنى تۇيۇپ، قول تۇتۇشقىنىچە تاغ چوققىسىدىن سىيرىلىپ پەسلەۋاتقاندا تۇتاش كەتكەن تاغ ئۈستىنى ئاللىبۇرۇن قىلىن قىزغۇچ تۇمان قاپلاپ بولغان ئىدى.

— قاۋۇل، مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. تۇيۇقسىز بېشىم قېيىۋاتىدۇ.

— سېنىڭ ئەمەس تاغنىڭ بېشى قېيىۋاتىدۇ، خوتۇن. ئەنە تاغ سىلكىنمەكتە، يانار تاغ پارتلىمىدىكىن دەپ قالدىم. بىز تۈگىشىدىغان بولدۇق. ئاھ، قىزىم.

— شۇم ئېغىزلىق قىلمىغە.

— راست دەۋاتىمەن، تاغدا چوقۇم بىر ئىش يۈز بېرىدۇ.

— ئېغىزىڭىزغا تاش.

— ھازىر بۇلارنى تالىشىدىغان چاغ ئەمەس، بول



چاپسان.

— ئاھ، يۈرەك پارەم، قىزىم لالە... لەيلى چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

بۇنىڭ قاۋۇل بىلەن لەيلىنىڭ تاغ باغرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پاراڭلىرى بولۇپ قېلىشىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرگەن دەيسىز؟

لەيلىنىڭ گەپلىرى قاۋۇلغا ئاڭلاندىمۇ، ئاڭلانمىدىمۇ بۇ نامەلۇم. شۇ چاغدا زېمىن سىلكىنگەندەك بولۇپ تاغ چوققىسىدىن قىزغۇچ قويۇق تۇمان چوغقا كۆمگەن غاز تۇخۇمى تۇيۇقسىز ئېتىلغاندەك تولغىنىپ - تولغىنىپ پۈرقىراپ چىقتى - دە، قاپقارا ئىس - تۈتەك بىلەن قوشۇلۇپ، ئاسمانغا كۈنلۈكتەك تەكشى يېيىلدى. تاغلار غەزەپلىك سىلكىندى. تاغ چوققىسىدىن پۈرقىراپ چىققان قىپ-قىزىل يالقۇن چار يىلاندەك تولغىنىپ، ئۇسسۇلچىدەك پىرقىراپ، ئەتراپقا چاچراپ كۆيۈپ ئاسمانغا ئۆرلەيتتى. بىردەمدە قىپقىزىل ئوت يالقۇنغا ئايلاندى. ئوت يالقۇنى ئالدىدا قارلىق چوققا نېمە، قىرغاقلىرىنى مۇز قاپلىغان كۆل، شارقىراتما نېمە؟ ھېچنېمە بولالمىدى. خۇددى بالا جىق ئۆيدە لىق ئېتىلگەن ئۇماچ پىتىقلاپ قازان گىرۋەكلىرىدىن ئەتراپقا تاشقاندەك، ئوت يالقۇنى ئىچىدە تاشلار سۇدەك ئېرىپ ئۇمۇ يالقۇنغا ئايلىنىپ پەسكە توپتەك دومىلاپ چۇشۇۋاتاتتى. قارىغاي - قېيىن، ئارچا - ئىرەنلەر گۈلدۈر - قاراس سۇنۇپ، كۆيۈپ ئوت يالقۇنى كەلكۈندەك تېز لا ئەتراپقا يامرىدى.



شىددەت بىلەن بېسىپ كەلگەن ئوت يالقۇنى قۇرىغان قاقشال دەرەخلەر يالقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك قوللىرىنى سوزۇپ قاۋۇل، لەيلىنى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز قوينىغا چىللاۋاتاتتى...

جاھان قىسمەتلىرىدە ئوخشاشلىق نېمە دېگەن كۆپ-ھە! غەنى باتۇرمۇ مۇشۇ تاغ باغرىدا ياشاپ تاغلار جېنىنى ئالغان. ئەمدى ئوغلى، كېلىنىنىمۇ يەنە مۇشۇ تاغلار...

## تاغلار مۇسىبەت ئىچىدە قالدى

... ... ...

تاغنىڭ ئەنسىز سىلكىنىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان لالە ئالاقزادە بولۇپ ئىچىنىشلىق چىرقىراپ يىغلىۋەتتى. تورۇستىكى تاۋادان، ئويۇقتىكى قاچا، ئىلگۈچتىكى ئۆرە ياقىلىق جۇۋا، كۇلۇڭدا شىڭىلداۋاتقان چۆگۈن ھېچبىر قولسىزلا تەۋرىنىۋاتاتتى، تۆكۈلۈۋاتاتتى، قىيسىيىۋاتاتتى. بېشى تۈيۈقسىز قايغان كۆككۆزمۇ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن لالەنىڭ ئويغانغىنىنى قاۋۇل بىلەن لەيلىگە خەۋەر قىلغىلى ئۇلارنىڭ تىنىقىنى پۇراپ ئوقتەك تېز چاپقان كۆككۆز ئىچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىدىن كۆزلىرى جامدەك يوغىناپ كەتتى. ئۇلار كەينىدىن بىرى شىددەت بىلەن

قوغلىغاندەك قاپتالغا ــ ئۆيى تەرەپكە قاراپ چىرايى تام-
دەك تاتارغان ھالدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چېپىۋاتاتتى.
قەدەمنى چوڭ ــ چوڭ چامدىشىدا بەلكىم قىزىمىزنى،
كۆككۆزنى بالدۇرراق كۆرەيلى، بىر ئائىلە بالدۇرراق جەم
بولسۇن دېگەننى ئارزۇ قىلغاندۇ. كۆككۆز دەھشەتلىك ئۇ-
لۇغ ئوت دولقۇنىنىڭ ئۇلارنى لەھەڭدەك قوغلاۋاتقىنىنى
كۆردى. بىر قەدەم، يېرىم قەدەم... ئاھ! بۇنداق چاغدا
ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ھەرقانداق تەتۇر پېشانە قۇشنىڭمۇ
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قاقشال كاۋاپقا ئايلىنىشى مۇ-
قەررەر ئىدى.

كۆككۆز پەقەت قاۋۇل، لەيلىگە يەڭگىل ھۇۋلاپ لالە-
نىڭ ئويغانغىنىنى دېمەكچى ئىدى. ئۇ ھۇۋلاپ بولغىچە
ئوت يالقۇنى بىردەمدە قارىغايدەك بەستلىك قاۋۇل، چوق-
قىلاردىكى شىۋىرغانلارغا بوي بەرمىگەن گۈلدەك مەغرۇر
لەيلىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. كۆككۆزنىڭ سەزگۈر بۇرنىغا
ھەش - پەش دېگۈچە كۆيۈۋاتقان گۆشنىڭ ھىدى ئۇرۇل-
دى. كۆككۆزنىڭ پۈتۈن جىسمى جالاقلاپ تىترىگىنىچە
ئوت چاقناپ تۇرغان غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئۆزىگە يامراپ
كېلىۋاتقان يالقۇنغا تىكتى. شۇ تاپتا قوللىرىنى كەڭ يې-
يىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئوت تاغنىڭ پايانسىز قاپتال-
جىلغىلىرىدا ئەمەس كۆككۆزنىڭ بىر جۈپ كۆكۈش كۆ-
زىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى.

قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى. قاراپ تۇرۇش ئۆزىنىڭ ئۆ-
لۈمىنى كۈتۈش دېگەنلىك ئىدى. تاغدا بۇنچە كۆپ جان-

لىقلار بار، دەپ ھېچكىم ئويلاپ يېتەلىگەن ئەمەس. ماگمىنىڭ پارتلىشى بىلەن جەرەن - كېيىك، ئارقار - قوتاز، تىيىن - توشقاندىن تارتىپ كەكلىك - دوغداق، قۇشقاچ - تۇز، چۈمۈلە - ئۆمۈچۈك، قۇرت - قوڭغۇزغىچە ھەممىسى ئۇچالىغانلىرى ئۇچۇپ، چاپالىغانلىرى چېپىپ، ئۆمىلەيەلىگەنلىرى ئۆمىلەپ بولسىمۇ جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئۇرۇش يىللىرىدىكى قاچاق ئەسكەرلەردەك قاچتى. جەرەن - كېيىكنىڭ پۇشۇلدىشى، ئارقار - قوتازنىڭ مۆرىشى، تىيىن - توشقاننىڭ كىسىلدىشى، شىپىر- شىپىر، دۇپۇر- دۇپۇر تۇياق تىۋىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتكۈل تاغ باغرىنى زىلزىلىگە سالدى. كىمنىڭ بۇنداق كۈچلۈك يالقۇندا كۆيۈپ كۈل بولغۇسى بار، ھېچكىمنىڭ. ھەممىگە جان تاتلىق.

دەۋرەپ كەلگەن يالقۇن كۆككۆزنىڭ تۈكلىرىنى چارلاپ، تاپىنىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. بىرخىل خەۋپ، ۋەھىمىنىڭ ئەمدى ئۆزى ۋە لالەگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن كۆككۆز بېشىنى كەينىگە بۇراپلا ياغاچ ئۆي تەرەپكە ئوقتەك چاپتى.

كۆككۆز كۆزئالدىدا چاقماقتەك تېز سۈرئەتتە يۈز بەرگەن بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى. شىددەتلىك ئېقىن ياساپ ئاققان ماگما ئالدى بىلەن قاۋۇل، لەيلى ئىككىيلەننىڭ پۇتىنى يەرگە يىلىمدەك چىڭ چاپلىدى. قاۋۇل بىلەن لەيلى كۆككۆزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا نىمىدۇر دېمەكچى ئىدى. بەلكىم: «بىزنى تالاپەت باستى، تەقدىر



مۇشۇ ئۇخشايدۇ، سەن لالەگە ئوبدان قارا. ئەمدى سەندىن باشقا يۆلەنچۈكىمىز قالمىدى، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي-لى...» دېمەكچىدۇ. ئۇلارنىڭ چانىقىدا هاياتقا، كۆز نۇرىغا قانمىغان مېهىر شەبنەمدەك ئۇيۇپ قالغان ئىدى. بۇنداق ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن قارا قىسمەتكە نېمە دېگۈلۈك؟...

هايۋانلار مۇھەببەتنى، كۆيۈنۈشنى بىلمەيدۇ، دەپ كىم دەيدۇ؟ باسماقتىن قويۇۋەتكەن كەپتەر جېنىدا شاپائەتچى-سىگە ئۆمۈرلۈك كۆنلۈك بولىدۇ - يۇ، ئەقىللىق بۆرە با-لىسى ئۆزىگە يېڭى هاياتلىق ئاتا قىلغان ئىگىسىگە بۇنداق ۋاپادارلىقنى كۆرسەتمەي تۇرالىسۇنمۇ؟ ياق - ياق، مېھ-ىر- مۇھەببەت هايۋانلار دۇنياسىدىن ئايلانسۇن. قەدىمدىن تارتىپ بۆرىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ باققانلارنىڭ ھەممىسى بۆرىلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى باشقا بىر سۇ-زۈك دۇنيانى كۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۆرىنىڭ كۆزى قاراڭغۇدا يانارمىش، دېگەن گەپ بار. بۆرە كۆز قارىچۇقى-نى چوڭايتىش، كىچىكلىتىش ئارقىلىق خۇشاللىق، ھەيرانلىق، ۋەھىمە، غەزەپ، چۈشىنىش... قاتارلىق نۇر-غۇنلىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۆرىنى بۆرە قىلغان ئۇ-نىڭ كۆزى. بۆرىنىڭ كۆكۈش نۇر بالقىپ تۇرىدىغان كۆز-لىرىدىن سەن تەسەۋۋۇر قىلغان باتۇرلۇق، ئۆملۈك، پىدا-كارلىق، مەردانىلىق... نىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. بۆرىلەر بىلەن ئىنسانلار هاياتى چەمبەرچەس باغلانغان. يەر شارى-دىكى نۇرغۇنلىغان غارلار ئىنسانلارغا دائىر تۈگىمەس مە-دەنىيەت مەنبەسى بولۇپ قالدى. هالبۇكى، ئاشۇ قەدىمكى



غارلاردا ئادەم، بۆرە تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ئىنتايىن كۆپ.

كۆككۆزنىڭ يۈرىكى تىلىقتى. ئۇنىڭ پەلەككە يەتكەن ئەسەبىي ھۇۋلاشلىرى چەكسىز دالىدا ئەكس سادا قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ خەتەردىن قورقۇپ قالمايدىغىنىنى، تەبىئەت ئەركىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

يىللار كۆككۆزنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئەنە ھاڭدا كۆزىنى چاپاق بېسىپ ھالسىز ئىڭراپ ياتقان، پۇتى سۇنغان مورۇق كۈچۈك. ئەنە لالە تۇغۇلغاندا سوزۇپ ھۇۋلاپ بۇ خۇش خەۋەرنى تاغ دالاسىغا تۇنجى بولۇپ يەتكۈزگەن خەۋەرچى. بۇگۈنگە قەدەر بولغان بەش يىلدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزگەن مېھىر-مۇھەببىتى، مېھرىبانلىقى كۆزلىرىگە ياش ئولاشتۇردى. ئۇلار تاغنىڭ شاھزادىسى، مەلىكىسى، ئەركىسى ئىدى. ئۇمۇ لالەگە ئاچا بولۇپ بۇ بەختلىك ئائىلىنىڭ بەختىيار كۈلكىسىنى بىللە كۈلگەن ئىدى، مانا ئەمدى، ھەي ئىسىت...

ھازىرقى بىردىنبىر قىلىدىغان جىددىي ئىش لالەنى بىخەتەر يەرگە يۆتكەش. كۆككۆز گاراڭ كاللىسىنى سىلكىپ يۈگۈرۈپ ئۆيگەكەلگەندە ياغاچ ئۆي ئاللىبۇرۇن ئۇزۇن يىل ئىشلەتمەي تاشلىنىپ قالغان كەپتەرخانىدەك بىر يانغا قىيسىيىپ تۇراتتى.

— ئاننا... دادا... ئاچچا... ھى - ھى - ھى...



كۆككۆز كۆز ئالدىدىكى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ

ئۆيگە كىرىپ بولۇڭدا ئىچىنىشلىق يىغلاپ ئولتۇرغان لالەنى تۇمشۇقىدا تۇرتكىنىچە هويلىغا ئېلىپ چىققاندا ئوت يالقۇنى دۈۋىلەنگەن شاخلار، هويلىغا سايە تاشلاپ تۇرغان قۇچاق يەتكۇسىز قارىغاي - ئېرەنلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆلگۈرگەن ئىدى. يەنە قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق. ئۇ تاغ چوققىسىغا — قاۋۇل بىلەن لەيلىنى ماگما يالماپ كەتكەن ئۇرۇنغا قاراپ ئېچىنىشلىق بىر هۇۋلىۋەتكەندىن كېيىن پۇتىنى سوزۇپ يەرگە چاپلاشتى - دە، لالەنى دەرهال دۈمبىسىگە مىنىشكە ئىشارەت قىلدى.

— ئانام... داد...دام...

بالا بىلەن ئاتا — ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇهەببەتنى نې-مىگە تەڭلەشتۇرۇش مۇمكىن؟ لالە مۇشۇنداق ئەنسىز چاغدىمۇ ئەتراپتىن ئۆزىنىڭ هىماتچىسى بولغان ئانىسى، دادىسىنى ئىزدەۋاتاتتى.

— سىڭلىم چاپسان بول، مەن سېنى ئاشۇلارنىڭ يې-نىغا ئاپىرىمەن، هۇۋۋ...! كۆككۆز بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئىس - تۇتەكلەر زەربىسىدىن كۆزلىرىدىن پۇر - پۇر ياش قۇيۇلۇۋاتقان لالە ئۆزى تالاي قېتىم مىنىپ كۆنۈپ كەتكەن ئېتىغا — كۆككۆزگە شې-پىدە مىندى. سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پۇت-لىرىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا هىملاپ، ئىككى قولىقىنى مەهكەم تۇتىۋالدى. لالەنىڭ يۈگىنىنى چىشلىۋالغان كۆككۆز لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تاغ دالاسىدىكى چىغىر



يول بىلەن پەسكە ئوقتەك شۇڭغۇدى.

شۇ چاغدا بىر سىرىق قۇشقاچ قىچقىراتقاچ ئۇلارنىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ ناخشا ئېيتتى:

قەدەمدە بىر چاتقاللىق،
سىرغاي ئېرىق، پاتقاقلىق،
تىكەن، تاشلار پۇتۇڭدىن،
تىلەپ قويار پاناھلىق.

تاغلار يولى ئېگىز - پەس،
يول يۈرگەندە بول پەخەس.
تۇمارىڭنى سۆيۈپ قوي،
تۇمار دېگەن مۇقەددەس.

كۆككۆز بەزىدە قىيان يالاپ كەتكەن چىملىق تۆپىلىكلەر ئارىسىدا، بەزىدە چىغىر تماق - ئازغانلار، قارىغاي - قېيىنزارلىق ئارىسىدا كېتىپ باراتتى. ئالدىدا بەزىدە تۇيۇقسىز ھاڭلارمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى. پەسكە قاراپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان قىسىلچىقتىن ماڭماقمۇ قىيىن. يول بەك تار، بىر تەرىپى تاغقا سۈركىلىپ ماڭىدۇ. سەللا مۇدۇرۇلسە تاغ يانتىكى چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدەم ئېلىۋاتاتتى. بۇ ئاخىرقى كۆز پەسلى بولغاچقا تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلغان مۇزدەك سوغ شامال تەننى دىر - دىر تىترىتەتتى.



كۆككۆز لالەنى شاخلارغا ئىلىندۇرمەي، تاشلارغا سو-
قۇلدۇرماي ئېلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ دۈمبە، بويۇنلى-
رىغا ھۆل تېگىۋاتقىنىنى سەزدى. لالە ئۈن سالماي
يىغلاۋاتاتتى. بەلكىم قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن يىغلاۋات-
قاندۇ، بەلكىم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغىنىنى
كۆڭلى تۇيۇپ يىغلىغاندۇ ۋە بەلكىم ئەتراپتىكى قويۇق
ئىس - تۈتەكتىن تىنالماي بۇرۇنى ئېچىشىپ يىغلىغاندۇ.
ئاتا تاغ، ئانا باغ ئىدى. يېتىملىك كىمگە يارىشىدۇ،
ھېچكىمگە. تاغدەك مەغرۇر بالىنى قىسمەت بورىنى ئۇ-
چۇرۇپ نەلەرگىمۇ ئاپىرار؟

كۆككۆز تاغ - قاپتال، ئېدىر - يايلاقلارنى بېسىپ ئۆ-
زى بىخەتەر دەپ بىلگەن كالا تىلىدەك ئۇزۇن بىر پاكار
چۆپلۈك دالادا توختىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئالدى
بىلەن يېمەكلىك تېپىپ لالەنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ
يىغىدىن پەسەيتىش ئىدى. لالە كۆككۆزنىڭ دۈمبىسىدىن
چۈشۈپ پۇتى يەرگە تەگكەندە «ئۇھ» دەپ يېنىك تىندى.
كۆككۆزنىڭ قۇلىقىنى قېچىپ كېتىدىغاندەك چىڭ تۇتۇ-
ۋېلىپ تەرلەپ سىرقىراپ كەتكەن بۇدرۇق قوللىرىنى
سىلكىپ ئۇۋۇلىدى. دالاغا شۇنچە نەزەر سېلىپ ئۆزگە
تونۇش ھېچقانداق نەرسىنى ئۇچرىتالمىدى.

— ئاچچا، كېنى ئانام... داددام؟

كۆككۆز ئەڭ ئەنسىرىگەن سوئال سورىلىۋاتاتتى. ئۇ كۆ-
زىنىڭ لالەنىڭ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى-
دىن ئەندىشە قىلغاندەك بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى.





— ئاشۇ ياققا كېتىۋاتىمىز...

كۆككۆزكۆڭلىدە كەكلىك يا قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كىلىشنىمۇ ئويلىدى. خۇددى بىر سېھىرگەر بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئاۋاز ئۆچۈرۈش بۇيرۇقى بەرگەندەك، ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆككەن. يەرلەر ئاناردەك يېرىلغان، تاسمىدەك يول - يول تىلىنغان. دېمەك، بۇنىڭدىن تاغدىكى ماگما پارتلاشنىڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەشتىن بولغىنى ئايان بولدى. لالەنى تونۇش جەرەن - كېيىكلەرگە ئېمىتەي دېسە، بۇنداق پاتپاراقچىلىقتا ئۇلارنى نەدىن تاپقۇلۇق؟

ئۇ بىر قېتىم چاتقاللىق ئارىسىدا دوغداق ماراپ يەرگە مولۇندەك چىڭ چاپلىشىپ ياتقاندا، توشقانلارنىڭ بۆجەنلەرگە ئۆگەتكەن:

سۈتلۈك ئوت، سۈتلۈك ئوت،
غول - يىلتىزى يۇكلۈك ئوت.
بەرپا قىلدى دالادا،
يېشىل چىمەن - بۈكلۈك، ئوت.

ئوت - ئوت، سۈتلۈك ئوت،
يوپۇرمىقى تۈكلۈك ئوت.
ئىچىۋالساڭ سۈتىنى،
ماغدۇر بولار كۈچلۈك ئوت.



دىگەن ناخشىسى ئېسىدىن ئۈشتۈمتۈت كەچتى - دە،

سۈتلۈك ئۈتلارنى پۇراپ تېپىپ، چىشلىرى بىلەن گىرت ـ گىرت ئۈزۈپ كېلىپ سۈتى بۇژۇلداپ چىققان ئۈچىنى لالەنىڭ ئېغىزىغا سۈركىدى. لالەگە جان كىرىپ ئاستا ـ ئاستا يىغىسى پەسەيدى( بەلكىم ئۇ لالەنىڭ قورساق ئاغرىقىنى ساقايتقاندۇ. ) ئېقىندىن ياۋا ياڭاقنىڭ شۆپىكىگە سۇ ئېلىپ كېلىپ ئىچۈردى.

بۇ چاغدا تۈگمىنى، كونا چەللىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ جېنىنى ئاران ئالىقىنىغا ئېلىپ قاچقان نۇردۇن بوۋاي تاغدىكى ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ ياقىسىنى چىشلىدى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە بەش ئاي توختىماي ياغقان يامغۇر ئاپىد- تىنى، غاز تۇخۇمىدەك چۈشكەن مۆلدۈرلەرنى، زېمىننى ئەرش ـ ئەلاغا ئېلىپ قاچقۇدەك كۈچلۈك چىققان قارا بوراننى تالاي قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق ئا- پەتنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى. بەندىنىڭ نىمە گۇناھى ئۇ- چۈن زېمىندا بۇنداق ئاپەتلەر كۆپ بولىدىغاندۇ؟ نۇردۇن بوۋاي تاغدىكى ئاسمان- پەلەك ئوت يالقۇنىغا قاراپ ئۆزد- مۇ شۇ ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك يۈرىكى پۇچىلاندى. ئۇ تاغدا قەدىناس ئاغىنىسىنىڭ بالىسى — تاغ ۋارىسى قاۋۇل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى تۇرسا پۇچىلانماي تۇرالىسۇنمۇ؟ نۇردۇن بوۋاي كۆككۆزنىڭ بىر يۆگەكنى چىشلىگىنىچە دۈمبىسىد- ە بىر بالىنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ لالەدىن قاتتىق ئەنسىرەپ پېشانىسىگە پاققىدە ئۇرغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— هايۋان هايۋانلىقىنى قىلىپ تاغ ۋارىسىغا بىرەر



زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىغىيدى...

## خەير- خوش، مېھرى ئىسسىق ماكان

بۆ تاغلارنىڭ زېمىن ئالدىدا نېمە گۇناھى بار بولغىيدى...؟ بەلكىم تاغلار زېمىن گەجگىسىدە تۇرۇپ ئۇنى ئەركىن نەپەسلەنگىلى قويمىغاندۇ، بەلكىم بۇرۇن باشقا جايدىكى تۇتاش كەتكەن تاغلار پارتلاپ ئەمدى نۆۋەت بۇ تاغقا كەلگەندۇ ۋە بەلكىم قاۋۇل قاپقان قۇرماي، لەخمە كولىماي مارالLAR تاغ - قاپتاللاردا قۇمدەك ئاۋۇپ زېمىنغا ئېغىرلىقىنى سالغاندۇ، بەلكىم زېمىن بۇ ئېغىرلىقلارنى كۆتۈرەلمەي مۇدۇرۇپ كەتكەندۇ...

بەندە مەيلى قانداق قىياسلارنى قىلسۇن تەبىئەت ئالدىدا ھامان ئاجىز. چۇمۇلىچىلىك قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس. چۇمۇلە جېنىدا ئۆۋسى ئېغىزىنى ئېتىپ قويغان ئېغىر تاشلارنى بىرلىشىپ ئىرغىتىپ تاشلىيالايدۇ - يۇ، لېكىن ئىنسان...

كۆككۆز لالەنىڭ قورسىقىنى ئاز - تولا ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن يان باغرى يوللار بىلەن يەنە بىر كۆزلەككە كەلدى. ئەمدى ئۇ مۇشۇ يەردىن يىراقلاشسا تاغنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك ئۇشتۇمتۇت توختاپ ئارقىسىغا شىپپىدە بۇرۇلدى. بۇ بۇرۇلۇشتا ئۆزىنى نەچچە يىل ئىسسىق قوينىدا ئەللەي ئېتىپ باققان تاغدىن كېچەلمەسلىكمۇ، ئۆزىگە يېڭىدىن جان ئاتا قىلىپ، مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاش-



تۇرغان قاۋۇل بىلەن لەيلىنىڭ تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتىش-
مۇ، قاپتالدىكى قورغان شەكلىدە سېلىنغان كەڭ، ئازادە
ياغاچ ئۆيدىن قىيالماسلىقمۇ بار ئىدى.

— مەيلى قانداق مۇشەققەت تارتاي، بېشىمغا تاشتەك
ئېغىر كۈن كەلسۇن لالەنى ئۇسكەككە ئۇستۇرمەي، تەپ-
كەككە تەپتۇرمەي، مۆڭگەككە مۆڭگدۇرمەي ساق-سالامەت
قاتارغا قوشۇپ، ئۆز سىڭلىم قاتارىدا كۆرىمەن. ئۇ خۇددى
تاغلارغا — قاۋۇل بىلەن لەيلىگە ۋدە بېرىۋاتقاندەك قۇيرۇ-
قىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بايراقتەك لەپىلدىتىپ قويدى.

لالەنىڭ جېنىنى ئامان ساقلاش ئۈچۈن ئېمىتىدىغان
بىر ئانا تېپىش كېرەك. ئۆزىمۇ كۆزى ئېچىلمىغان،
مۇشتۇمچىلىك كۇچۇك چېغىدا لەيلى ئانا بولۇپ ئۇنىڭغا
سۇت ئىچۇرگەن، ئارپا ئۇمىچى بىلەن ئەتلەندۇرگەن. قۇ-
چىقىدىن چۇشۇرمەي ئەركىلىتىپ، ئانىلىق مېھرىنى
بەرگەن ئەمەسمىدى. مانا يېنىمىدىكى بۇ قىز دەل مېنى
بېقىپ چوڭ قىلغان ئانامنىڭ يۈرەك پارىسى — دە.

كۆككۆز لالەنى مىندۇرگىنىچە پۈراق سېزىمىگە تايى-
نىپ دالالارنى بويلاپ مېڭىۋەردى. گاھ ئوڭغا كېتىپ بې-
رىپ بىردەمدىن كېيىن تۇيۇقسىز نىشانىنى ئۆزگەرتىپ
سولغا بۇرۇلاتتى. ئۇ لېۋى چاكىلداپ ئۇسسۇسىمۇ، تىلى
قوناق شېخىدەك ساڭگىلاپ قۇرۇسىمۇ، ئۇچەيلىرى تارتى-
شىپ دۇمبىسىگە چاپلىشىپ قالسىمۇ لالەنى ئوبدان پا-
ناهلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرىدى، چىددى. ئۇ لالەنى ئىس-

تۇتەكسىز ئاسمىنى سۇزۇك بىر ماكانغا ئېلىپ بارالىسا

«ئۇھ» دەپ ھاردۇقى چىقارمىكىن - تاڭ؟

## ئۆتۈنەي، سىڭلىمنى ئېمىتىپ بېرىڭ

كۆككۆز لالەنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ يۈرۈپ باشقا بىر تاغ جىلغىسىدىكى قىسىلچاق بوستانلىققا كېلىپ قالدى. قىزىق ئىش، ئاۋۇ تاغقا كەتكەن ئوت ماۋۇ تاغقا كەتمەپتۇ. ئۇ تاغنى مورا قويۇندىغاندەك قاپقارا ئىس - تۈتەك قاپلىغان بولسا، بۇ يەردە بوستانلىقتىكى سۈپسۈزۈك ئاسماندا ھەسەن - ھۈسەن ئوينايتتى. ئۇ تاغ قىيا - چىياغا تولغان بولسا، بۇيەر تىپتىنچ ئىدى.

«مۇشۇ يەردە جېنىمىزنى جان ئەتسەك بولغۇدەك» دەپ ئويلىغان كۆككۆز تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ لالەنى دۈمبىسىدىن سىيرىلدۇردى. لالە «بۇ قەيەر ئەمدى» دېگەندەك ئەتراپقا ياتسىراپ قاراۋاتقاندا ئۇ تولا يول يۈرۈپ گۆمبەزدەك ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنى تۈيدۈرماي يالىۋالدى. لالە چىڭ سىقىمداپ مورلىۋەتكەن قۇلاقلىرىنى تىزىغا سۇۋاپ سىلكىپ تۈزلىۋالدى. ئۆگە - ئۆگىلىرىدىكى ھاردۇقنى تاراتماقچى بولغاندەك سوزۇلۇپ كېرىلدى، ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى. تىزىدىن ئاشقان بولۇق چۆپلەرنىڭ نەمخۇش ھىدىنى ھىدلىغاچ ئۆزىنى چۆپلۈككە تاشلىدى. لالە چۆپلۈك ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ بىر كۆرۈنمەي تاقلاۋاتقان ياۋا توشقانلارنىڭ ئويۇنىغا قىزىقىپ



تۇراتتى. بىر چاغدا يېقىن يەردىلا ئاڭلانغان ئىنچىكە، بوم «قىر - چىر، ھۇۋۇ - ھۇۋۇ» ئاۋازلار كۆككۆزنىڭ تۇيغۇ- سىنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ بىر خەتەرنىڭ شەپىسىنى سېزىپ ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

— لالە، لالە، ھۇۋۇ...

نەچچە يىل بىللە ياشىغاچقا ئۇلار بىر- بىرىنىڭ خۇي- پەيلىنى ئوبدان بىلىشەتتى. كۆز ئىشارىسى، باش چايقاش، بەدەن سىلكىش، گەپ ئاھاڭىدىن ھەممىنى چۈشىنەتتى.

كۆككۆزنىڭ ئەنسىز كالتە ھۇۋلىشى توشقان قوغلاپ ئويناۋاتقان لالەنى كەينىگە ياندۇردى. ئاڭغىچە كۆككۆز چاقماق تېزلىكىدە لالەنىڭ يېنىدا ئۈنۈپ بولغان ئىدى.

— ئەتراپتا بىر شەپە بار، بىر شەپە ھۇۋۇ - ھۇۋۇ...

كۆككۆز شۇتاپتا ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىپ بولغان ئىدى. بىرى يىرتقۇچ ھايۋانلار لالەگە خەۋپ يەت- كۈزمەكچى بولسا ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئېلىشىش. يە- نە بىرى لالەگە خىرىس قىلماي ئۆزىگە ھۇجۇم قىلسا تىغمۇ تىغ ئېلىشماي، يېڭىلگەن بولۇپ لالەنى مىندۈرۈش- كە ئۈلگۈرسە مىندۈرۈپ، مىندۈرۈشكە ئۈلگۈرمىسە كىد- يىمى ئۇستىدىن چىشلەپلا قېچىش.

كۆككۆز بوستانلىق دالانىڭ چاتقال - كۆتەك، چۆپ - پاخال، بوران - مۆلدۈر يالىغان لەمپە - ئۆڭكۈرلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن نەزەر سېلىپ قورام تاش يېنىدىكى ئۆڭكۈر ئالدىدا كۈچۈكلىرىگە ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىتىۋات- قان بىر ئانا بۆرىنى كۆرۈپ يېنىك تىندى. ئەسلىدە بۇ

بۆرىلەر توپىنىڭ ئاۋازىكەن ـ دە.

ئانا بۆرە بىر بوز توشقاننى بىر توپ بالىلىرىنىڭ ئالدىغا ئېتىپ پۇرتىپ، بوغدۇرۇپ، چىشلىتىپ ئويۇن قىلىۋاتاتتى. كۈچۈكلەر ئانىسىنى دوراپ ئالدىغا بىر ئې-تىلىپ، پۇشايمان قىلغاندەك كەينىگە ئىككى داجىيتتى. توشقانغىمۇ جان لازىم ـ دە. ئۇ قاچماقچى بولۇپ تېپىر-لىسا قىل بۇرۇتىنى لىكىلدىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان كۈچۈكلەر خىر ـ خىر، خۇر- خۇرلاپ دەررۇ ھىماتچى ئا-نىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالاتتى. بۇ ئويۇن ئۇدا نەچچە رەت داۋاملاشقاندىن كېيىن ھېلىقى بوز توشقان ئاخىر ئۇلار-نىڭ بىر ۋاقلىق مەززىلىك غىزاسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

«بۇ يەرنى تىمتاس ماكان دەپ بىلسەم، نەچچە قاقاس ساي، ئېدىر ـ جىلغىلارنى بېسىپ يەنە بۆرىلەر دۇنياسىغا كېلىپ قالدۇقمۇ- نېمە؟ بۆرە بۆرىنى تونۇيدۇ، ئاسانلىقچە ئۆز قوۋمىگە ھۇجۇم قىلمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىدىن قورققۇلۇق» دەپ ئويلىدى كۆككۆز. لالە قىرىق ـ ئەللىك مېتىر نېرىدا ئويناۋاتقان كۈچۈكلەرنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە چامدىماقچى بولىۋىدى كۆككۆز: «بىز ھازىرچە ئۇلارنىڭ نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلمەيمىز. ھاي، جىم» دېگەن مە-نىدە لالەنى تۇمشۇقى بىلەن توسىدى.

يەتتە ـ سەككىز كۈچۈكنى ئەركىلىتىپ ئوينى-تىۋاتقان ئانا بۆرە بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدا ئاسماز-دىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۆرە بىلەن بالىغا قاراپ خەنجەر چىشلىرىنى چىقىرىپ ئېغىزىنى يو-



غان ئېچىپ پۈتكۈل تاغ جىلغىسى، بوستانلىق زىلزىلىگە كەلگۈدەك شۇنداق سۈرلۈك ھۆۋۈلىدىكى، بۇ ھۆۋۈلاشتىن تاغنىڭ تاشلىرى شىرىلداپ پەسكە سىيرىلدى. دەرەختىكى قۇشلار ئالاقزادە بولۇپ پالاق-پالاق قانات سىلكىشىپ ئاسمانغا ئۇچتى. ئاخىرقى كەچ كۈزدە چالا سارغايغان غازاڭلار توزۇغان پەيلەر بىلەن بىللە يەر سۆيدى. بالىلىرىمۇ قورقۇپ كىرپىدەك تۈگۈلگىنىچە ئانىسىنىڭ چاترىقىغا كىرىۋېلىشتى. بۇنداق ھۆۋۈلاشتا نېمە مەنە بارلىقىنى بۆرىلەر ئۆزلىرى بىلمىسە، باشقىلار ئاسانلىقچە بىلىپ بولمايتتى.

نەچچە كۈن تۈزۈكرەك بىرنەرسە يېمىگەن لالە كۆككۆزنىڭ كۆزىگە، بىردىنلا ئۆزى دەسسەپ تۇرغان چۆپتەك سېرىق، ئەتىسىز پۈت-قوللىرى چوكىدەك ئىنچىكە، ئورۇق كۆرۈندى. سىڭلىمنى ئىس-تۈتەك دۇنياسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان بىلەن ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بولمىسا بەرىبىر ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ماغدۇرسىزلىنىپ چۆپ ئۈستىگە شىلىققىدە ئولتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئانىنىڭ باغرى ھامان پاختىدەك يۇمشاق كېلىدۇ. يېلىنىپ باقاي، سىڭلىمنى ئۆز بالىلىرى قاتارىدا ئېمىتىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس. كۆككۆز سالماق قەدەم بىلەن ئانا بۆرىگە يېقىنلاشتى.

— بۆرە ئانا، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىڭلىمنى ئېمىتىپ بەرگەن بولسىڭىز...

كۆككۆزكۆڭلىدە پەقەت ئانا بۆرىنىڭ لالەنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپ بېرىشىنىلا تىلەيتتى. ئانا بۆرە لالەنى ئې-



مىتىپ بەرسە، لالەنىڭ جېنى ئامان قالسا، ساغلام چوڭ بولسا، ئانا بۆرە مۇشۇنىڭغا كۆنسە، ئۇ ئانا بۆرىنىڭ ھەر-قانداق تەلەپلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلاشقا ھەرۋاقىت تەي-يار ئىدى.

ھېلىمۇ ئىككى كۈن ئېغىزىغا قاق سالمىغان لالە جىنەستە لەۋلىرىنى تامشىتىپ ئىسسىق سۈت ھىدىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتمەكتە. قاش بى-لەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ۋاقىت بىر جاننىڭ ھايات-ما-ماتىغا بېرىپ تاقىلاتتى. كۆككۆز ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئانا بۆرىنىڭ ئالدىغا مەردانە قەدەم بىلەن چامدىدى. ئون قەدەم ... ئۈچ قەدەم ... بىر قەدەم، كۆككۆز كېلىپ تۇم-شۇقىنى ئانا بۆرىنىڭ تۇمشۇقىغا يۇمشاق سۈركىگەندىن كې-يىن يېلىنىش ئاھاڭىدا ئاسمانغا قاراپ سوزۇپ ھۇۋلىدى. تېنىنى ئانا بۆرىنىڭ تېنىگە يېقىپ ئۆز زۇۋانىدا لالەنى ئې-مىتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. كۆككۆزنىڭ كۆزلىرىدە ئەگىگەن ياشلارنى كۆرۈپ ئانا بۆرىنىڭ باغرى يۇمشىدى.

ئاستا قەدەملەر بىلەن لالەگە قاراپ ماڭغان ئانا بۆرە چوغدەك قىزغۇچ تىلى بىلەن لالەنىڭ پېشانە، يۈزلىرىنى يۇمشاق يالىدى، ئانىلىق مېھرى بىلەن سىلىق سۆيۈپ قويدى. ئاندىن سىلىق ھەرىكەت بىلەن ئالدى پۇتىنى ئۆ-رىدەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سۈت تۇپچىسىنى لالەنىڭ ئېغىزىغا سۈركىدى. سۈت ھىدىنى پۇرىغان لالە چولتۇك - چولتۇك شوراپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېمىشكە باشلىدى.



# تۆتىنچى باب



# بۆرە ئۆڭكۈرىدىكى كۈنلەر

## مەن غەلىتە مەخلۇقمۇ؟

تاغ قاپتىلىدىكى قوي قۇلىقىدەك ئۇزۇن بوستانلىق. كۆككۆز دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ كەلگەن لالە باھار يازنى، ئۆردەك غازنى قوغلاپ، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن سەككىز ياشقا كىرىپ، بۇلاق بېشىدىكى شەمشادتەك لىپپىدە بوي تارتىپ، بۆرە توپىنىڭ بىر ئەزاسىغا، بۆرە ئانىنىڭ ئە- تىۋارلىق قىزىغا ئايلاندى. ئەمدى ئۇ ئاچىسىنىڭ دۈمبە- سىگە مىنىپ دالىلارنى ئايلانماقچى بولسا كۆككۆزنى تۆ- گىدەك چۆكتۈرمىسىمۇ ئۈستىگە بۈركۈتتەك شىپپىدە قونالايدۇ، تېخى پۇتىنى ئېھتىيات بىلەن يىغىۋالمىسا ئىككى پۇتى ئارىسىدىن كۆككۆز پىيازدەك سوغۇرۇلۇپ قالىدۇ. لالە «چاپە ئېتىم ، چاپ!» دەپ ئوينىغانلىرىدا



كۆككۆز چەبدەسلىك بىلەن كۈچ يىغىۋالمىسا بىلىنى غىد-
-ىرسىلىتىپ ئېگىپ قويغىلى قىل قالىدۇ.

ئەنە، ئەينى چاغدىكى كىچىك كۈچۈكلەرمۇ تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان، تولغان ئوۋچى بۆرىلەرگە ئايلاندى. ئانىسىنىڭ سىڭدۈرگەن مېھرىبانلىقى ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان ئىدى. ئۇلار خىلمۇ خىل ئاۋازدا ئوپچە ھۇۋلاش ئارقىلىق دۈشمەنلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ زور قوشۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۆرە ئائىلىسىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك سۈر - ھەيۋىسىنى ئىپادىلەيتتى. بۇنداق چاغلاردا لالەنىڭ تارغاق كۆرمىگەن قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى ئارىسىدىكى بۇلۇت توسقان ئايدەك يۈزىدە ھاياجانلانغاندەك تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى.

ئانا بۆرە ھەر يىلى كۈچۈكلەپ بۇ بۆرىلەر يوغان بىر توپقا ئايلاندى. ھەرقېتىم يېڭىدىن تۇغۇلغان كۈچۈكلەر كۆزلىرى ئېچىلغاندا تۇنجى بولۇپ ھەيران قالىدىغىنى لالەنىڭ بۆرىدەك ھۇۋلىشى ۋە ئۆرە مېڭىشى ئىدى. كۈچۈكلەر شوخلۇق قىلىپ دوراپ ئۇنىڭدەك ماڭماقچى بولاتتىيۇ، ماڭالماي گۈلۈپ - گۈلۈپ يىقىلاتتى. يىقىلغانسېرى يەنە شۇنداق ماڭغۇسى كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانا بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ تەنتەكلىكىگە قاراپ كۈلۈپ سالاتتى . «باللىرىم، لالە بىزنىڭ توپ ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئادەم بالىسى، شۇڭا ئۆرە ماڭالايدۇ. سىلەرنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشىڭلار ھامان قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ چۈشەندۈرۈپ ھۇۋلاپ كېتەتتى.



لالە بۆرىدەك ھۇۋلاپ يۇرگەندە ئەتراپىدىكى كۇچۇك-
لەر ناخشا ئېيتىشىپ ئوينايتتى.

كۆزىمىز دېڭىز،
خەنجەر چىشىمىز.
ئۆتەر تاغلاردا،
باھار، قىشىمىز.

بۆرە بىز، بۆرە،
كۆزىمىز لاپ ـ لاپ.
نېمە ئۇچرىسا،
ئەتمەيمىز ھاپ-ھاپ.
ياخشى، ياماننى،
قىلىمىز پەرق.
مەپتۇن بولمايمىز،
ئۇيقۇغا غەرق.

بىلىمىز قايسى،
بىزگە كۇشەندە.
قىلىدۇ شادلىق،
نېمە بەخشەندە.

ئىنسانغا ھەمراھ،
بولۇپ ئۆتىمىز.



بىزنى دوست دېگەن،
ئۈمىد كۈتىمىز.

لالەنىڭ ئاڭلاش سېزىمى پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن ئىدى. ئۇ كۆككۆز بىلەن دالادا ئوينىغان چاغلىرىدا قول ئىشارىسى قىلىپ يېقىن ئەتراپتا تېيىن بار ئىكەن، تىۋىشنى ئاڭلاپ قالدىم، دېسە، يەنە گۇگۇمدا تۇرۇپلا ماۋۇ يەردە بىر قۇش ئۇچماقچى بولىۋاتىدۇ، دەپ قوللىرىنى كېرىپ قۇشنىڭ ئۇچقان ھالىتىنى دورايتتى. گاھىدا چىغىرتماق گۈللىرىدىن چەمبىرەك ياساپ بوينىغا ئېسىۋالسا، گاھىدا ياۋا گۈللەرنىڭ ھەرە چىش يوپۇرماقلىرىنى لېۋىگە بېسىپ پۈۋلەپ ئوينايتتى. كۆككۆز بولسا بويى بىلەن تەڭ ئۆسكەن رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا كېپىنەك، يىڭناغۇچ، سېرىق ھەرىلەرنى قوغلاپ پىرقىرايتتى.

ئۇ بۆرىلەر توپى ئوۋغا چىقىپ كېتىپ يالغۇز قالغان ئاخشاملىرى بېشىنى يەرگە، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تەتۈر قاراپ غاراڭ – غۇرۇڭ ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. ئۇ ئانا تەبىئەتتىن كېلىدىغان ھەرخىل ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىلىدىغان سۆزلىرى يەنىلا ساناقلىق ئىدى.

— تاغلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە بۇنىڭدەك گۈزەل بىر دۇنيا بارمىدۇ؟ تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆرۈپ باقىدىغان كۈنلەر ماڭا نېسىپ بولارمۇ؟ بۇ دالا، بۇ ئۆڭكۈردىن باشقا يەرلەر قانداقتۇ؟ ئۇ يەردىمۇ بالىلار بۆرە كۈچۈكلىرى بى-

لەن بىللە ئوينىمدىغاندۇ؟ دۇنيانىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلىپ باقسام...

بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ساددا تەسەۋۋۇر ـ خىياللىرى بولماي قالاتتىمۇ؟ ئۇنى كىممۇ توسۇپ قالالىسۇن...

كۆككۆز ئانا بۆرە زورلىمىسا ئوۋغىمۇ ئۆزى خالاپ ئۇنچە كۆپ چىقىپ كەتمەيتتى. يىللار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىدىكەن. كۆككۆزنىڭ بۇرۇنقىدەك قىزىققانلىقىمۇ يوق، ئىنتايىن سالماق. ئۇ لالەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلەتتى. ئۆتكەن ئىشلار كۆككۆزنىڭ ھېلىھەم ئېسىدە، لالە ئۆڭكۈرگە كۆنەلمىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قېرىنداشلىرى ئوۋلاپ كەلگەن تەڭگە گۈللۈك كېيىك تېرىسىنى چىشلەپ كېلىپ لالەنىڭ بەدىنىگە ئوراپ قويىدى. بۇ يۇلغۇندەك قىزارغان يەڭسىز كېيىك تېرىسى، ئۇزۇن قارا چاچلىرى، بويىنىددىكى تىلتۇمارى قوشۇلۇپ ئۇنى بەئەينى گۈزەل تاغ مەلىكىسىگە ئوخشىتىپ قويىدى. لالە ئاچىسىنى ئۆرىدەپ قۇچاقلاپ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ «رەھمەت» دېگەن مەنىدە يەڭگىل ھۇۋلاپ قويىدى.

لالە ئۆڭكۈر ئەتراپىدا يالىڭاياغ يۈرگەچكە قۇرۇق شاخ، ئۇچلۇق تاشلارغا تولا دەسسەپ پۇتلىرى چاك ـ چاك يېرىلغان ئىدى. سەزگۈر كۆككۆز بۇنىڭمۇ ئامالىنى قىلدى. بۆرە ئانا ئوۋلاپ كەلگەن بۆكەن تېرىسىدىن ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق لالەنىڭ پۇتىغا چۇرۇق تارتقۇزدى.



لالە بىر كۈنى ئېقىنغا سۇ ئىچكىلى بېرىپ ئۆزىنىڭ

ئېقىنىدىكى شولىسىغا قاراپ چاچلىرىنى تارىماقچى بولۇپ تۈيۈقسىز يۈزىدىكى يۆگىمەچ ئۈتتەك بىر-بىرىگە چىر-مىشىپ كەتكەن بوزلاش تۈكلەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن چىرقىرىۋەتتى.

— سۇدا غەلىتە مەخلۇق بار ئىكەن غەلىتە مەخلۇق، — دەپ توختىماي ھۆۋلىدى. ئېسىنى يىغىپ ئېقىنىدىكى شو-لىغا قايتا-قايتا نەزەر سېلىپ غەلىتە مەخلۇقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن تېلىقىپ يىغلىۋەت-تى.

— ئاھ، خۇدا بۇ نېمە ئىش. مەن بۆرىمۇ، ئا-دەمزاتمۇ؟...

بۆرە قىز، بۆرە قىز،
بۆرىلەرگە تۆرە قىز.
ئەتراپىدا بۆرىلەر،
بولغان ئاڭا چۆرە قىز.

بۆرە قىزنىڭ كۆزلىرى،
تىنغان سۈزۈك كۆل ئىدى.
نەزەر سالسا قاياققا،
كۆرۈنگىنى چۆل ئىدى.

بۆرە قىزنىڭ ئەسلىدە،
نەسلى ئادەمزات ئىدى.



ئاينى خىجىل قىلغۇدەك،
گۈزەل پەرىزات ئىدى.

بۆرە قىز، بۆرە قىز،
بۆرىلەرگە تۆرە قىز.
نەسلى بولغاچ ئادەمزات،
ماڭالايدۇ ئۆرە قىز.

بۆرە قىزنىڭ كۆزلىرى،
ئەسلىتەتتى بۇلاقنى.
بۇلاق ئۈنسىز ئاقاتتى،
نىشانلاپ تاغ ــ يىراقنى.

ئېلىپ كېلەر شاماللار،
گۆھەر زېمىن ھىدىنى.
بىر ھىد ئوماق قىزچاقنىڭ،
ياشارتار مىڭ جېنىنى.

بۆرە قىزنى كور تەقدىر،
سۆرەپ كەلدى بۇ غارغا.
قىز قەلبىدە كېپىنەك،
ئىنتىلەتتى گۈلزارغا...



## بۆرە ئانا ھەيران بولدى

قىشنى چىللاۋاتقان ئاخىرقى كۈز كۈنلىرى يۈز بەرگەن بۇ بىر قاتار ئىشلار سەبىي قىز لالەنىڭ قەلبىگە غۇۋا كۆلەڭگە تاشلاپ ئۆتتى. ئۇ ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ بەختىيار كۈلكىسى، تاتلىق ئەركىلىتىشلىرى، مەڭزىنى يېقىپ سۆيۈپ كېتىشلىرىنى كۆرمىگىلى، بۇنداق مېھىر-مۇھەببەتنى ھېس قىلمىغىلى ئۇزۇن بولدى. ئۇ ئەتراپقا بويۇنداپ ئاتا - ئانىسىنىڭ سىماسىنى ئىزدەيتتى. ئۆزىگە تونۇش ھىدنى ھىدلىماقچى بولاتتى. ياكى ئۇلار سېھىرگەرلىك قىلىپ بىر توپ بۆرىلەرگە ئايلىنىۋالغانمىدۇ؟ ئۇنى ئەتەي ئىزدىتىپ ئويناۋاتامدىغاندۇ؟

ئۇ «ياغاچ تورۇسلۇق ئۆيلىرىم قېنى؟ مەن بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە نېمە قىلىمەن؟» دەۋاتقاندەك تىنىمسىز تىپىرلايتتى. بىر توپ كۈچۈك ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى يوق قىلماقچى بولغاندەك ئەتراپىنى چاقپەلەكتەك چۆرگىلەپ «بۇ بۆرە نېمىشقا بىزلەرگە ئوخشىمايدۇ؟... » دەپ ھەيرانلىق ئىچىدە بويىنىنى سوزۇپ غىڭشىپ قوياتتى. لالە يەرلىك خۇمدانغا ئوخشايدىغان كەڭ ئېغىزلىق ئۆڭكۈرنىڭ مېھراپتەك ئويۇقىدا ھايۋان تېرىلىرىنى كۆرپە قىلىپ ئۇيان - بۇيان تېپىرلاپ ياتاتتى. پەقەت كۈن چىققاندا كۆزنى ئانچە- مۇنچە چېقىپ قويىدىغان يىڭنىدەك ئۇچلۇق نۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆڭكۈر ئىچىدە كۈچۈكلەرنىڭ



كۆزلىرى لامپىدەك لاپ- لاپ يېنىپ تۇراتتى.
كۆككۆزمۇ بۆرە ئانىسىنىڭ لالەنى يەكلىمەي ئېمىتىپ بەرگىنىدىن، لالەنىڭ ئاسمانىنى ئۆرۈۋەتكۇدەك قەھرلىك ئاۋازدىكى يىغىلىرىنىڭ پەسەيگىنىدىن، كۈندىن - كۈنگە ئەتلىنىپ، سەمرىپ ماڭغىنىدىن ئالەمچە خۇشال ئىدى. كۆككۆز كۈچۈكلەرگە سىلەرمۇ مېنىڭ بۇ سىڭلىم بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار، ئۇ بىزگە مېهمان، دەيتتى.
كۆككۆز ئۆز خىيالىنى سۈرۈۋاتقان دەل شۇ پەيتتە بۆرە ئانىمۇ ئاشۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلارنى تەكرار ئەسلەپ چىقتى. بۆرە ئانا كۆككۆزنى كۆرۈپلا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى يىتتۈرۈپ قويغان گۆھىرىنى تۇيۇقسىز تېپىۋالغان-دەك ئىنتايىن هاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى.
— ئاشۇ شۇمىدۇ؟ شۇ، دەل شۇ. ئۇ ئامان قالغان بولسا بەش ياشقا تولغان بولاتتى. ئەنە يېڭى تۇغۇلغاندا قومۇش كۆتىكى تىلىۋەتكەن سول قولىقى، قولىقىدىكى هەرە چىش ئىزلار. ئانا كۆڭلى نېمىدېگەن سەزگۈر - هە. ئانا يۈرىكى ئۆز يۈرەك پارىسىنى تونۇيالماي قالامدۇ؟ ئۇ-نىڭ ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىغىنىنى. هېلىقى كۈن-دىكى مەردانە قەدىمى كۆڭلۈمنى ئاجايىپ سۆيۈندۈردى دېسە. نېمە ئىشلار بولغىنىنى ئەمدى بىلدىم. بالام كەي-نىمدىن مېڭىپ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەندە ئۇ بېرەر چوڭ-قۇر جايغا مۈدۈرۈپ كېتىپ هوشىنى يوقاتقان. شۇڭا، «بالام، سەن نەدە، كەپسىزلىك قىلماي چاپسان چىق» دەپ تونۇش ئاۋازدا شۇنچە هۇۋلىساممۇ جاۋاب بەرمىگەن.



نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك تاغلىقلارغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆيىدە باق-قان. كۆككۆزنىڭ لالەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆۋۈنۈش، يېلىنىشلىرىدىن ئايانكى، بالامنىڭ ئۇ شاپائەتچى تاغلىق-لىرى ئۇشتۇمتۇت بىر پېشكەللىككە ئۇچرىغان. توغرا، بالام كۆيۈك تاغ تەرەپنى ئىما قىلىپ ھەسرەتلىك ھۇۋلى-دى ئەمەسمۇ. يەر تەۋرەپ يانار تاغ پارتلىغاندا ئۇلارغا چو-قۇم بىر ئىش بولغان. بۇ قىز چوقۇم ئۇلارنىڭ بالىسى، يا نەۋرىسى.

كۆككۆز ئۇلارغا ئۆز ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان شاپائەتچىسىگە جاۋاب قايتۇ-رۇش ئۈچۈن ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان لالەنى دۈمبى-سىگە مىندۈرۈپ كېلىپ بۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان. ئەنە ، ئۇ كېچە -كۈندۈز بۇ كىچىك بالا يېنىدىن بىر قە-دەممۇ ئايرىلماي قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتامدۇ. ئاھ، بالام، يۈرەك پارەم، بەش يىل ئۆتكەندە سېنىڭ ئۆز ئايىغىڭ بى-لەن ئالدىمغا كېلىشىڭنى كىم ئويلىغان. بىزنى ئۇچراش-تۇرغان، بەش يىللىق ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمنى قۇ-رۇتقان بۇ بالىغا مىڭ رەھمەت بالام. مەن سەن ئۈچۈن، سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتۇلدۇرغان شەپقەتچىڭ ئۈچۈن بول-سىمۇ بۇ بالىنى پەپىلەپ ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشىمەن.

لالە باشتا سىنى ئىمىتمەي تۇرىۋالغان، يېقىن كەل-مىگەن نادانلىقىمنى كەچۈر. مانا مەن يېنىڭدا تۇرۇپتىمە-مەن. سېنىڭ مېھرىبان ئاناڭ بولۇپ ئەتىۋارلاپ قاتارغا



قوشىمەن. قورقما، قىش كەلگەن، قەھرىتان زېمىننى مۇزغا ئورىماقچى بولغان بولسىمۇ مانا مەن يېنىڭدا بار. سېنى پاختىدا چوغ ساقلىغاندەك ئىسسىق ساقلايمەن، بالام.

كۆككۆزگە ئۇنىڭ مېنىڭ يۈرەك پارەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەيمۇ؟ ياق، ھازىرچە جىم تۇراي. ئاھ، يۈرەك پارەم، بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ؟ بەش يىل ئالدىدا مەن يىرت-قۇچلار يەپ كەتتى، دەپ يۈرگەن بالام ئەمدى زورىيىپ تاغدەك بەستى بىلەن كۆز ئالدىمدا تۇرمامدۇ مانا. ئاھ، كەنجىتايىم، سېنى شۇ چاغدا قانداق پالاكەت باسقان بول-غىيدى؟ داداڭنىڭ، مېنىڭ، ھەمراھلىرىڭنىڭ بۇ بەش يىلدىن بېرى قانچىلىك ئازابلانغىنىمىزنى بىلەمسەن؟ ئا-شۇ چاغلاردا داداڭ سېنىڭ ھىدىڭنى ئالماقچى بولۇپ ھەر كۈنى گۈگۈمدا بىر جۈپ مەردانە كۆكۈش كۆزىدىن لاپ - لاپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ تاغقا قاراپ تىنىمسىز ھۇۋلىغان. سېنىڭ دىرىكىڭ بولمىغانسېرى داداڭنىڭ غەزەپلىك چىرايىغا تىك باقالمىدىم. داداڭنىڭ مالامەت تاشلىرى ھېلىمۇ پات - پات پېشانەمگە تېگىپ تۇرىدۇ. داداڭ يىراقلاردا ئۇۋ قىلىۋاتقاندىمۇ سېنى بىردەم ئېسىمدىن چى-قارغىنىم يوق.

ئانىنىڭ باغرى دېڭىزدەك بىپايان، تاغدەك سۈزۈك، پاختىدەك يۇمشاق بولىدۇ. ئانا بۆرە ئازاب جاڭگىلىدا يەنە قاچانغىچە سەرسان بولۇپ يۈرگەي. بەس، بۇ جۇدالىق دەم-لىرىگە خاتىمە بېرىدىغان چاغ كەلدى. ئانا بۆرە ئۆزىنى



تەمكىن تۇتۇشقا شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي يەنە كۆككۆزگە تونۇشلۇق بەردى. ئىككىسى قايتىدىن بىر- بىرىنى پۇرىشىپ يېقىنلاشتى. تېنىنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ كەتكەن تونۇش ھىدتىن مەستخۇش بولۇشۇپ كۆزلىرىدىن دەريا ئەگىدى.

ـــ ئۈچ ئايلىق چاغلىرىڭ بولسا كېرەك، ئاكا ـ ئا ـ چىلىرىڭ ئۆڭكۈردە يېتىۋېرىپ زېرىكىپ كەتتۇق، دالىلارنى ئايلاندۇرۇپ كەل، دەپ تۇرىۋېلىشتى. مەن ئا ـ پىرايمۇ، ئاپارمايمۇ دەپ ئارىسال بولۇپ تۇرغاندا ئاكا ـ ئاچىلىرىڭ خۇددى ساڭا: «سىڭلىم سەن ئۆيىمىزنىڭ ئەركىسى بولغاندىكىن ئاپام سېنىڭ گېپىڭنى يىرمايدۇ. سەن دەپ باقساڭچۇ» دېگەندەك ماڭا سۇۋۇنۇپ، يېلىنـ ـ دىڭ( بەلكىم، ئاشۇ چاغدىكى ماڭا بولغان ئامراقلىقىڭنى خاتا چۈشىنىۋالغاندىمەن. )ھەرقانچە باغرى تاش ئانا بول ـ سىمۇ بۇنداق چاغدا باغرى ئېرىمەي تۇرالارمۇ؟ باللىرد ـ نىڭ تەشنالىق ئىلكىدىكى كۆزلىرىگە قاراپ ئەلۋەتتە شۇررىدە ئېرىيدۇ.

ـــ ئانا، مەن بۇ ئۆڭكۈرگە كەلگەندىن بېرى دادامنى پەقەت كۆرۈپ باقمىدىما؟

ـــ داداڭنىڭ ھەر قېتىم ئۆڭكۈرگە ئاياغ بېسىشى سېنىڭ لالە بىلەن شامالدىغىلى كېتىشىڭ بىلەن تەڭ كېلىپ قالدى. داداڭ سېنىڭ تامدەك تىمەن ئۆسكىنىڭنى كۆرسە قانچە سۆيۈنەر؟ ئۇ يىراقتا ئوۋ ئوۋلاش، ھەمراھ ـ لىرىڭغا ئوۋلاش ماھارىتى ئۆگىتىش، ئولجىلارنى بىزگە



يەتكۈزۈش بىلەن ئاۋارە. مېنىڭ يېشىممۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بار جاپانى بىچارە داداڭ ئۆزى يالغۇز تار- تىۋاتىدۇ. سەنمۇ قولۇڭدىكى بۇ ئىشلىرىڭنى پاتراق تۈگە- تىپ داداڭغا قاراشساڭ بولاتتى بالام.

سېنى چېچەن بولسۇن دەپ،
ئاق سۈتۈمنى بەرگەنمەن.
قاچانلاردا ئېيتسەن،
سەن دېگەندەك مەرگەن مەن.

قولان گۆشى بەرگەنمەن،
ئىلىكلىرى تولسۇن دەپ.
كېيىك ئۆتى بەرگەنمەن،
تاغدىن ـ تاغقا ئۇچسۇن دەپ.

قىش ئۇزاپ باھار كەلگەندە لالە ئۆڭكۈر ئالدى ۋە ئەتراپتىكى چاتقاللىقتا بېرىپ ئوينايدىغان بولدى. ئۇ پات ـ پات بۆرىلەردەك سوزۇپقىنە «ھۇۋۇ ـ ھۇۋۇ» دەپ ھۇۋلاپ قوياتتى. قىزىق يېرى ئۇنىڭ ئالمىدەك سۈزۈك، پارقىراق يۈزىنى شالاڭ كۆل رەڭ تۈكلەر بېسىشقا باشلىدى. لالەنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە لەيلىگە ئەمەس، بەلكى قويۇق ساقاللىق قاۋۇللىغا ئوخشاۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولغان كۆككۆز تۈك- لەرنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك پات ـ پات چوغدەك تىلىدا لالەنىڭ يۈزىنى يالاپ قوياتتى.



ئەمما كۈچۈكلەر لالەنىڭ يۈزىنى تۈك بېسىپ كۈندىن ـ
كۈنگە ئۆزلىرىگە ئوخشاۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولسا، تۆت
پۇتلىماي، ئۆرە مېڭىشىدىن ھەيران ئىدى. لالە بىر كۈنى
قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى تاياقتا ئىلىپ چاپتۇرۇپ ئوينىسا،
بىر كۈنى ئۆزىنى كۆرۈمسىز كۆرسەتكەن يۈزىدىكى تۈك ـ
لىرىنى يۇلغاچ چۆپلۈكتە ئوڭدىسىغا يېتىپ ئېغىنايتتى.

قورسىقى تويمىغان لالە بىر قېتىم يېقىندىن چىققان
ھەرىدەك ئۆتكۈر، يىڭنىدەك ئۇچلۇق چىشلىرى بىلەن بۆ ـ
رە ئانىنىڭ سۈت تۇپچىسىنى قاتتىق چىشلىۋالدى. بۆرە
ئانا ئېچىنىشلىق ئىڭراپ خۇددى قاپقانغا دەسسىۋالغاندەك
بىئارام بولۇپ ھوشىدىن كەتكىلى قىل قالدى. ئانا دېگەن
بالىنىڭ قايسى ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرمەيدۇ. بۆرە ئانا تې ـ
نىگە يۇلغۇن شېخى سانجىلغاندەك بۇ قاتتىق ئاغرىققا
چىداپ لالەگە ئالىيىپمۇ سالمىدى.

ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆڭكۈر ئەتراپىدىكى ھارۋا چاقى ـ
دەك ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلىغان، قۇرۇق شاخلار يوللارنى
پەرق ئەتكۈسىز قىلىۋەتكەن ئورماندىن ياۋا مېۋىلەرنى تې ـ
رىپ يېيىشنى ئۆگەندى. كۆككۆزمۇ قېرىنداشلىرى بىلەن
ئوينىغاچ لالەنىڭ كۆڭلى نېمىدە خۇش بولسا ئۇنىڭ پۇتى ـ
غا سۈرۈنۈپ، ئەرمەك بولۇپ يۈردى. گاھى كەكلىك، بۆدۈ ـ
نە تۇخۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ: «سىڭلىم، بۇنى ئى ـ
چىۋال، قۇۋۋەت بولىدۇ» دەيتتى. ئۇنىڭ تېزراق چوڭ بو ـ
لۇپ ئۆز قاتارىغا قوشۇلۇشىنى تەقەززالىق بىلەن
كۈتەتتى.



## بۆرىدەك ھۇۋلىغىنىم نېمىسى

كۈچۈكلەر دۇنياسىدا لالەنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ لالە «ئوينىمايمەن» دەپ تۇرىۋالسا ئاشۇ بىر توپ شوخ ، كەپسىز كۈچۈكلەر «لەببەي!» دەپلا تۇرارمۇ، مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار چىرقىرىشىپ، خىرقىرىشىپ تاغ - دالانى بېشىغا كىيىپ كۆڭۈللۈك ئويناۋاتقاندا، يېنىدىن بىرەر دانە پىر - پىر چاشقان يا لۆم - لۆم سازاڭ ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، ئايھاي! قوللىرى بىلەن ئىتتىرىپ ئاسمانغا ئېتىپ، قىلىچ بىسىدەك ئۆتكۈر تىرناقلىرىدا قاماللاپ توختىماي ھۇۋلىشاتتى. لالەنىمۇ «بىزدەك ھۇۋلا» دېگەندەك تېرە پېشىنى چىشلەپ تارتقۇشلايتتى. لالەمۇ كۈچۈكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قولىنى كانايچە قىلىپ ئىنچىكە ئاۋازدا سوزۇپ ھۇۋلايتتى. كۈچۈكلەر بۇ «ھۇۋۇ - ھۇۋۇ» نى ئاڭلىغان ھامان دەررۇ ئويۇنلىرىنى توختىتىپ قىل بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ نەمخۇش بۇرنىنى يالىغاچ لالەنىڭ كانايچە قىلغان قوللىرىغا ھەم شامالدا دولقۇنلىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قاپقارا چاچلىرىغا مەپتۇن بولاتتى. ئۇ گاھى ئويۇن قىلىپ تۆت پۇتلاپمۇ مېڭىپ قوياتتى.

— قاراڭلار، لالە بىزدەك ماڭالايدىكەن.

— ئۇ ھەم بىزدەك چىرايلىق ھۇۋلىيالايدۇ.





— ئۇ بىزنى دوراۋاتىدۇ.
— ئۇ ئەسلىدە مۇشۇنداق تۆت پۇتلاپ ماڭسا بولاتتى.
— بىزمۇ نېمىدەپ ئۇنىڭدەك ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭمايمىز؟
— ئانىمىز خاپا بولىدۇ.
— ئانىمىز خاپا بولمايدۇ، بىزدە ئۇنداق قۇدرەت يوق.
— ماڭ - ماڭ، سەن بۆرىلەرنى شۇنچە يارامسىز چاغلامسەن...

لالە بولىنىۋاتقان بۇنداق قىزىقارلىق پاراڭلارنى ئاڭلىسا تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىدۇ...

شۇ كۈنلەردە كۆككۆزنىمۇ نۇرغۇن خىياللار دۈۋىسى بېسىۋالغان ئىدى. ئۇ يالغۇز پات - پات تاغدىن چۈشۈپ يىراقلارنى ئايلىنىپ كېلەتتى. لالە نۇرغۇن بوران - چاپقۇن، قار - شىۋىرغان، باهار - يازنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى بۆرىلەر بىلەن بىللە بۇ ماكاندا ياشىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇمۇ بالىلىقىنىڭ ئالتۇن پەسلىگە چۆمۈلۈپ، بالىلىقىنىڭ هۇزۇرىنى قانغۇچە سۈرۈپ تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە ئوينىشى، مەكتەپكە بېرىپ خەت ئۆگىنىشى، دۇنيانى تونۇشى لازىمغۇ؟

گەرچە ئاكا - ئاچىلىرىم، ئىنى - سىڭىللىرىم ئۇنى مېنى ئارىغا ئالغاندەك ئۆز بىلىپ بىللە ئوينىغان، جەرەن - كېيىك گۆشلىرىنى بىللە يېيىشكەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئادەملەر دۇنياسىنى سېغىنماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ياق، كۈن-



لەر بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ؟ ئۇ مېنىڭ شەپقەتچىم-
نىڭ ۋارىسى، قاۋۇل جەمەتىنىڭ يىلتىزى. دۇنيانىڭ
ھېچقانداق يېرىدە تەنها جانلىق بولمايدۇ. مەن قانچىلىك
جاپا - مۇشەققەت تارتىشىمدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ تۇغقان-
لىرىنى تېپىپ لالەنىڭ ئامانلىقىنى بىلدۈرۈشىم كېرەك.
بۇ چاغدا لالە خالىسا بىز بىللە ياشار، خالىمىسا
تۇغقانلىرى يېنىدا تۇرسىمۇ مەيلى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ
رىشتىمىز ئۈزۈلۈپ قالمايدىغۇ. كۆرگۈم كەلسە پات - پات
يېنىغا بېرىپ يوقلاپ تۇرسام بولىدۇغۇ؟ ئىسىت، بۇلارنى
نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغاندىمەن.

بىراق، شۇنداق شېرىن خىياللارنى قىلغان بىلەن ئۇ-
نىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرنى تونۇمىسام، قانداق قىلغۇلۇق؟
ھەئە، راست! ھېلىقى تۈگمەنچى بوۋاينى ئىزدەپ تاپسام،
بەلكىم تۈگمەنچى بوۋاي ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ دېرىكىنى
قىلىپ بېرەر ياكى بولمىسا تۈگمەنچى بوۋاينىڭ قىزى
بولۇپ چېيىنى قاينىتىپ بەرسىمۇ ئادەملەر دۇنياسىدا
جېنى ياشىرىپ قالار، تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى كەلگەنلەر-
دىن بىرەرسى لالەنى تونۇپ قالامدۇ تېخى...

ئەگەر تۈگمەنچى بوۋايمۇ يانار تاغ پارتلىغان ھېلىقى
يىلى كەلكۈندەك يامرىغان ئوت يالقۇنىدا قازالاپ كەتكەن
بولسىچۇ؟ ھەممە خىيالنىڭ راست بولۇپ كېتىشى مۇم-
كىن ئەمەس. «كۆزدىن ئايرىغان ئىگەم ھاسىدىن ئايرى-
ماس». ئىزدەي، ئىزدەي. ئېرىنچەكلىكىم ۋە بىخۇدلۇقۇم
بەلكىم ئۇنى بۇ تاغقا بىر ئۆمۈر بەند قىلىپ قويىشى



مۇمكىن. بەل قويۇۋەتمەي ئىزدىسەم ھامان جاھاننىڭ بىر بۇلۇڭ - پۇشقىقىدىن تېپىپ قالارمەن. يېقىندىن بېرى لالەنىڭ جىمغۇرلىشىپ كېتىشىمۇ بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

كۆككۆز مۇڭداشقان چاغلىرىدا ئانا بۆرىگە ئۆزىنىڭ خىياللىرىنى ئېيتىۋىدى، ئانا بۆرە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ سەن بىزگە دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ھېلىقى كىمتى...

— قاۋۇل دادام بىلەن لەيلى ئانام.

— ھە شۇلار ئەگەر تۇيۇقسىز يانارتاغ پارتلاپ تالاپەتكە ئۇچرىمىغان بولسا سېنى بىزنىڭ يېنىمىزغا يولغا سېلىپ قويارمىدى؟ ياق، ئەسلا ئۇنداق قىلمايتتى، بەلكى يېنىدا ئەتىۋارلاپ بېقىپ قاتارغا قوشاتتى. بۇ گەپلەرنى لالە ئۆزى تەشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— لالە ئەنە بالىلىرىم بىلەن ئىچەكىشىپ كەتتى. بۇ يەردە بىر ئوبدان تىنچ ، خاتىرجەم ياشاۋاتقان لالەنى سۇكۇلدىتىپ يۇرىمەن دېسەڭ، ناۋادا ئۇ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسا ئۇلارنىڭ يىلتىزى كۆيۈپ كۇل بولىدۇ دېگەن گەپ. سەن بۇلارنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ سېنى دەپ بارلىق مېھرىمنى بىرىپ ئېمىتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ قىزىمدىن قانداقمۇ رىشتىمنى ئۈزەلەيمەن؟ ھۇۋۇۋ...

ئانا بۆرە ھېلىلا لالەدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بۇ



زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بوينى-
نى تورۇپ ھۇۋلىغاندا كۆزلىرىدىن تامغان مەرۋايىتتەك
سۇزۇك ئىككى تامچە ياش مەڭزىدىن دومىلاپ سارغۇچ
چۆپ ئۈستىگە تامدى.

— بۆلارنى مېنى ئويلىمىدى دەمسىز، ئانا. ھېلىمۇ
بۇ بىر نەچچە يىلدا قانچە قېتىم كۆچ - كۆچ قىلدۇق، بۇ
سىزگە مۇشۇ دالانىڭ ئېگىز - پەس داۋانلىرىدەك ئايانغۇ.
بۇ ھاياتنىڭ شامىلى بىزنى يەنە قانچە قېتىملاپ كۆچ -
كۆچكە مەجبۇرلايدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ھەر قېتىم لالەنىڭ
ئۇزۇن چىچىنى لەپىلدىتىپ بايراق قىلىپ كۆچ - كۆچلەپ
يۇرسەكمۇ بولماس. كۆرگەنسىز، يۇزىنى ئىرماق - ئىرماق
تۇك باسقان. بۇرۇنقى قىزىل ئالمىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان
نۇرانە چىرايىدىن قىلچە ئەسەرمۇ يوق. ئۇنىڭ نەرى ئادەم
بالىسىغا ئوخشايدۇ؟ بەلكىم ئۇ كۆڭلىمىزنى ئاياپ چىش
يېرىپ بىزگە بىر نېمە دېمىگەن بىلەن، دەردىنى كۆڭلىدە
بىلىدىغاندۇ. يالغۇز قالغانلىرىدا تالاي قېتىم بۇقۇلداپ
يىغلىغاندۇ؟ شۇڭا ئانا، ماڭا سەپەر بېرىڭ. قەدىمىمگە
ئاقيول تىلەڭ.

ئانا بۆرە قۇلىقىنى يىكتەك تىكلەپ كۆككۆزنىڭ ئو-
رۇنلۇق گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايىللىق بىلەن
«بارساڭ بار» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئانا، ئەمىسە، لالە سىزگە ئامانەت، مەن بىرىپ
ھېلىقى تۇگمەنچىنى ئىزدەي.

— بارغىن، بالام، ئاق يول بولسۇن. لالەدىن خاتىر-



جەم بول. بولمىسا لالەنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ ماڭامسەن؟

— بۇ سەپىرىمدە تۇگمەنچى بوۋاينى تاپالامدىم، تاپالمامدىم بىلمەيمەن. ئەڭ ياخشىسى لالە هازىرچە بىلمەي تۇرسۇن. مېنىڭ ئۇنى تۇيۇقسىز خۇش قىلغۇدەكۇم بار.

## تاغ باغرىدىكى نەي ئاۋازى

كۆككۆز شۇنداق خىياللارنى قىلىپ يۈرۈپمۇ لالەگە قىيالماي بىر نەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدى. بۇ سەككىز يىلدا كۆككۆز لالەنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى، چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇقتىن تۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. كۆككۆز بەزىدە ئۇنىڭغا سۇركىلىپ غىڭشىپ، قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ، سۇۋۇنۇپ، هۇۋلاپ دېگەندەك ئۆز ئويىنى ئۇقتۇرسا، لالەمۇ قول ئىشارىسى، بىلىدىغان تىللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرۈپ كەلدى.

كۆككۆزنىڭ هېلىمۇ ئېسىدە، ئۇ لالەنىڭ نىمىشقا ئانىسىغا ئوخشاش گۈزەل چىرايىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە لالە خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك: «مېنىڭ ئايدەك چىرايىم قېنى؟ نىمىشقا يۈزلىرىمنى بۇنداق تۈك بېسىپ كېتىدۇ. مەن ئادەمزاتمۇ يا بۆرىمۇ؟» دېگەن مەندە چىرايىدىكى تۈكلەرنى كۆرسىتىپ دەم هۇۋلاپ دەم

چۈشىنىكسىز تىلدا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇ بەلكىم يەنە «تۇغۇلغاندىكى ئايدەك چىرايىم نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالغاندۇ ياكى ئانام مېنى تۈكلەش چىراي تۇغقان بولغىي-مىدى ، مەن يۈزۈمدىكى بۇ تۈكلەردىن قانداق قىلسام قۇ-تۇلالايمەن...» دەۋاتقاندۇ.

كۆككۆز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى. بۇ تۈك بەل-كىم بۆرە ئانا ئۇنى ئېمىتكىنىدىن پەيدا بولغاندۇ، بەلكىم ياۋا مېۋە يېگىنى، قۇش تۇخۇملىرىنى ئىچكىنىدىن چىق-قاندۇ، تەبىئەتتە سىرلىق ئىشلار بولمايدۇ، دەپ كىم ھۆد-دە قىلالايدۇ، ھېچكىم. ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان. دېمىسىمۇ ئۆرە مېڭىشى ئادەمزات سىياقىدا بولغان بىلەن، ھۇۋلاشلىرىغا سۈرلۈك تۈس بەرگەن تۈك-لۈك چىرايى بەئەينى بۆرىنىڭ ئۆزى.

بۇ تۈكلۈك چىراي يەنە بىر خاسىيەت بىلەن ئەسلىگە كېلىپ قالامدۇ تېخى، بۇنىمۇ ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. نې-مىلا دېمەيلى لالەنىڭ جېنى ئامان قالدى. بوي تارتىپ تال چىۋىقتەك زىلۋا ئۆستى. ئۇزۇن، قويۇق ئۆسكەن چاچلىرى ئۇ تۈكلەرنى بىر ئوبدان توسۇپ چىرايىنى نۇقسانسىز كۆرسىتىۋاتامدۇ ئەنە. ئادەمنىڭ ئالىمدەك پارقىراق يۈ-زىگە گاھىدا قارىمۇ يۇقۇپ قالىدىغۇ. بىدىلىككە ئۈنگەن ئۈچ - تۆت تال ياۋا چۆپتەك ئۇنچىكى تۈككە پەرۋا قىلىپ نېمە كەپتۇ. تۈك دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق. كېيىن بۇ-نىڭمۇ بىر ئامالى تېپىلىپ قالىدۇ.



كۆككۆز لالەنى داللارغا باشلاپ بېرىپ «كاك - كاك -

كاك» سايراپ چۆجىلىرىنى ئوينىتىۋاتقان قىرغاۋۇل، گۈل
شىرنىسى يىغىۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىنى تاماشا قىلىدۇر -
دى. كېچىسى ئۆڭكۈر ئالدىدىكى چىملىقتا لالە بىلەن
سۇۋۇنۇشۇپ دېگۈدەك بىللە ياتتى. لالەنىڭ ئۇخلاۋېتىپ
«دادا، ئانا سىلەر قەيەردە.؟ مېنى نېمىشقا ناتونۇش بىر
جايغا تاشلاپ قويىسىلەر. سىلەرنى بەكلا سېغىنىدىم. سى -
لەر بىلەن بىللە ياشىغان چاغلار نەقەدەر بەختىيار ئىد -
دى - ھە! مېنى يېنىڭلارغا ئېلىپ كېتىڭلار!» دېگەن جۆي -
لۈشلىرىگە قۇلاق سالدى. كۆككۆزمۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا
باققىنىچە ئۇلار بىلەن تاغدا ئۆتكەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى
بىرمۇ بىر ئەسلەپ كۆكۈش كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇ -
يۇلدى. ئەگەر مۇشۇنداق ئۇنسىز يىغلىغىنىنى ئانا بۆرە
كۆرۈپ قالغان بولسا بالىسىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۇنىڭ
باغرىغا ئوقتەك ئاتقان بولاتتى. لالە ئۇخلاۋېتىپ تۇرۇپ -
تۇرۇپ تىكەن سانجىلغاندەك چۆچۈپمۇ قوياتتى.

يولغا چىقىشنى نىيەت قىلغان كۆككۆز بىركۈنى تاڭ
سۈزۈلمەستە لالەگە قىيالماي بىردەم جىممىدە تۇرۇۋالدى.
تۈيدۈرماستىن ئۇنىڭ تىنىقىنى ھىدلىۋالدى. ئاندىن يې -
نىدىن شىپپىدە سۇغۇرۇلدى.

ياپپېشىل ئوتلاق، ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ تاغ
گۈللىرى، ئارچا - قېيىنلار، ئۇلار، كەكلىك... تاغ قۇش -
لىرىنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، گۈپۈلدەپ گۈل ھىدى
كېلىپ تۇرغان نەمخۇش ھاۋا.



كۆككۆز چەكسىز كەتكەن ياپپېشىل ئوتلاقتا تۇرۇپ

قاياقتا مېڭىشىنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرىۋېلىپ شىپپىدە بۆرۆلۈپ ئوڭغا — ئۆزىگە ھايات بەخش ئەتكەن كۆيۈك تاغ تەرەپكە چاپتى. يانتۇ كەتكەن ئېدىر - يايلاق ئاستىدىكى جىلغىدا چوڭ ئېقىن كۆمۈش ئارغامچىدەك تولغىنىپ ئاقاتتى.

كۆككۆز يولدا كېتىۋاتقاچ نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى. «لالە شەپقەتچىمنىڭ ئارزۇلۇق قىزى، مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە تۇرۇشىنى خالايمەن. بىراق، ئۇنىڭ بۇنداق تۇرمۇشنى خالىشى ناتايىن. لەيلى ئانام ماڭا بەك ئامراق ئىدى. سۈت قايىنتىپ، قايماق، ئارپا ئۇمىچى ئىچۈرۈپ تۇز بەرگەن. مەن يا ئۇنداق قىلالمىسام، ھەي... قولۇمدىن كېلىدىغىنى قۇش تۇخۇملىرى، ياۋا مېۋە - چېۋە ئەكىلىپ ئالدىغا تۆكۈش بولدى. ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن يېشىمغا ماس كەلمىگەن ھالدا شوخلۇق قىلدىم. ئىلگىرى شوخلۇقلىرىمدىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ چاۋاك چالىدىغان لالەمۇ بۇ كۈنلەردە چىرايىدىن ھارغىن، كۆز ئاپتىپىدەك سۇس تەبەسسۇمىنى تۆكۈپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ».

بۇ يوللار ئۇزاق يوللار،
گۈللەر خۇش پۇراق يوللار.
قىياقلار ئاراسىدا،
سۈزۈك سۇ، بۇلاق يوللار.



بۇ يوللار ئۇزاق يوللار،
داۋان كۆپ، يىراق يوللار.
ھوشيار بولمىسا كارۋان،
پېشكەللىك، تۇزاق يوللار.

... ...

كەچكى شەپەق پەردىسى ئەتراپىغا يېيىلدى. نەچچە كۈنلۈك يول ھاردۇقى كۆككۆزنى خېلى ئۇبدانلا ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى يۈزىگە قويۇق ئاقۇش تۇمان يېيىلغان شىددەتلىك زور ئېقىندىن ئاتلاپ، بارماقتەك كىرىشىپ ئۆسكەنلىكىدىن قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ئورمان-لىقتىن ئۆتسىلا كۆيۈك تاغنى كۆرەلەيتتى.

ئۇ قىرغاقنىڭ باش - ئايىغىنى نەچچە ئايلىنىپ سۇ-دىن كەچكۈدەك تېيىز جاي ئىزدەۋاتقاندا نىجاتلىق ئۇنىڭ-غا قۇچاق ئاچتى. تۈۋى بوشاپ بوراندا ئۆرۈلگەن بىر تۈپ قېرى ياغاچ ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتاشتۇرۇپ يې-يىلىپ ياتاتتى. تاغنىڭ پىچاق بىسىدەك تىك قىيالىرىدا مېڭىپ ئۆگىنىپ كەتكەن كۆككۆز قۇيرۇقىنى شىپپاڭ-شىتىپ سىركىچى داردا ماڭغاندەك بىمالال قەدەم بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

كۆككۆز ئەمدى شاماللارنىڭ يالىشىدىن يىلتىزلىرى كۆك تومۇردەك ئېنىق كۆرۈنىدىغان، پەقەت يامغۇر بىلەنلا كۆكەرگىنى ئۈچۈن قاسراقلىرى قوغۇندەك يېرىلغان كۆز يەتكۈسىز ئورمانلىقتىن يول تېپىپ مېڭىشى كېرەك.

ئىرماش ـ چىرماش شاخلار ئۆمۈچۈك توردەك يېيىلىپ ئۆتنىڭ يولىنى توساتتى. قەلبىدىكى سىڭلىسى لالە ئۈچۈن لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان يالقۇن ئالدىدا ئۇنچىلىك توسقۇن نېمىتى، تىرناقنىڭ كىرىغۇ خالاس...

ئەتىسى چۈشتە ئۇ نەچچە يىل ئىللىق باغرىدا ئەللەي ئەتكەن كۆيۈك تاغ ئېتىكىگە كەلدى. تاغ ئېتىكىدە ئۆس ـ كەن ھەر بىر تۈپ گۈل ـ گىياھنى ئالا قويماي ھىدلاپ چىقتى( بەلكىم قاۋۇل، لەيلىنىڭ ھىدىنى ئالماقچى بول ـ غاندۇ. )كۆيۈك تاغدا ئۆتكەن باللىق ئىزلىرىغا نەزەر سېلىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. قانداقلا بول ـ مىسۇن بۇ ئۇنى بەش يىل باققان ماكان ـ دە!

كۆككۆز بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئىلگىرىمۇ بىر ـ نەچچە قېتىم ئىز ـ دېرەكلەپ بۇ جايلارغا ئاياغ باسقان. ھېچقانداق ھوسۇل يوق قايتقان. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ تاغ باغرىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن 14 ـ 15 ياشلاردى ـ كى بىر ئوغۇل بالىنى يىراقتىن ئۇچرىتىپ ھەيران بول ـ دى. ھېلىقى بالا بىردەم كۆيۈك تاغقا نەزەر سالسا بىردەم يەردىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى. ئەتراپتىكى تىۋىشلارغا قۇلاق سالسا، بىردەم ـ بىردەم توپىنى كۆزىگە سۈرۈپ بو ـ تىلىقىنى يۈتتۈرۈپ قويغان تۆگىدەك بۇقۇلداپ بوزلايتتى. بىردەم ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا قاراپ شىۋىرلىسا، بىردەم چاچلىرىنى يۇلاتتى. بىردەم قولىدىكى قومۇش نەينى يۈ ـ رەك ئېزىلگۈدەك مۇڭلۇق پەدىگە پۈۋلىسە، بىردەم بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تەگسىز خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. نەي



ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا خۇددى سۇ دولقۇنىدەك تەكشى
يېيىلاتتى) نېمىشقىدۇر بۇ مۇڭلۇق نەي ئاۋازى كۆككۆز-
نىڭمۇ باغرىنى سۇدەك ئېرىتىۋەتتى. بۇ بالا دەل لەيلىنىڭ
ئىنىسى سۇبات ئىدى.

سۇبات تۇيۇقسىز يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان
تامدەك يوغان بىر بۆرىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەل-
مەي ھودۇقتى. ئۇ شۇ ھامان بېلىدىكى قوش بىسلىق
خەنجىرىنى غىلاپى ئۈستىدىن سىلاپ قويۇپ قېچىشنى يا
بۆرە بىلەن ئېلىشىشنى خىيال قىلىۋاتقاندا ئۇ سۇباتقا تو-
نۇش بۆرە بولۇپ چىقتى. كەپسىزلىكى، شوخلۇقى بىلەن
نەچچە يىل ئالدىدا ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچ-
مەس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان سول قۇلىقى تىلىنغان
كۆككۆز ئۇنىڭ ئالدىدا كۆكۈش كۆزلىرىنى لاپ - لاپ ياڭ-
دۇرغىنىچە مەغرۇر گىدىيىپ تۇراتتى.

ئۇ خېلى بۇرۇنلا دادىسىدىن تاغدىكىلەرنىڭ بىر بۆرە
كۈچۈكى بېقىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان. ئۆزىمۇ بىر نەچچە
قېتىم ئاچىسىنى يوقلاپ كەلگەندە كۆرگەن، ھەتتا ئۇنىڭ
بىلەن بىللىمۇ ئوينىغان.

دەل شۇ چاغدا كۆككۆزمۇ چىرايى لەيلى ئانىسىغا
چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بۇ بالىنى تونۇۋالدى - دە،
خادىدەك تىكلىنىۋالغان كۆل رەڭ قۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ با-
لىغا يېقىنلاپ كەلدى.



«سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دەپ نەچچە
يىللىق ئۈمىد شامىم مانا بۈگۈن پاللىدە يورۇيدىغان بول-

دى. سۇبات خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى:

— سىز تاغدا قۇيرۇقىنى يەلپۈگۈچتەك ئوينىتىپ يۈرگەن ھېلىقى كۆككۆز ئەمەسمۇ؟

— سىز مېنى تونۇمسىز؟

— ئەلۋەتتە. سىز ئاچاملار بېقىۋالغان بۆرىغۇ. نەچچە يىل ئالدىدا داداملار بىلەن ئاچامنى يوقلاپ كەلگەندە مۇشتۇمچىلىك بار ئىدىڭىز. تىلىنغان سول قۇلىقىڭىزدىن بىردەمدىلا تونۇۋالدىم.

— سىز لەيلى ئانامنىڭ ئىنىسى...

— شۇنداق، مەن ھېلىقى سۇبات. بىز تاغدا نۇرغۇن قېتىم بىللە ئوينىغان.

— ئۆزىڭىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟ ھۇۋۋۇ...

— ئاھ، نېمىسىنى سورايسىز، يانارتاغ پارتلىغان خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانام - دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. كۈندە «ئۇلاردىن خەۋەر بارمۇ» دەپ ئاچاملارنىڭ گېپىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. قارىسام كۈندىن - كۈنگە ھالى بوش. شۇنچە بەزلەشلىرىمنىڭمۇ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاھۇ - زارلىرىغا چىدىماي ئاخىرى «بىسمىللاھ» دەپ خۇرجۇننى مۈرەمگە ئارتىپلا ئاچامنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى يولغا چىقتىم.

— ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى - دە.

— ھەئە.



— ئۇرۇنۇشلىرىڭىزنىڭ ئۈنۈمى بولدىمۇ؟ ھۇۋۋۇ...

— مانا بۈگۈن سىزنى ئۇچرىتىپ ئۇلارنىڭ ھىدىنى پۇرىۋالغاندەك بولدۇم. ئالدىنقى يىلى بۇ تاغ ئېتىكىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىمدە بىر تۈگمەنچى بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. تاغقا قاراپ توختىماي بۇقۇلداپ يىغلايدۇ. بۇ يەردە ماڭا ئوخشاش دەردمەندىن يەنە بىرى كۆپەيدىمۇ نېمە، دەپ ئەھۋال سوراپ ھال - مۇڭ بولدۇق. بوۋايدىن لالەنىڭ بىر بۆرىنى مىنگىنىچە تاغدىن پەسلەپ يىراقلارغا راۋان بولغىنىدىن خەۋەر تاپتىم. ئاشۇ بۆرە سىز بولماڭ يەنە؟

— مەن دەل شۇ.

— ئۇنداقتا سىڭلىم لالەچۇ، ئۇ ھاياتمۇ؟ تىترەۋاتقان ئاۋازىدىن سۈباتىنىڭ ئەنسىرەشلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇ ھايات، ئاناملارنىڭ يېنىدا.

— يەنە بۆرىلەر دۇنياسىدا...

— شۇنداق.

— مېنى تېزدىن ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭ. ئاھ، دادا! ھايات يىلتىزىڭ ئاخىر تېپىلدى. ئەمدى خۇشاللىقتىن تەلپۈنگىنى ئاسمانغا ئىرغىتقىن دادا. سۈباتىنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش تەپتى.

— ئۇ بۇ يەردىن خېلىلا يىراق جايدا ئامان - ئېسەن تۇرىۋاتىدۇ. ئېدىر - چاتقاللىق، ئېگىز - پەس داۋانلىق يوللاردا سىز مەن بىلەن مېڭىپ بولالمايسىز. ئەڭ ياخشىسى سىز مۇشۇ يەردە ساقلاڭ، لالەنى مەن بۇ يەرگە باشلاپ كېلەي.



ــــ خوش، بۆرەم، سىزنىڭ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن
قەدىمىڭىز يەتكىنىنى بىلىپ باقسام بولامدۇ؟

ــــ ئەلۋەتتە. لالە سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالدى. بۇ
سەككىز يىلدا بىز قېرىنداش ئاچا ـ سىڭىلدىن ئۆتە ئىـ
ناق ئۆتتۇق. نۇرغۇن جۇدۇن ـ چاپقۇنلاردا بىللە بولدۇق.
بىر ـ بىرىمىزگە دېگىنىمىزدىن چوڭقۇر مېھرىمىز بار. ئەمما،
ئۇنىڭ مەڭگۇ بۆرىلەر دۇنياسىدا ياشاپ ئۆتىشى مۇمكىن
ئەمەس. مەن قاۋۇل دادام، لەيلى ئانامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانـ
لىرى چوقۇم لالەنىڭ دېرىكىنى قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان.
مانا بۈگۈن سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قانچىلىك خۇشال
بولغىنىمنى بىلەمسىز؟ مەن ئۇ ئادەملەر دۇنياسىدا ياشىـ
سا قەلبىدىكى داغ ـ جاراھەتلىرى بەلكىم تېزراق ساقىـ
يىپ قالار، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا، يىراق يوللارنى بېسىپ
بۇ يەرگە كېلىشىم. بۇ سەپىرىمدە مانا سىز بىلەن كۆرۈـ
شۈپلا قالماي ، نۇردۇن بوۋامنىڭ ئامانلىقىنىمۇ بىلىۋالـ
دىم. بۇ خۇش خەۋەرلەرنى لالەگە يەتكۈزسەم ئۇ قانچە سۆـ
يۈنۈپ كېتەر. ئەمىسە، مەن هازىرلا يولغا چىقاي، سىز
مېنى مۇشۇ يەردە ساقلاڭ، هۇۋۇۋ.

ــــ سىڭلىم لالەگە مەندىن سېغىنىپ سالام. يولدا پەـ
خەس بولۇڭ.

لالەگە بالدۇرراق خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشنى نىيەت
قىلغان كۆككۆز هېلىقى يېقىن ئورمانلىق بىلەن يۈرۈپ
كەتتى. قارىغاي، قېيىن كۆتەكلىرى ياندىن نوتىلاپ چىقـ
قان شاخلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قارىيىپ كۆرۈنۈپ هېچـ

نىمىنى ئىلغا قىلغىلى قويمايدۇ. بۇنداق بۆك ئورمانلارنى بويلاپ يول تېپىپ ماڭماق بەك مۇشكۇل.

ئۇ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ۋەھىمىلىك «كۇش ـ كۇش» لىغان ئاۋازنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلگى- نىنى تۇيۇپ قالدى. قۇلاقلىرى تىكلىنىپ، سەزگۈر بۇرۇ- نى سېسىق پۇراقتىن سەسكىنىپ لىپىلداپ ئورنىدا شىپپىدە توختىدى. كۇشۇلدىغىنى راست ئىكەن. تۇيغۇسى ئۇنى ئالدىماپتۇ. بىر توپ قۇچاق يەتكۇسىز دەرەخكە يۆ- گىمەچ ئوتتەك چىرمىشىۋېلىپ يوغان بىر بوغما يىلان ئېغىزىدىن ئوت پۇركۇگىنىچە قەھرىلىك كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى. بوغما يىلاننىڭ كەينىگە قاتىيىپ يوغان ئېچىلغان ئېغىزى شۇ تاپتا ئۇزۇن يىل كىيىمەي بىر بۇ- لۇڭدا تاشلىنىپ قالغان كونا كالاچنى ئەسلىتەتتى.

كۆككۆز شۇ تاپتا بۇنداق جەڭنىڭ بولىشىدىن ئاللى- بۇرۇن خەۋەرداردەك مەغرۇر تىكلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرغان كۆكۈچ ئۇچ- قۇن چاقناپ تۇراتتى. بوغما يىلان ئارغامچىدەك سوزۇ- لۇپ، كىرپىدەك تۇگۇلۇپ ھەرخىل مىكىرلەرنى ئىشلى- تىپ تۇيۇقسىز كۆككۆزنىڭ يانپىشىغا چىش ئۇزاتتى. كۆككۆز ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى بىلدۇرۇپ قويۇ- ماقچى بولغاندەك چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تۈكلىرىنى ھۇرپەيتىپ بوغما يىلانغا چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلدى.



تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆز كۇ- شەندىسى بولىدۇ. ئۇلار ياشاش جەريانىدا سەللا بىخۇدلۇق

قىلسا قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغان هاياتى خەۋپ-
كە ئۇچرايدۇ. يولۋاس - شىر نىڭ كالا قارنىنى بۆسۈۋەت-
كەن، تىمساهنىڭ ئات - تۆگىلەرنى پۈتۈن يۇتىۋەتكەن،
بۈركۈتنىڭ تۈلكىنى ئاسماندىن يەرگە پىرقىرىتىپ تاش-
لىغان، مايمۇنلارنىڭ ئېگىز شاخلارغا قونۇۋېلىپ پەستە
ئۆزىگە بوينى تالغۇچە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغان قاپلان -
يىلپىزلارغا تۈكۈرگەن هالەتتىكى ئۇرۇشلار كۈندە بولۇپ
تۇرسىمۇ ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى بوغمايىلان بىلەن كۆك-
كۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتەك دەهشەتلىك، ئېچىنىشلىق
بولمىغاندۇ.

بوغما يىلان كۆككۆزنى پۈتۈن يۇتماق بولۇپ ئېغىزد-
نى يوغان ئېچىپ هە دەپ ئالدىغا ئېتىلاتتى. ئاچماق
تىلى زەهەرلىك شۆلگەي بىلەن تولغان ئېغىزىدىن هەر
قېتىم رېزىنكىدەك ئۈزىراپ چىققاندا هارۋىكەشنىڭ قام-
چىسىدەك «ۋىش - ۋىش» ئاۋاز چىقىراتتى. قۇيرۇقىنى
خادىدەك تىكلىۋېلىپ توختىماي ئۇيان - بۇيان سىلكىيت-
تى. هەر قېتىم قىزغۇچ قۇيرۇقىنى سىلكىگەندە قۇچاق
يەتكۈسىز شۇنچە چوڭ دەرەخلەر قاراس - قۇرۇس سۇنۇپ
چۈشەتتى. بۇ سۇنغان دەرەخلەر يەنە كېلىپ دەل كۆككۆز-
نى باسماق بولاتتى.

ئېلىشىش شۇنداق كەسكىن بولدىكى ئەيىۇهەنناس،
هېچكىمنىڭ هېچكىمگە قويۇپ بەرگۈسى يوق ئىدى. ها-
ياتلىق ئۈچۈن كۈرەش ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن.
نېمىسى نېمە بولدىكىن، بىر چاغدا بوغما يىلان تۇيۇقسىز



يېلى چىققان شاردەك بوشاپ ئۇدۇل كەلگەن دەل - دەرەخ، تاش - داڭگاللارغا ئۇسكىنىچە ئېچىنىشلىق تېپىرلاپ جىم بولدى...

بويۇن، ئېغىزلىرى قان، يانپىشى كونا كىگىزدەك تىتىلغان كۆككۆز قاتتىق يۆتەلگەن، ئېغىزىدىن شۆلگەيلىرى ئاققان هالدا توقايلىقتا كەلدى - دە، قان ئارىلاش قۇسۇۋەتتى. يەرلەر بۆرىنىڭ قىپقىزىل قانلىرى بىلەن بويالدى. ئۇ هالسىز تېنىنى مىڭ تەستە سۆرەپ دۆڭلۈكتە زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، قان كۆپ چىقىپ كەتكەن ياداپىشىنى ئۇزاق يالىدى. ئاندىن جىغانىزارغا كېلىپ تېخى قىزىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئەمدىلەتتىن سېرىق غورا بولغان جىغان مۇنچىقى ۋە يوپۇرماقلىرىنى سىيرىپ چايناپ يۇتتى. بۇ چېچەن بۆرە تۇغما سەزگۈسىگە تايىنىپ شۆلگىيىنىڭ ۋە جىغانىنىڭ دورىلىق رولىنى چۈشەنگەن ئىدى.

## كۆلگۈنچەك مېۋىدىكى سىر

لالەنىڭ يېنىدا گەرچە بىر توپ بۆرە بىللە بولسىمۇ نەچچە كۈندىن بېرى كۆزى ئەتراپتىن كۆككۆزنى ئىزدەيتتى. كۆككۆز بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم مۇشۇنداق تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولغان. لالە ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى نەلەرگە بارغانلىقىنى سورىغاندا، كۆككۆز يۇگۇرۇپ كەلگەن پېتى ئۆرىدەپ

ئىككى قولىنى لالەنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ بويىنىدىن قۇ-چاقلىغىنىچە يۈزلىرىنى، چاچلىرىنى يالاپ كېتەتتى. لالە-نىڭمۇ كۆزلىرىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى كۆككۆز-نىڭ بويۇن، قۇلاقلىرىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋې-تەتتى.

— نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈنمىدىڭىز، مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ نەلەردە يۈردىڭىز؟

— يىراقلارنى ئايلىنىپ كەلدىم.

— ئەجەب مېنى بىللە ئېلىۋېلىش ئېسىڭىزگە كەل-مەپتۇ؟ يا بۇ بالا ماڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدۇ، دەپ غېپىىدە تىكىۋەتتىڭىزمۇ؟

— ئىنى - سىڭىللىرىمغا ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىتىدىغان مەيدان بارمۇ - يوق ، شۇنى كۆرگىلى بارغان.

— سىز كەلمىگەنسېرى ئەنسىرەپ ئۆڭكۈر ئالدىدا ئاي نۇرىغا ھەمراھ بولۇپ نۇرغۇن تاڭلارنى كۈتۈۋالدىم...

— سىزنى ئەنسىرىتىپ قويغىنىمدىن ئىنتايىن خىد-جىلمەن...

كۆككۆز شۇنداق جاۋابلار بىلەن لالەنى بەزلەيتتى. بىر كۈنى لالە بۆرە ئانىغا كۆككۆزنى نەچچە كۈندىن بىرى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئاچا - ئاكىلىرى بىلەن ئوۋغا كەتكەن، دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى.

مانا، بۇ قېتىممۇ كۆككۆز نەچچە كۈن يوق بولىۋىد-ىدى، لالەنىڭ كۆڭلىنىڭ بىرىيەرلىرى يېرىم، ئۆزىچە يېلى چىقىپ كەتكەن شاردەك لاسىدە بوشاپ كەتتى. ئۇ ئۆز



كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن نىشانسىز هالدا قەدەمگە ئەگىشىپ تاغ جىلغىسىدىكى تارچۇق يوللار بىلەن تۆۋەندىكى ئېدىرغا چۈشتى. ئىسمىنى بىلىپ بولماس نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخلەر يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ «ئېلىڭ، مېنى يەڭ! ماڭا ئاۋۋال ئېغىز تېگىڭ. بىز سىزنى كۈتكىلى نەۋاق. هېلىمۇ بەك كېچىكىپ كەلدىڭىز. بۇ يەرنى سىز ئۆز بېغىم دەپ بىلىۋېرىڭ. خالىغىنىڭىزچە يەپ، خالىغىنىڭىزچە كۆڭۈل ئېچىپ ئويناڭ» دەۋاتاتتى.

شاخلاردا ئاق، سېرىق، قىزىل رەڭلىك مېۋىلەر ساڭجاق - سانجاق ئىدى. لالە ئەزەلدىن بۇنداق مېۋىلەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا هەيرانلىقتا كۆزلىرى جامدەك چەكچىيىپ كەتتى. مېۋىلىك باغدىكى چىلگە قوغۇن چوڭلۇقتىكى كۈلۈپ تۇرىدىغان هال رەڭ بىرخىل مېۋە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئالاهىدە تارتتى. لالە ئۇنىڭدىن بىرنى ئۈزۈپ يېمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتقان ئىدى، شۇئان ئۇ مېۋىلىك دەرەخ يىلتىزى بىلەن سىيرىلغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى.

— سالام سىزگە بۆرە قىز، ئىسمىم كۈلگۈنچەك دەرەخ. شاختىكى بالىلىرىمنىڭ ئىسمى كۈلگۈنچەك مېۋە. بىز بۇ دۇنيادىكى جىمى جانلىقنىڭ غەم - قايغۇنى ئۇنتۇپ خۇشال - خۇرام ياشىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمىز. شۇڭا مېۋىلىرىمىز مەيلى ئاپتاپ چىققاندا، مەيلى قار-شىۋىرغانلىق جۇدۇندا بولسۇن مۇشۇنداق كۈلۈپ تۇرىدۇ. سىزنىمۇ دائىم بىزدەك كۈلۈپ يۈرسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە

بىز.
— سىلەر مېنى قانداق بىلىسىلەر؟ — كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ھەيران بولدى لالە.
— سىز بۇ بۆرە توپى ئىچىدە ئەڭ ئەركىسى تۇرسى-ڭىز نېمىشقا بىلمىگۇدەكمىز.
— مېۋەڭلەرنى يېسەم بولامدۇ؟
مېۋىلەر قاقاقلاپ كۈلگىنىچە شاخلاردىن ئۈزۈراپ لالەنىڭ كۆز ئالدىدا مارجاندەك تىزىلدى.
— مېۋە سىزدىن ئايلانسۇن. قېنى، مەرھەمەت.
قورسىقى ئېچىپ كەتكەن لالە ئۇلارغا تاتلىققىنە كۇ-لۇمسىرەپ قويۇپ قولىنى ئۇزىتىپلا مېۋىدىن بىرنى ئې-لىپ يېگەن ئىدى، يېرىم تاتلىق، يېرىم چۈچۈمەل مېۋە ئۇنىڭغا بەكلا تېتىپ كەتتى.
— بىز سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنى ساقلاۋاتقىلى ئۇزاق بولدى. ئادەمزات تۇرۇپ ئۆمۈر بويى بۆرىدەك ھۇۋلاپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ. سىز گەپ قىلىشىڭىز كېرەك بۆرە قىز. سىز ھېلى يېگىنىڭىز سۆزلەتكەك مېۋە. نې-مىنى كۆرسەتسىڭىز قۇلاق تۈۋىڭىزدە شۇ نەرسىنىڭ ئىسمى جاراڭلايدۇ. بۇنى پەقەت سىزلا ئاڭلىيالايسىز. سى-ناپ كۆرگۈڭىز بولسا، قېنى مەرھەمەت.
لالە كۈلگۈنچەك مېۋىنىڭ گەپلىرىگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۆزىنى شەرەت-لىنۋىدى قۇلاق تۈۋىدە شۇ ھامان «بۆرە قىز» دېگەن ئاۋاز جاراڭلىدى. لالە خۇددى بۇ سۆزنى بىر نەچچە قېتىم



تەكرارلىمىسا ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك دەرھال دورىدى.

— بۆرە قىز، بۆرە قىز...

ئۇ ئارقىدىن يەرنى شەرەتلىۋىدى «چىم»، چوققىلارنى شەرەتلىۋىدى «تاغ»، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن كۆزلىرىگە يىڭنىدەك سانجىلغان نۇرلارنى ئىما قىلغاچ، قولىنى ئاسمانغا سوزىۋىدى «قۇياش» دېگەن ئاۋازلار كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىدى.

— نېمىدېگەن ياخشى. تەبىئەت سىرلىق بولغان بىلەن رەھىمسىز ئەمەسكەن، تىلىم تېخىمۇ راۋان چىقىدىغان بولدى. ئەمدى تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىلەر بىلەن بىمالال مۇڭدىشالايدىغان بولدۇم. ھەي، ئىست بۇ جايغا نېمىشقا بۇرۇنراق كەلمىگەندىمەن؟

گۇگۇمغا يېقىن لالە كۆلگۈنچەك مېۋىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئۆڭكۈرگە قايتىپ كەلگەندە بۆرە ئانا ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تىت - تىت بولۇپ تۇراتتى. ئانا ئەنسىرىمەي تۇرالىسۇنمۇ؟ ھېچقانداق ئۇرۇش، ھۇجۇم تەييارلىقىنى بىلمەيدىغان سەككىز ياشلىق قىزنى يالغۇز دالاغا قويۇپ بەرگىلى بولاتتىمۇ؟ ناۋادا ئەتراپنى تىمىسقىلاپ يۈرگەن يىرتقۇچلارغا ئۇچراپ قالسا ھاياتىغا خەۋپ يەتمەمدۇ؟ شۇنداق بولۇپ قالسا قىزى كۆككۆزگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ ئۆزىنى نېمە دەپ ئاقلايدۇ؟ ئۇ دېگەن بالىسىنىڭ بېشىغا شاپائەت نۇرى چاچقان نىجاتچىسىنىڭ قىزى. بۆرە ئانا ئۇنىڭ نەگە بارغىنىنى سورىغاندا، لالە

قولى بىلەن جىلغا تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. شۇ كىچىسى ئۇ ئۆڭكۈردىكى پاخال، تېرە كۆرپىسىدە ياتقاچ كۈندۈزى مېۋىلىك باغدا ئۆگەنگەن سۆزلىرىنى ھەجىلەپ ئىنتايىن شېرىن ئۇخلىدى.

ئەتىسى بېرىپ ئۇ مېۋىدىن يەنە بىرنى يېگەن ئىدى، ئۇ چۈشۈرگەك مېۋە بولۇپ چىقتى.

— بۇ مېۋىنى سىزنى تونۇگۇن ئۈزەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدۇق. سىزنىڭ ئالمىدەك پارقىراق چىرايىڭىزنى بالدۇرراق كۆرگۈمىز بار ئىدى. پاھ ـ پاھ ـ پاھ! ئادەملەر دۇنياسىدا قىز بولار سىزچىلىك بولار، ھۆسن ـ جامالىغا سىزچىلىك تولار.

— نېمە؟ چىرايىمنى يۆگىمەچ ئوتتەك بېسىپ كۆ- رۈمسىزلەشتۈرىۋەتكەن چۈپۈر تۈكلەر ھازىر يوقما؟ لالە ئىشەنمىگەندەك يۈزىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ سىلىدى.

— ئىشەنمىسىڭىز ئېقىن بويىغا بېرىپ شولىڭىزغا قاراپ بېقىڭ.

— يۈزۈمدە راستىنلا تۈك يوق تۇردۇ. ئېيتىڭە بۇ نېمە كارامەت؟

— بۇنى كارامەت دەپ كەتكىلى بولماس. مېۋىلەر- مىزدىكى بار خاسىيەت شۇ. قىزچاق، يەنە شۇنىمۇ ئەس- كەرتىپ قويۇش كېرەككى، بۇ مېۋىنىڭ خاسىيىتى نەچچە سائەتتىن كېيىن يوقايدۇ.

— بۇ نېمە گەپ، چۈشەنمىدىم.

— ھازىرقى ئالمىدەك چىرايىڭىز نەچچە سائەتتىن



كېيىن يەنە ئەسلىگە يېنىپ قالىدۇ.

— تېخى كۆككۆز ئاچام ئالدىدا تازا بىر ماختى-
نىۋالارمەن دېسەم...

— ئەجەب بۆرە ئانىڭىزنى تىلغا ئالمىدىڭىز؟

— كۆككۆز ئاچام يېنىدا بۆرە ئانامنۇ بار.

— ئانا بۆرە سىزگە قەۋەتلا ئامراق، نېمىشقىلىقىنى
بىلەمسىز؟

— ياق. سىلەرچە نېمىشقا ئامراقتۇ؟ قىزىقىش ئى-
چىدە ياندۇرۇپ سورىدى لالە.

— بىلىشىمىزچە دادىڭىز نەچچە يىل ئالدىدا ئانا بۆ-
رىنىڭ كەنجىتايىنى ھاڭدىن مىڭبىر مۇشەققەتتە قۇتۇل-
دۇرىۋاپتىكەن. شۇڭا، بۆرە ئانىڭىز سىزنى جېنىدىنمۇ ئە-
تىۋار كۆرىدىكەن.

— ھە؟ شۇنداقمۇ. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كۆككۆز ئا-
چام ئەجەب بىرەر قېتىممۇ تىنىپ قويمىدى دېسە.

— بەلكىم كۆڭلىنى پەرىشان قىلماي دېدىمىكىن.

— بەلكىم.

— بۆرە قىز، بىر كۈنلەر كەلسە يەنە ئادەمزات دۇن-
ياسىغا قايتىپ كېتەرسىزمۇ؟

— ئانام مېنى تۇغقان بولسا، بۆرە ئانام بېقىپ چوڭ
قىلدى. مەن ئادەمزات بالىسى بولسام نېمە بوپتۇ، بۆرىنىڭ
بالىسى بولسام نېمە بوپتۇ؟ بەربىر ئوخشاشقۇ.



— بۆرە دېگەن ۋەھشىي، قەبىھ ھايۋان تۇرسا، ئۇلار-
نىڭ سىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىمەم-

سىز؟

— بۆرىلەر بىلەن ئادەملەر ئەزەلدىن ئىناق - ئىتتىپاق ياشاپ كەپتىكەنغۇ. ئۇلار زىيان سالسىمۇ ئۆز قوۋمىغە قارا سانىغانلارغا سالارمىكىن...

— مەن سىزنى نېمە دەركىن دەپ سىناپ باققان، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا بۆرە قىز. كۆككۆزمۇ ئانام مېنى تۇغقان بىلەن، ھاياتىمنى قاۋۇل دادام بەرگەن. مەن ھەم بۆرىنىڭ ھەم ئادەمزاتنىڭ بالىسى، دەيدىكەن.

— راستما؟

— ھەئە. شاخلىرى يەرگە تېگىپ قالغۇدەك ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى كۇلگۇنچەك دەرەخ.

— ھەي قىزچاق، بۇ يەردىن كېتىپ ئاتا - ئانىڭىزنى، قېرىنداشلىرىڭىزنى ئىزدەپ تېپىشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟

— مەن بۇلارنى ئويلاشمىدىم.

— ھازىر ئويلاشمىغان بىلەن، كېيىن ھامان ئويلىشىسىز. كۆككۆز ئاچىڭىز سىزنى ئويلاندۇرىدۇ.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم...

بۆرىنىڭ گېپى چىقىپ لالەنىڭ ئېسىدىن تۇيۇقسىز كۆككۆز كەچتى. ئۇ مېۋىلىك باغدىكى كۆكۈللۈك ئويۇننى تۈگىتىپ، قېلىن گۈگۈم پەردىسى ئەتراپقا يېيىلغاندا ئۆيىگە — ئۆڭكۈرگە كەلدى. بۇ چاغدا ئانا بۆرە كۆككۆزنىڭ كونا تەلپەكتەك تىتىلغان يانپىشىنى توختىماي يالاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. كۆكۈيۈن، چىۋىنلەر ھە دەپ كۆككۆز-



نىڭ قان سىرغىۋاتقان يانپىشىغا قونماقچى بولاتتى، ئانا بۆرە قۇيرۇقىنى يەلپۈگۈچتەك لەپىلدىتىپ ئۇ نىجىسلارنى يارا ئېغىزىغا يېقىن يولاتمايتتى. كۆككۆز بولسا جۇپلىشۋالغان ئالدى پۇتىغا ئېگىكىنى قويۇپ كۆزىنىمۇ ئاچماستىن ھالسىز پۇشۇلداپ ياتاتتى.

— ئاھ، نېمە پېشكەللىككە ئۇچرىدىڭ، ئاچا؟

لالە يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆككۆزنى قۇچاقلىماقچى بولدىۋېدى، كۆككۆز كېسىلىم لالەگە يۇقمىسۇن دېدىمىكىن بېشىنى چايقىغاچ ھۇۋلاپ ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشماسلىققا بەلگە بەردى.



## بەشىنچى باب

# بىز مۇشۇ تاغنىڭ بالىلىرى

## چۈش ئىچىدىكى چۈشلەر

لالە كۆككۆزنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. بەدىنىگە بۇدۇشقاق، خوخاتىكەن، قۇرۇق چۆپلەر يېپىشقان كۆككۆز ئالدىدىكى بىر دۆۋە جىغان يوپۇرمىقىد-نى چايناپ ياتاتتى. كۆككۆز قارىغاندا يامان رەقىب بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇ يېقىن ئەتراپ مۇشۇ بۆرد-لەر توپىنىڭ خاتىرجەم ماكانى ئىدىغۇ؟ قارىغاندا، كۆككۆز يىراقلارغا بارغاندا ئەشەددىي دۈشمەنگە دۇچ كېلىپ ئېد-لىشقان گەپ.

— ئاچا ماڭا دەڭا، زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ لالە كۆككۆزنىڭ بېشىنى چايقىغىنى بىلەن كارى يوق، بوينىد-دىن قۇچاقلىغىنىچە سورىدى.



سۆزلەتكەك مېۋىنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك، لالە بۇلاق سۈيىدەك شۇنداق راۋان سۆزلەپ كەتتى. بۇ ئۇ- نىڭ ھاياتىدىكى ھۇۋلاش ئارىلاشقان سۆزلەشتىن كاككۇك- تەك چاڭىلداپ سايراشقا ئۆتىشى ئىدى. كۆككۆز ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا ھەيرانلىقتا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا سىزنى نەچچە كۈن كۆرمىۋىدىم، ئۆزگىرىش بەك چوڭغۇ؟ مانا، ئەمدى ياخشى بولدى. سىز لەيلى ئانامدەك سۆزلەيدىغان بوپسىز. بۇ زادى نېمە ئىش، دېگەن مەنە بار ئىدى. بۇ چاغدا لالەمۇ ئۆزىنىڭ توسقۇنسىز سۆزلىگىنىد- دىن ھەيران بولغاندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى. بۆرە ئانا، كۈچۈكلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىپ خۇشاللىقىدىن لالەنىڭ پۇتىغا سۈۋۈنۈپ ھۇۋلىشىپ كەتتى.

كۆككۆز جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان سوئالنى ئوماق سىڭلىسى كۆزىگە مىقتەك تىكىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتسا جاۋاب بەرمەي قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ؟

— ئوماق سىڭلىم بۇ سوئالىڭغا كېيىنرەك جاۋاب بەرسەم رەنجىمەي قالارسەنمۇ؟

— ياق، ئاچا. كۆككۆزنىڭ جاراھىتىنى تاتلاپ قوي- ماي دەپ ئويلىغان لالە شۇنداق دېدى.

شۇ كېچىسى لالە كۆككۆزنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. كۆككۆزنىڭ بەدىنىدىكى بۇدۇشقاق، قورۇق چۆپلەرنى بىر - بىرلەپ تەردى. كۆز جىيەكلىرىدە قېتىپ قالغان چاپاقلارنى ئادا- لىدى. لاي - پاتقاق كېچىپ بوزلىشىپ قالغان تۈكلىرىنى،



تولا يول يۈرۈپ گۈمبەزدەك ئىششىغان تاپانلىرىنى پاختىـ
دەك يۇمشاق قوللىرىدا ئاۋايلاپ سىلىدى. ئۇ تولا مىجىقلاپ
تولغاپ ئوينايدىغان تىلىنغان قۇلىقىنى يۈزىگە سۈركەپ
توختىماي ھىدلىدى. «ئاچامنىڭ جاراھىتى ساقايسا ئەمدى
ئۇنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايمەن» دېگەن خىياللارنى قىلغان
لالە تولىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى. كۆككۆزمۇ
لالەنى ئەنسىرەپ قالمىسۇن دېگەندەك يانپىشى ئېچىشىپ
ئاغرىپ تۇرسىمۇ، گېلى بوغۇلۇپ ئۇزۇپ – ئۇزۇپ يۆتەلـ
سىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەشكە تىرىشاتتى.

«مۇشۇ كېچە ئاچامغا بىر ئىش بولماي تىنچ ئۆتسىلا، ئەتە كۈلگۈنچەك مېۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرىشەي. ئۇ شاخلاردىكى ھەممە مېۋىنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى بارلىقىنى دەۋەتقاندەك قىلغان، بەلكىم جاراھەتنى تېز ساقايتىدىغان مېۋىسىمۇ باردۇر» دەپ ئويلىدى لالە.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە لالە ھېچكىمگە تىنماي شىپپىدە ئۆڭكۈردىن چىقتى – دە، تاغ جىلغىسىنى بويلاپ ھېلىقى مېۋىلىك باغقا كەلدى. قايسى كۈنى «بۆرە قىز، سەن بىزنىڭ مېۋىمىزنىڭ خاسىيىتىنى ھېچكىمگە تىنما، بولمىسا بىز بىر كېچىدىلا سەن مەڭگۈ تاپالمايدىغان جايغا كۆچۈپ كېتىمىز» دېگەنىدى كۈلگۈنچەك مېۋە. ئۇ بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنمىدى.

باغقا كىرگەندە شاخلاردىكى مېۋىلەر كۈلۈشكىنىچە ئۇنى قارشى ئالدى. لالە ئۆزىنىڭ بۇ باغقا كېلىشتىكى ئويىنى ئېيتىۋىدى، زەھەر قايتۇرىدىغان، جاراھەتنى ساـ

قايتىدىغان خاسىيىتى بار مېۋە يوق بولۇپ چىقتى. ماۋۇ چۈش كۆرگەك مېۋىنى يەپ بېقىڭ، بەلكىم چۈشىڭىزدە ئۇنىڭ داۋاسى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېدى. ئۇ ياشتىكى بالىلار بۇنداق يېڭى پاراڭغا قىزىقماي تۇرالايتتىمۇ؟ ئەلۋەتتە تۇرالمايدۇ ـ دە. «بەلكىم چۈشۈمدە ئاچامنى داۋالايدىغان دورا تېپىلىپ قالار» دېگەننى ئويلىغان لالە شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ چۈش كۆرگەك مېۋىنى يەۋەتتى. ئارىدىن مىنۇت ئۆتمەي كۆزلىرى خۇمارلىشىپ مۈگدەپ دەرەخكە يۆلىنىپلا ئۇيقۇ دالاسىغا سەپەر قىلدى.

ئۇيقۇ دېگەنمۇ ئاجايىپ. ئۆزۈڭ يەردە ياتساڭمۇ چۈشلىرىڭ قوللىرىڭغا پەي ئۈندۈرۈپ سېنى كۆپكۆك ئاسماندا لەپ ـ لەپ ئۇچۇرىدۇ. ھارساڭ بۇلۇتلار ئۈستىدە ئارام ئالىسەن. دۇنيانى ئايلىنىپ جىق بالىلار بىلەن دوست بولىسەن. ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايسەن. ئۇلار ساڭا جىق ئويۇنلىرىنى ئۆگىتىپ قويسا زېرىكمەيسەن. چۈش نېمىدېگەن ياخشى. ئۇنىڭ چۈشىدە تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ يېنىدا بىر بۆرە كۈچۈكىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولغىنى، ساقاللىق بىر بوۋاينىڭ بويىنىغا تۇمار ئېسىپ قويغىنى، يانارتاغ پارتلىغىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرى، كۆككۆزنىڭ ئۆزىنى بۇ ئۆڭكۈرگە دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئەكەلگىنى، تاغدىكى كۈنلىرى، كۆككۆزنىڭ كۆيۈك تاغقا بېرىپ بىر بالا بىلەن كۆرۈشكىنى، قاراڭغۇ ئورماندا بوغما يىلاننىڭ كۆككۆزنى چىشلىۋالغىنى ... جىغان يوپۇرمىقىنىڭ جاراھەتكە شىپا بولىدىغىنى ئايان بولدى.

ئۇ ئەمدى ئويغىناي دەپ شۇنچە كۇچىسىمۇ، كۆزلىـ-
رىنى ئاچالماي يەنە چوش قوينىغا كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆ-
زىنىڭ ئەمەس باشقىلارنىڭمۇ چۇشىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ
كۇلگۇنچەك دەرەخكە دېدى:

— مېنى تۇغۇلغان چېغىمدىكى سىياقىمغا ياندۇرۇپ
قويغان بولسىڭىز سىزدىن مەڭگۇ مىننەتدار بولاتتىم.

— بۇنداق خاسىيەت قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مېنىڭ
قۇدرىتىم چەكلىك. ئەگەر راستتىنلا ئەسلىڭىزگە ياناق-
چى بولسىڭىز، كۆيۈك تاغدا سۇبات دېگەن ئاكىڭىز، نۇر-
دۇن ئاتلىق تۇگمەنچى بىلەن سىزنىڭ يولىڭىزغا تەلمۇرۇپ
باقماقتا. سىز ئاكىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئالتۇن قۇم دۆ-
ۋىسىنى كېسىپ ئۆتسىڭىز بىر پالچى موماي ئۇچرايدۇ.
ئاشۇ پالچى موماي چىرايىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قال-
ماي يەنە ئاتا - ئانىڭىزنىمۇ تېپىپ بېرىدۇ... بىزنىڭ
ياردىمىمىز مۇشۇنچىلىك. ئەمما، بۇ سىرنى چوقۇم ئۆزد-
ڭىزلا بىلىشىڭىز كېرەك. باشقىلارغا تىنىپلا قالسىڭىز
ئاتا-ئانىڭىزنى مەڭگۇ كۆرەلمەيسىز. چىرايىڭىزمۇ بۆرە
سىياقتا قالىدۇ. خەير، بۆرە قىز، ئامان بولۇڭ...

ئۇ ئويغىنىپ، ئۇخلىغان يېرىدىن ئەمەس، بەلكى يو-
غان بىر قورامتاش تۇۋىدىن قوپتى. ھېلىقى كۇلگۇنچەك
مېۋىلىك باغ ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ
كۆزىگە كۆرۈنگىنى پەقەت ئېرىنچەكلىك بىلەن مۆرىگەچ
يۇمران چۆپلەرنى چايناۋاتقان بىر توپ ياۋا كالىلار بولدى.
ھېلىلا ئۇنىڭ قولىغا پۇتۇن دۇنيانى تۇتقۇزغان شې-



رىن چۈشلىرى قېنى؟ چۈش دېگەنىمۇ گۈلە - قاقتەك خالتىغا سېلىپ ساقلىغىلى بولغان بولسا - ھە.

زەھەرى يېنىپ، تېنىگە ماغدۇر كىرىپ، يارىسى پۈتكەن كۆككۆز نەچچە كۈندىن كېيىن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئارىسالدىلىق كۆككۆزنى قىينىماقتا ئىدى. دېمەي دېسە لالە ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەي مەڭگۈ مۇشۇ تاغدا ياشاپ ئۆتىشى مۇمكىن ئەمەس. دەي دېسە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن، كۆزلىرى-دىن تىم - تىم تامچىلارنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ئەنسىرىدى. ئاخىر كۆككۆز ئۆز كۆڭلىدە توغرا دەپ بىلگەن تاللاش بويىچە بىر كۈنى ئۆڭكۈردىكى بۇلۇڭغا تىقىپ قويغان لالەنىڭ يۆگىكىنى چىشلەپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— نېمە بۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى لالە.

— سىزنى بوۋاق چاغدا يۆگىگەن يۆگەك.

— مەن بۇنى نېمە قىلىمەن؟ لالە تېخىمۇ ھەيران بولدى.

كۆككۆز جاۋاب ئورنىغا ئۇنىڭ كېيىك تېرىسى بىلەن ئورالغان پېشىنى يېنىك چىشلەپ پەسنى - لالەنى نەچچە يىل ئالدىدا مىندۇرۇپ ئەكەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ ئۇ-نى تارتتى.

— ھەئە، مېنى بىر جايغا ئاپارماقچىكەندە ئاچام، - دەۋەتتى لالە ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ.



كۆچۈكلەر ئۇنىڭ كېتىشىگە قىيمىغاندەك ئالدىنى توسۇپ مېھرىلىك ھۇۋلاشتى. بۆرە ئانا بولسا «بىرىلىك قى-

زىم، يەنە پات ئارىدا بىزنى كۆرگىلى كېلەرسىز »دېگەن مەنىدە كۈلۈمسىرىدى.

ئۇلار يولغا چىقىپ تاغ جىلغىسىدىكى قىسىلچاق غار، قىيا تاشلىق تار يوللارنى بويلاپ، ئېقىنلاردىن ئاتلاپ، چاتقاللىقنى بېسىپ ماڭدى.

بۆرە قىز، بۆرە قىز،
بۆرە قىز، بۆرە قىز،
كۆكۈچ كۆزى كۆل، دېڭىز.
بۆرىلەرگە تۆرە قىز.

باياۋاندا، قۇملۇقتا،
ئەسلى بولغاچ ئادەمزات،
چېكىم ـ چېكىم قالدى ئىز.
ماڭالايدۇ ئۆرە قىز.

لالە ماڭغانسېرى ھەيران قالدى. نېمىگە دەمسىز؟ بۇ يوللارنىڭ بىر يەرلىرى چۈشىدىكىگە ئوخشاۋاتاتتى، ياق، ئوخشاۋاتاتتى ئەمەس، بۇ چۈشىدىكى يوللارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇلار ئۇسساپ قالسا سۈزۈك ئېقىن سۈيىنى ئىچىپ، ياۋا مېۋە، كۆكتاتلارنى يەپ، ئۇيقۇسى كەلسە ئاسمانىنى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ ئۈچىنچى كۈنى چۈش بولغاندا بۇلۇتلار قوينىغا مۆككەن كۆيۈك تاغ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

ئۇلار كۆيۈك تاغقا كەلگەندە سۇبات بىلەن نۇردۇن بوۋاي ئۇلارنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. نۇردۇن بوۋاي ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. قورۇقلار قورشاۋىدا قالغان بىر جۈپ كۆزى بوۋاينى خىلىلا جۇدەڭگۈ كۆرسىتەتتى. بوۋاي كۆككۆزنى تونۇغاندەك كۆككۆزمۇ بوۋاينى ئاللىبۇرۇن تونۇپ بولغان ئىدى. بوۋاي بىلەن كۆككۆز شۇڭا قىلچە ياتسىرىماي قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. نۇردۇن بوۋاينىڭ قوللىرى ھاياجاندىن تىترەۋاتاتتى. بىر جۈپ قولنى بوۋاينىڭ مۈرىسىگە ئېلىۋالغان كۆككۆز دەيدىغان نۇرغۇن گېپى باردەك ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىنى توختىماي ھىدلايتتى. بىر چاغدا كۆككۆز سۇباتقا «لالەنى ساق ئەكەلدىم» دېگەندەك يېقىنچىلىق قىلىپ سىلىق سۈۋۈنۈپ قويدى.

لالە تېخىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي چاچلىرى بىلەن تۈكلۈك يۈزىنى توسۇپ تىرنىقىنى كولىغانچە يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي ياتسىراپ تۇراتتى.

نۇردۇن بوۋاي كۆككۆز بوينىدىكى يۆگەككە، قىزنىڭ بوينىدا جۇلالاپ تۇرغان تۇمارغا قاراپ يېنىدىكى ئۇزۇن چاچ قىزنىڭ لالە ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى. كۆككۆز نەچچە يىل ئالدىدا مۇشۇ يۆگەكنى چىشلەپ لالەنى مىندۇرۇپ ماڭغاندا بوۋاي كۆرگەن ئەمەسمۇ؟

— قىزىم، ئىسمىڭىز...

— بۆرە قىز.

— بۆرە قىز؟ بۇ كىم قويغان ئىسىم؟

— كۆلگۈنچەك...



— ئۇلار نېمىدەپ سىزگە بۇ ئىسىمنى قويغان؟
— چىرايىم بۆرىگە ئوخشىغىنى ئۈچۈنمىكىن.
— سىزنىڭ ئىسمىڭىز بۆرە قىز ئەمەس لالە.
— لېكىن مەن بۆرە قىز دېگەن بۇ ئىسىمنى بەك ياقتۇرىمەن.
— بۇ بالا سىزنىڭ ئاكىڭىز سۇبات بولىدۇ.
— ئاكام...؟
— ئانىڭىزنىڭ ئىنىسى.
— ھەئە، بىلدىم.

## نۇردۇن بوۋاي تۇگمىنىدە

— مەن تۇگمەن نورىغا دېيىشىپ قويغان ئاشۇ ياغاچلارنى ئەكىلىۋالاي دەپ، تۇگمەنگە ئۇنغا كەلگەنلەرنىڭ ئات - ئۆكۈزلىرىنى سوراپ تاغ ئېتىكىگە يېقىنلاشتىم. ئۇ كۈنى كۆل رەڭ بۇلۇتلار سۇرۇلۇپ، تۇرۇلۇپ كېلىپ ئاسمان مىس تاۋاقتەك قىزغۇچ رەڭگە كىرگەندىلا كۆڭلۇم بىر ۋەھىمىنى تۇيۇپ قالدى. باشتا تاغ چوققىسىدىن قويۇق ئىس - تۈتەكلەر ئارغامچىغا ئېسىلغان پىرىخوندەك پىرقىراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، كەينىدىنلا كۈچلۈك ئوت يالقۇنىغا ئايلاندى. تاغلار ئېرىپ پەسكە دومىلىغانسېرى ئەتراپتىكى دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر لاۋۇلداپ كۆيۈپ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى. ياپاناھ، ئۆمرۈمگە



كېلىپ كۆرمىگەننى كۆردۈم.

ۋاي، ئىسىت! بۇ جاينى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق چىمەنتاغ قىلغان قاۋۇل ئائىلىسى ئامان قالسا بولاتتىغۇ، دەپ قولۇمنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈردۈم. ئۈچ ـ تۆت ئايەتنى ئوقۇپ بولغىچە ئوت يالقۇنى ئاللىقاچان ماڭا يېقىنلاپ كەلدى، شۇئان كەينىمگە داجىدىم. ھەممەيلەننى ئوت يالماپ يۇتۇپ كەتتى بولغاي دەپ تۇرغاندا كۆككۆزنىڭ (بوۋاي ئۇندەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن بۆرىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى) بىر كىچىك قىزنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ قاپتاللاردىن سىيرىلىپ دېگۈدەك بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قاراپ ئېدىر، كۈزلەككە قاراپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم.

كۆككۆزنى كۆچۈك چېغىدا قاۋۇل، لەيلى قۇتقۇزىۋېلىپ بېقىپ چوڭ قىلغان (بۇ چاغدا كۆككۆز نۇردۇن بوۋايغا «شۇ چاغدا سىزمۇ مېنى قۇتۇلدۇرغان، سىزگىمۇ تەشەككۇر ئېيتسام بولىدۇ» دېگەندەك تۇمشۇقىنى بوۋاينىڭ تىزىغا سۈركەپ قويدى) ئەمدى مانا ھالقىلىق چاغدا كۆككۆز ئۇلارغا ساداقەتمەنلىك كۆرسەتمەكچى بولىۋېتىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدىم. ئەمما سىزنى (بېشى بىلەن لالەنى ئىما قىلدى) نەگە ئېلىپ ماڭغىنىنى بىلەلمىدىم. ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئۇچاغدا ئۆز جېنىم بىلەن پايپېتەك بوپتىمەن.

ئوت يالقۇنى ئالاھەزەل ھەپتىدە بېسىقتىغۇ دەيمەن. تاغ تاشلىرى سۇدەك ئېرىپ ئېقىۋەرگەچكە تاغ بۇرۇنقىدىن خېلىلا پەسلەپ كەتكەن ئىدى. مەن بۇ جايغا كېيىن تالاي قېتىملاپ كەلدىم، قاۋۇل بىلەن لەيلىنى ئۇچرىتالمىدىم.



ئۇچراتقىنىم پەقەت شارقىراتمىنىڭ تېيىز يېرىدە لەيلەپ قالغان قاۋۇلنىڭ بىر پاي ئۆتۈكى ۋە لەيلىنىڭ بېشىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئاق روملى بولدى. سۇ دولقۇنى ئېقتىپ ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار كۈچلۈك ئوت يالقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى شارقىراتمىغا ئاتقان ئوخشايدۇ؟ ئەلۋىدا، ئۇلارنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن. بالا مېھرىگە قانماي ياش تۆرۈپ كۆزى ئوچۇق كەتكەنلەر ئەلۋىدا...

بوينىڭىزدىكى تۇمارنى سەككىز يىل ئاۋۋال مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئېسىپ قويغان. مەن ئۇلارنىڭ روھى خۇش بولار دەپ تاغقا نۇرغۇن كۆچەت تىكتىم. بەلكىم سىز كۆ-يۈك تاغقا كۆچەت تىكسە تۇتامدۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ كۆچەتلەرنى ئېتىكىمدە توپا توشۇپ يۆرۈپ تىكتىم. كۆز يېشىمدا سۇغاردىم. ئەجرىمگە يارىشا ئاز ـ تولا يې-شىللىق بەرپا بولدى. ئەنە كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر تاغ بۇرۇ-قىدىن جىق پەسلەپ كەتتى.

تىككەن كۆچەتلەرگە سۇ قۇيۇۋېتەي دەپ كەلسەم، بۇ بالا قولىدا مارجان غىلاپلىق خەنجەر، تاغ ئېتىكىدە مىد-شىلداپ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. بىر قاراپلا ئۇنىڭ قاۋۇل دائىم ئېسىپ يۈرىدىغان ھېلىقى خەنجەر ئىكەنلىكىنى تو-نۇۋالدىم. بۇ خەنجەر قانداق بولۇپ بۇ بالىنىڭ قولىدا بو-لىدۇ، دەپ ھەيران بولمامدىمەن؟ كېيىن بىلىمدىكى ئۇنى كۆككۆز بەلگە ئۇچۇن ئۇنىڭغا بېرىپ ئۆزىنىڭ لالەنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى، ئاڭغىچە قايتىپ كەتمەسلىكىنى



ئۆتۈنۈپ، ئۇچقاندەك ئارقىسىغا يېنىپتۇ. مەن سىنچىلاپ قاراپ بۇ بالىنى تونۇۋالدىم. لەيلىنىڭ تويى بولۇپ تاغقا كۆچۈرۈپ كەلگەن كۈنى ئۇنى بىر قېتىم كۆرگەن. ئۇ چاغدا بۇ بالا ئاچىماق ئىشتان كىيىپ ئورماندىكى تىد-يىنلارنى قوغلاپ ئويناۋاتاتتى. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن سۇباتنىڭ كۆڭلىدە «تۇغقانلىرىم هايات» دەيدىغان بىر ئۇ-مىد پەيدا بولغان. شۇڭا پات - پات كېلىپ ئاچىسىغا بول-غان سېغىنىشىنى بېسىپ كەتكەن.

— شۇنچە يىللاردىن بېرى سەن بۇ مارجان غىلاپلىق خەنجەرنى نەدە ساقلىغان ئىدىڭ؟ هەيرانلىقىنى يوشۇرال-مىدى نۇردۇن بوۋاي.

— مانا بۇ يەردە، هۇۋۋۇ - هۇۋۋۇ. كۆككۆز بېشى بىلەن يۆگەكنى ئىما قىلدى.

— ئانام - داداملارنىڭ هەسرەتلىك ياشلىرى هېلىهەم قۇرىغىنى يوق، — دېدى سۇبات، — سىز يېڭى تۇغۇلغاندا مەن دادام، ئانام بىلەن سىزنى يوقلاپ تاغقا كەلگەن. بۇ مەن مەكتەپكە كىرىپ قويىۋەتكەن تۇنجى تەتىل مەزگىلى ئىدى. ئۇ چاغدا سىز جامالىدىن ئاي خىجىل بولغۇدەك بەكمۇ ئوماق، چىرايلىق قىز ئىدىڭىز. هازىر تۈكلۈك چىرايىڭىزنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. سىز ئاشۇ لالەمۇ - ئەمەسمۇ؟

— مەن بۆرىلەر دۇنياسىدا چوڭ بولغان بۆرە قىز، شۇ دېسەڭلار شۇ. ئەمەس دېسەڭلار ئەمەس.

— سىڭلىم، چىرايىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغاننىڭ



ئامالىنى قىلىساق بولاتتى...

— بوۋاي، ھېلىقى ئۆتۈك بىلەن رومالنى ماڭا بېرەمسىز؟ لالە سۇباتنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك بوۋايغا بويۇندىدى.

## قىزىم، بۆرە چىراي ئۆتەرسىزمۇ؟

نۇردۇن بوۋاي پاراڭ ئارىسىدا لالەگە توختىماي قارايتتى. سۇباتمۇ ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغاندەك پات - پات ئۇزۇن چاچلار ئىچىدىن بۇلۇت ئارىسىدىكى تولۇنئاينى كۆرمەكچى بولغان قۇياشتەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر سالاتتى.

— قاراڭلار بىخۇدلىقىمنى، پاراڭ بىلەن بولۇپ سىدەلەرگە داستىخان سېلىشنى ئۇنتۇغىنىمنى. قېنى تۆرگە مەرھەمەت. بوۋاي ئۇلارنى سۇپىغا باشلىدى. لالە بىلەن سۇبات تۇزۇتسىزلا تۆرلىدى. كۆككۆز «مەن تۆرگە چىقماي مۇشۇ پەگادىلا تۇرايمىكىن... » دېگەندەك نۇردۇن بوۋايغا قاراپ سىلىق غىڭشىپ قويىدى.

— ۋاي - ۋۇي ئەدەپلىكـ، تارتىنچاق بۆرەم، تۆرگە ئۆتمۇەر، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ ۋە كۆتۈرۈپلا ئۇنى سۇپىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى.

بوۋاي ھېلى تېخى سىرتقا چىقىپ كەتكەندەك قىلغان، بىردەمدە لېگەندەك چوڭلۇقتىكى پېتىر كۆمەچنى

كۆتۈرۈپ كىردى. ئاچقان قورساققا بۇنداق چاغدا چوغقا كۆمگەن مەززىلىك كۆمەچتىنمۇ ئارتۇق غىزا بولمايدۇ - دە.

— قانداق ئوخشاپتىمۇ؟

— بەكمۇ مەززىلىككەن، — دېدى سۇبات، ئاناممۇ بۇنچىلىك سارغايتىپ پىشۇرالمايدۇ.

— بۇنىڭغا بۇنداق تەم كىرگۈزگىنى چۆل ئوتۇنى. قېنى تارتىنماي يەڭلار، بالىلىرىم.

— بوۋا، بىز بۇ بىر كۆمەچكە تويمايدىغاندەك قىلىپ تۇرىمىز جۇمۇ. چاقچاق قىلدى سۇبات.

— قوقاسقا يەنە بىرنى كۆمۈپ قويۇپ كىردىم. قانچە يېسەڭلار جان دەپ پىشۇرۇپ بەرگىلى مەن تەييار. يالغۇز غىزا گالدىن ئۆتمەيدىكەن. مانا بۈگۈن مېنىڭمۇ ئىشتىھايىم ئېچىلىپ قالدى دېسە.

باشتا پۇراپ قويۇپ جىم تۇرىۋالغان كۆككۆزگە كۆمەچ تېتىپ كېتىپ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاچ لالە ئۇزاتقاننى ياندۇرماي ھۇزۇرلىنىپ يېمەكتە ئىدى.

— ئەمدى نېمە پىلانلىرىڭلار بار، بالىلىرىم، — سۆزىنى باشلىدى نۇردۇن بوۋاي، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، — يېنىمدا قېلىپ ماڭا ھەمراھ بولساڭلارغۇ بېشىم كۆككە يېتەتتى.

— كۆككۆز تاغقا قايتسۇن، مەن لالەنى ئۆيگە ئەكىتەي. شۇ تاپتا دادام، ئانام يولۇمغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەندۇ. نەچچە يىل كۆرمىگەن نەۋرىسى بىلەن كۆ-



رۇشتۇرۇپ ئۇلارنى تۇيۇقسىز بىر خۇش قىلىۋېتەي. شۇنداق قىلسام ئاچامنىڭ ئىچ ئاغرىقىنى ئاز ــ تولا بولسىمۇ ئۇنتارمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

ــ مېنىڭمۇ شۇ تاپتا قولۇمنى قانات قىلىپ ئۇچۇپ بېرىپ بوۋام، مومامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتقۇم بار. ھېلىمۇ نەچچە يىلىم بۆرىلەر دۇنياسىدا ئۆتتى. كۆككۆز ئاچام بىلەن ھەرقېتىم كۈزلەككە ئوينىغىلى چۈشكەندە، ئاتا ـ ئانىسى تېرىقچىلىق قىلىۋاتسا ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆرۈپ قانداق خىيالدا بولغىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن. مېنىمۇ ئاتا ـ ئانام قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويسا خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بۇ ئەپتىم بىلەن بارسام چوقۇم ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويىمەن. بوۋام، مومام بىر نېمە دېمىگەن تەقدىردىمۇ قوشنىلارنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنىشىم ئېنىق.

تاغ كەينىدە بىر پالچى موماي بار، دەپ ئاڭلىۋىدىم (ئۇ كۈلگۈنچەك مېۋىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويسا سۆزلەشتىن قېلىپ بۆرىدەك ھۇۋلايدىغان ھالەتكە يېنىپ قېلىشىدىن قورقتى). شۇ مومايىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ باقاي. موماي بەلكىم سېھىر ـ خاسىيەتلىرى، كارامەتلىرى بىلەن مېنى ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويسا ئەجەب ئەمەس. بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي دەۋاتىمەن. مومايمۇ ئامال قىلالمىسا تەقدىرگە تەن بېرىپ بوۋام، موماملارنىڭ يېنىغا بارساقمىكىن.



— قۇملۇقنىڭ نېرىسىدا ماڭا تۇمار پۈتۈپ بەرگەن بىر موماي بولىدىغان. ئىزدىمەكچى بولغىنىڭلار ئاشۇ مومايمۇ، ئەمەسمۇ بىلمەيمەن. ئۇ پالچىنى شۇنچە كەڭرى جاھاننىڭ قايسى بۇلۇڭ - پۇشقىقىدىن تاپالارسىلەر، بالىلىرىم. تۆت تال تۈكنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى ئەمەسمۇ، يولۇڭلارنى توسقىنىم ئەمەس. بىھۇدە رىيازەت چېكىپ قالارسىلەرمۇ؟

— تاپالىشىمنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. كۆككۆز تاغقا قايتسۇن. ئۇلار شۇتاپتا كۆككۆزنىڭ يولىغا ئۈمىد بىلەن بېقىۋاتىدۇ. سۇبات ئاكام مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالامدىكىن؟ خالىسا مەن بىلەن بىللە بارسا، خالىمىسا ئۆيگە قايتقاچ تۇرسا.

— سىزنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنارمۇ مېنىڭ؟ يالغۇز كەتتىممۇ دەيلى، كېيىن قانداق تېپىشىمىز؟! يالغۇز بارسام سىزنىڭچە ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلالامدىمەن؟ بولدى، سىز بىلەن بىللە بارغىنىم بارغان.

## كۆككۆز لالەگە قىيالمىدى

قومۇش چەللىلىك سۇپىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان كۆككۆز گەرچە ئاز - تولا يېشىللىق بەرپا بولغان بولسىمۇ، قاقاسلىشىپ كەتكەن كۆيۈك تاغقا كۆزىنى ئۈزمەي



قارايتتى. نىمىلا دېگەنبىلەن ئۇ كۆككۆزنى بەش يىل باق-
قان، ئىسسىق باغرىدا ئەللەيي ئەتكەن مېھرىلىك
ماكان - دە.

تىلسىملار دۇنياسىدا ھەممە ئىشلار ئۆزىنىڭ رېتى
بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. شۇ چاغدا يانار تاغ
پارتلاپ، يەر تەۋرىمىگەن بولسا كۆككۆز تاغنى مەڭگۈلۈك
ماكان ئەتكەن، بالىلىقىنى لالە بىلەن تاغ - جىلغىلاردا
قىيغىتىپ ئويناپ ئۆتكۈزگەنمۇ بولار ئىدى. ئۇ چاغدا
كۆككۆزنىڭمۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ مۇڭلىنىپ
قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولارمىدىكىن - تاڭ؟!

— بىر يامان ئىشنىڭ بىر ياخشى تەرىپى بولغىنىدەك
يانار تاغ پارتلاپ، يەرتەۋرەپ ئانام، ئاكا - ئاچىلىرىم بىلەن
تېپىشالىدىم. ئانام ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇققاندىن كې-
يىن ماڭا قارىغاندا لالەگە بەكرەك ئامراق بولۇپ كەتتى.
ئۇنىڭغا بارلىق مېھرىنى بېغىشلىدى.

يىللار نىمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە! بۆرە ئانام يېنى-
غا دۇمبەمگە مىندۇرۇپ ئاپارغان ئىككى ياشلىق كىچىك
بالا مانا بىرنەچچە يىلدا جىلغا سۇيى، قۇش تۇخۇملىرىنى
ئىچىپ، ياۋا مېۋە، خام گۆشلەرنى يەپ مەندىنمۇ ئېگىز
ئۇماق بىر قىزچاققا ئايلاندى. بۇ نەچچە يىل ئىچىدە با-
ھارنىڭ ئىللىق شامىلىنى بىللە ھىدلىدۇق. يازدا ئىد-
دىرلاردا ئاق - سېرىق ئېچىلغان گۈللەرنى بىللە تاماشا
قىلدۇق. كۈزنىڭ ئالتۇنرەڭ پەسلىدە ياۋا مېۋە قاقلىرىنى
بىللە تەردۇق. قىشنىڭ كۈمۈش قار قاپلىغان داللىرىدا



چېكىم ـ چېكىم ئىزلارنى بىللە قالدۇردۇق. ئۇ نېمىشقا
ئاكىسى بىلەن مەھەللىسىگە ياناي پالچى مومايىنى ئىزدەپ
تېپىشتا چىڭ تۇرىۋالىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭمۇ بەلكىم قەلبىدە
باشقىلارغا ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان پىنھان سىرلىرى
باردۇر؟

بىر نەرسىنىڭ تېگىگە ھازىرغىچە يېتەلمىدىم دېسە.
تېخى نەچچە يىل ئالدىدا ماڭا ئوخشاش ھۇۋلاپ يۈرگەن ئۇ
قىز نەچچە كۈن كۆرمىسەم شۇنچە راۋان سۆزلەيدىغان بو-
لۇپ كەتكىنىنى. يا نەچچە يىلدىن بېرى گەپلىرىنى ئادەم-
لەر بىلەن سۆزلەشكىلى ئاياپ قويغانمىدىكىن...

سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاس-
رىغاندەك ئاسراپ كەلدىم. بىزنىڭ شارائىتىمىز شۇنچە-
لىك بولغاچقا بەزىدە ئاچ ـ يالىڭاچ قالغاندۇ؟ ئۇمۇ بەل-
كىم بىزنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن بۇ سەۋەنلىك-
لىرىمىزنى ئەپۇ قىلار.

كۆككۆز مۇشۇ ئويلاردا بولىۋاتقاندا، لالەمۇ ئۆز خى-
ياللىرى بىلەن بەند ئىدى.

ــ ئۇزۇندىن بېرى كۆككۆز ئاچام بىلەن ئامراق ئا-
چا ـ سىڭىل بولۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ جەرياندا ئۇلار
مېنىڭ نۇرغۇن ئېغىرچىلىقلىرىمنى كۆتۈردى. ئۇلارنى
مۇشۇنچىلىك جاپاغا سالغىنىممۇ يېتەر. يۈزۈمگە تۈك ئۈ-
نۈپ بۆرە چىراي بولۇپ قالغىنىم ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكى
ئەمەس. ئۇلار ياخشى نىيەت بىلەن مېنى بېقىپ چوڭ
قىلسا يەنە ئۇلاردىن ئاغرىنىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ يوق،



ئەسلا يوق. مەن ئەزەلدىن ئۇنداق خىياللاردا بولۇپ باقمى-
دىم. ئۇنداق خىياللارنى قىلىشمۇ تۇزكورلۇقتىن باشقا
نەرسە ئەمەس. كۆككۆز ئاچام مېنى ھېلىقى بۆرە ئانا تو-
پىغا ئېلىپ بارغاندا، ئۇلار مېنى خامتالاش قىلىۋەتكەن
بولسا نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ ئېھ، تىلسىملارغا تولغان دۇن-
يا، مەن سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى. — ئالدىنقى ئايدا
ئۇ مېنى سۇبات ئاكام بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، دەپ تالاپەت-
كە ئۇچراپتۇ. مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ قەرزدار. ئۇ نەچچە يىل-
دىن بېرى پات - پات يوقاپ كەتكەندە دەل مۇشۇ كۆيۈك
تاغقا كېلىپ ئانام، دادامنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ، تاغدا قالغان
ھىدىنى پۇراپ ئۆز ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەپتۇ
ئەمەسمۇ؟! ئاھ، ۋاپادار ئاچا، ساڭا كۆپ رەھمەت. ماڭا يول
بەر، بۆرە ئانامغا، ئاكا - ئاچىلىرىمغا سالام دە. مەن سى-
لەرنى چوقۇم يوقلاپ بارىمەن. لېكىن مېنى ھازىر يولۇم-
دىن قويما. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى مېڭىشنى خالىغان
تاللاش يولى بولىدۇ. مەنمۇ ئۆزۈم تاللىغان بۇ يولۇمدا
بىر قېتىم مېڭىپ باقاي.

لالە بىلەن كۆككۆز بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى كۆ-
زىگە سىغدۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولغاندەك ئۇلۇغ - كىچىك
تىنغاچ توختىماي ئەتراپقا نەزەر سالاتتى.

— خەير ئاچا، ئامان بولۇڭ.

— بىز ئەمدى قاچانلاردا كۆرۈشەلەرمىز؟ ھۇۋۇۋ -
ھۇۋۇۋ. كۆكۈش كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى كۆككۆز.

— بىز كىچىكىمىزدىن بىر - بىرىمىزگە يار - يۆ-



لەك بولۇپ چوڭ بولغان، مېھرىمىز دېڭىزدىن چوڭقۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىڭ، بىر كۈنى ھامان قۇچاقلىشىپ كۆ-رۈشىمىز.

— يولدا پەخەس بولۇڭ. مەن سىلەر بىلەن بىرگە بارسام بولماسمۇ؟ ھۇۋۇۋ - ھۇۋۇۋ.

— مېنىڭغۇ سىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغۇم يوق. ئا-دەمزات دۇنياسىدا بىز بىلەن بىرگە يۈرسىڭىز باشقىلارنى چۆچۈتۈپ قويارمىزمۇ؟ ئەسلىدە مېنى دەپ ئالدىنقى قې-تىم ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدىڭىز. يارىڭىز تەلتۆكۈس ساقايغىنى يوق. سىز تاغقا قايتىپ يەنە بىر مەزگىل ئوبدان كۈتۈنىشىڭىز كېرەك، دېمەكچى ئىدى. ئۇنداق دې-يەلمىدى. ھېلىمۇ لالەنىڭ كۆككۆزگە سالغان ئېغىرچى-لىقلىرى ئازمۇ؟

شۇنچە سۆزلەپمۇ ئۇلارنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىنى پەملىگەن نۇردۇن بوۋاي تۇلۇمغا سۇ، خالتىغا تالقان قا-چىلاپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بەردى. لالە يولغا چى-قىش ئالدىدا بىر پاي ئۆتۈك بىلەن ئاق رومالنى خاتىرە ئۈچۈن بوۋايدىن سورىۋالدى .

— ئېلىڭلار باللىرىم، بۇ تۆگە مېنىڭ ئۇزۇن يىل-لىق ھەمراھىم ئىدى، ئەمدى يولدا سىلەرگە ھەمراھ بول-سۇن. سەپەردە ھاردۇق يامان باللىرىم، خالتا - تۇلۇملار-نى كۆتۈرگەچ سىلەرگە «بوف - بوف» لاپ ناخشا ئېيتىپ بەرسىمۇ ھېسابقۇ.



— رەھمەت، بوۋا. ئەمدى ئۆزىڭىز بۇ يەردە يالغۇز

نېمىش قىلىسىز.

— قېرىنداشلىرىم نان يېمىسە بولماس. تۇگمەننى يېڭىباشتىن قويۇرىمەن.

— ئىگەم قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن، بوۋا.

— بىرەر قوينى سويۇپ سوقۇم قىلىپ بېرەيمۇ - يا؟

— بولدى، مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

بوۋاي ئاق يول تىلەپ تۇگمەندە قالدى. گەرچە قولىلالە بىلەن سۇباتقا خوش دەپ ھاۋادا پۇلاڭلىسىمۇ مەڭزىنى بويلاپ چورۇقىغا توك - توك تامغان ياشلىرىنى يوشۇرۇپ قالالىمىدى.

— قايتىپ كەتمەي ماڭا ھەمراھ بولامسەن - يا، — دېدى بوۋاي كۆككۆزگە سىنچى كۆزلىرىدە نەزەر سېلىپ.

— شۇنداق قىلسامغۇ ئوبدان بولاتتى، ھۇۋۇ - ھۇۋۇ، شۇغىنىسى...

كۆككۆزنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغىنىنى ھېس قىلغان نۇردۇن بوۋاي گەپنى دەرھال چاقچاققا بۇرىدى.

— چېقىشىپ قويدۇم، ھەمراھلىرىڭنىڭ يېنىغا ماڭ. سېنى ساقلاۋاتقانلارنىڭ كۆڭلى تىنسۇن. ئەمما، بۇيەردىمۇ نەچچە يىللىق بالىلىقىڭ ئۆتكەن. شۇنى ئۇنتۇمىساڭلا بولدى.

— بالىلىق خاتىرىلىرى كۆڭۈلگە مۆھۈردەك ئورنايدىكەن. مەن بۇ تاغنى، يەنە سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، ھۇۋۇ...

— قېرىغاندا يالغۇزلۇق يامانكەن، كۆزلەككە چۈش-



كەنلىرىڭدە دىككىدە ئايلىنىپ كېلەرسەن.

— مېنىڭمۇ ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ جەننەتتەك زېمىننى ئانامغا، ئاكا - ئاچىلىرىمغا كۆرسىتىپ بىر ماختىنىۋالغۇم بار. بۇ پۇرسەتمۇ كېلەر، ھۇۋۋۇ - ھۇۋۋۇ.

— لالەدىن ئاڭلىسام ئالدىنقى قېتىم بۇ يەرگە كەلگىنىڭدە ئۆزۈڭنى يارىلاندۇرۇۋاپسەن. ھەقىچان شۇ ئورمانلىقنى بېسىپسەن - دە. ئۇ يەردە ئاچماق قۇيرۇق يوغان بىر زەھەرلىك يىلان بار ، دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئەمدى يانارىڭدا ئۇ يولدىن ئەمەس بۇ يولدىن ماڭ، بوغما يىلاننىڭ قورشاۋىدا قالما يەنە.

— ئېلىشىشتا ئۇ مەندىن خېلىلا ئېغىر يارىلانغان. ئۇ ئارغامچىدەك ئۇزۇن تېنىدە مېنى كۆچەپ بوغماقچى بولغاندا مەنمۇ بوش كەلمەي چەبدەسلىك بىلەن ئاچماق ئۇزۇن تىلىنى ئۈزۈۋېلىپ، كۆزىنى تىرنىلاپ قارىغۇ قىلىۋەتتىم. بۇ چاغقا قاغا - قۇزغۇن، قۇرت - قوڭغۇزلار ئۇنى ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ بولدى. ھۇۋۋۇ - ھۇۋۋۇ.

— پو ئېتىۋاتمايدىغانسەن - ھە. تۈگمەنگە كەلگەنلەرنىڭ يىغا - زار، نالىلىرى ئىچىمنى سىيرىلدۇرىۋەتكەن. ئۇ كاساپەت نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. نېمىشقا يېقىندىن بېرى تۈگمەنگە كەلگەنلەرنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتىكىن دېسەم ئەسلى ئىش مۇنداقكەن - دە. ۋۇي، مەن بۇ بۆرەمنى كىچىك كۆرۈپ قالدىممۇ نېمە؟يارايسەن جۇمۇ. بۇ خەۋەرنى باشقىلار ئاڭلىسىمۇ خۇشاللىقىدا ئۆيىدىكى داس - تەلەڭگىلىرىنى

كوچىغا كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ چالار.

— بول، يولۇڭدىن قالما،- نۇردۇن بوۋاي كۆككۆزنىڭ يانپىشىغا سىلىققىنە شاپىلاقلىدى.

كۆككۆز نۇردۇن بوۋاينىڭ ماختىشىدىن پەخىرلەنگەن- دەك سوزۇلۇپ كېرىلىۋالغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ پېشىگە ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى يۇمشاق سۈۋۈندۈرۈپ قويۇپ ئالدىغا ئوقتەك چاپچىدى.

## ئاكا - سىڭىل قۇملۇقتا

يانپاش تەرپىيدىكى بوزلاش يۇڭلىرى بورىدەك تۇرۇ- لۇپ تىزلىرىغا ساڭگىلىغان تۆگە تولىمۇ رايىش كۆرۈنەت- تى. تۆگە: «— مەن نەچچە يىل ئاق كۆڭۈل نۇردۇن بوۋاي- نىڭ بوغۇزىنى يېدىم، سىلەر بوۋاي بىلەن قەدىناس بول- مىساڭلار مېنى سىلەرگە ئۇنچە ئاسان بېرىۋەتمەيتتى. با- لىلار، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن سىلەرنى گۆھەردەك قوغداپ، ئۆزەمگە مىندۈرۈپ، بارماقچى بولغان مەنزىل- لىڭلارغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈپ قويىمەن» دېگەندەك سوزۇپ - سوزۇپ بوزلاپ قويدى.

— مەڭ، بۇنى قايتۇرۇپ بېرەي، - دېدى سۇبات مار- جان غىلاپلىق خەنجەرنى لالەگە ئۇزىتىپ. بۇ دادام قاۋۇل- كامغا ئاتاپ سوققان پىچاق ئىدى. — مانا، بۇ يەردە دادامنىڭ تامغىسىمۇ بار. سىز تۇغۇلغاندا جىن - شەيتان



قورقىدۇ، دەپ ئاچام بۇنى ياستۇقىڭىزنىڭ بېشىدىن بىر-دەممۇ ئايرىمىغان. ھەقىچان يانارتاغ پارتلىغاندا ئەقىللىق كۆككۆز يۆگەكلىرىڭىز بىلەن بۇنى ئېلىۋېلىشنى ئېسىدىن چىقارمىغان. ھايۋانلارنىڭ ئەقلى، ۋاپادارلىقى ھەقىقەتەن ئادەمنى قايىل قىلىدۇ جۇمۇ. مەڭ، بۇنى بېلىڭىزگە ئې-سىۋېلىڭ.

— قىز بالىمۇ پىچاق ئاسامدۇ؟

— بۇرۇن نۇزۇگۇم، ئىپارخانمۇ ئاسقان. ھېچنېمە بولمايدۇ، ئېسىڭە.

— بۇ يەڭسىز تېرە جۇۋام ئۈستىدىن ئاسسام قاملاشماس، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن سىز ئېسىۋېلىڭ.



— ئەمىسە ھازىرچە مەن ئىسسىپ تۇراي، مەھەللىگە بارغاندا قايتۇرۇپ بېرەي. بىر جىنىمغا ئىككى پىچاق ئاسىدىغان بولدۇم — دە ئەمدى.

سۇبات مارجان غىلاپلىق خەنجەرنى كۆك چىت پوتى-سىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسسىۋالدى. كۆڭۈل قويۇپ ئاي، يۇل-تۇزلار نەقىشلەنگەن مارجان غىلاپ يازنىڭ كۈچلۈك ئاپ-تىپىدا ۋال — ۋال چاقنايتتى.

— ئىككىمىز پىيادە، تۆگىنى يېتىلەپ ماڭمايلى؟ — قېنى مىنىۋېلىڭ سىڭلىم، — دېدى سۇبات تىزىنى ئېگىپ.

— سىزچۇ؟

— مەن يېتىلەپ ماڭاي.

— مىنسەك تەڭ مىنەيلى، بولمىسا مەنمۇ ماڭاي.

— بوپتۇ ئەمىسە، كېلىڭ.

لالە سۇباتنىڭ ياردىمى بىلەن تۆگىنىڭ ئىككى لو-كىسى ئارىسىغا ئاران ئورناشتى. ئارقىدىنلا سۇباتمۇ لىك-كىدە سەكرەپ لالەنىڭ كەينىگە قوندى.

— تۆگە مىنىشكە سىزنىڭ ئىپپىڭىز باركەن مانا، — دېدى لالە سۇباتنىڭ شامالدەك يەڭگىل ھەرىكىتىگە ھەۋەس قىلىپ.

— ئىلگىرى تۆگە مىنىپ باققانمۇ؟ — سورىدى سۇ-بات قۇملۇقنىڭ تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ.

— سەككىز يىللىق ئۆمرۈم ئۆتكۈر، تاغ جىلغىسىدا ئۆتكەن تۇرسا نەدە يۈرۈپ تۆگە مىنىمەن ئاكا؟ پەقەت ھېرىپ قالغان چاغلىرىمدا كۆككۆز ئاچامنى بوزەك ئې-



تىپ «چاپە ئېتىم، چاپ» دەپ مىنىپ ئوينىغانمەن. كۆككۆز ئاچام بىلەن كۈزلەككە چۈشكەندە تېرىقچى بالىلىرىنىڭ چېتىغا چۈشتىنى قىستۇرىۋېلىپ «چۇھ ـ چۇھ» دەپ چېپىپ ئوينىغىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئەسلىدە ئۇلار ئات ـ تۆگە مىنىشنى دوراپ ئويناپتىكەن.

— شۇنداق. تۆگىگە مىنىش كۆڭۈللۈكمىكەن؟

— يىقىلىپ كېتەرمەنمۇ دەپ قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز، يىقىلسىڭىزمۇ پاختىدەك يۇمشاق قۇمغا يىقىلىسىز. قۇملۇق سىزنى ئىللىق باغرىدا پەپىلەپ ـ ئەللەي ئېتىدۇ.

— بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم تۆگىگە مىنىشىم بولغاچقا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە، مەن سىزنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇراي. ئوقيا ئېلىۋالغان بولساق ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاۋۇ ياۋا ئۆردەكنى ئېتىپ چۈشۈرەركەنمەن.

— ئوۋچىلىقتىنمۇ خەۋىرىڭىز بارمۇ تېخى...؟

— مەن سىزگە ئوۋچىلىق ھەققىدىكى ناخشىلاردىن ئوقۇپ بېرەي ـ ھە:

بىر ئوقۇمدا ئون ئۆردەك،
يەرگە پوك ـ پوك تۆكۈلەر.
ئون ئوقۇمدا گاھىدا،
پەقەت بۇلۇت سۆكۈلەر.

بىز كۆرمىگەن جاي قالمىدى،
ئېگىز ـ پەسلىكتە.
ئوۋنى باسار بۇركۇتۇم،
گاھى تەسلىكتە.

ئوۋ ئوۋلايدۇ ئوۋچى دېگەن،
جاڭگالدا يۈرۈپ.
بوش قويمايدۇ تايغان ئوۋنى،
قالسىلا كۆرۈپ.

ئوۋغا بېرىپ كېيىك ئاتساق،
خۇمار يېشىلۇر.
بىر كېيىكنى ئوۋلىغۇچە،
چورۇق تېشىلۇر.

ئۇچالىقنى بۇركۇت ئالسۇن.
تىنالىقنى لاچىنىم.
خورجۇنىمدىن گۆشتىن بۆلەك،
چىقماس تۆت تال داچىنىم.

ــ قانداق، سىڭلىم، بۇ ناخشىلار بولامدىكەن؟

ــ بولمامدىغان. مەن بۆرىلەرنىڭ ئوۋ پائالىيىتىنىڭغۇ جىق كۆرگەن. ئادەملەرنىڭكىنى كۆرمەپتىكەنمەن. بۇ



ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاپ دەھشەتلىك ئۇۋ مەنزىرىلىرى
كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

تۆگە ئالتۇن رەڭلىك بىپايان قۇملۇقتا كېتىۋاتاتتى.
تۆگىنىڭ ئۆركەشلىرىدەك كەتكەن قۇم دۆۋىلىرى يازنىڭ
دىمىق ئىسسىق شامىلىدا ھەر ۋاقىت شەكلىنى ئۆزگەر-
تىپ تۇراتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۇتىشىپ كەتكەن
بارخانلار ھېچ تۈگىيدىغاندەك ئەمەس. تۆگە بىلەن مۆكىد-
مۆكىلەڭ ئوينىغاندەك كېلەر، پاتمۇچۇقلار خوخا تىكەن،
يانتاق، يۇلغۇنلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ قۇم-
لۇقلاردا چېكىم -چېكىم ئىز قالدۇراتتى. ئۇلار قۇملۇقنى
دەريا، دېڭىز دەپ بىلەمدىغاندۇ؟ خۇددى بالىلار شارقىراتى-
ما، ئېقىنلاردا بىمالال چۆمۈلۈپ ئوينىغاندەك قۇمغا بۇ-
ياقتىن شۇڭغۇپلا ئۇياقتىن باش چىقىراتتى. بىردەم تۆ-
گىنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ ئۆ-
تۈپ، قۇيرۇقىنى قۇمغا مەھكەم تىرەپ، ئېغىزىنى يوغان
ئاچسا؛ بىردەم قىپقىزىل ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، پوكى-
نىنى يەلپۈگۈچتەك لىكىلدىتىپ، ئادەمگە ھەيۋە قىلغان-
دەك سۈرلۈك قاراپ تۇراتتى. چوغدەك قۇمدا پىشقان سى-
لىق ئاقۇش تېرىلىرىگە يېپىشىپ قالغان قۇم دانىچىلىرى
كۈن نۇرىدا ۋال - ۋال چاقنايتتى.

قۇملۇقتا قۇرت - قوڭغۇزلارنى يەپ، قۇملۇقنىڭ
ساداسىغا جۆر بولۇپ ئەركىن، غەمسىز ياشاۋاتقان جان-
لىقلار پەقەت بۇلارلا ئەمەس. ئېھ، تىلسىملارغا تولغان
قوينى كەڭ تەبىئەت، بىپايان قۇملۇقتىمۇ سېنىڭ ھايات-

لىق ئىزلىرىڭنى تاپقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ، ياشاۋېرىڭلار - جانلىقلار، بۇ يەر سىلەرنىڭ جەننىتىڭلار.

تۆگە: «مەن سىلەر بىلەن ئوينىشىپ بەرسەم سەپەد- رىم قالىدۇ، كەچۈرۈڭلار» دېگەندەك بويىنىدىكى كولدۇر- مىنى كولدۇرلاتقاچ ئۆزىنىڭ سالماق قەدىمى بىلەن مەن- زىلىنى بويلاپ ماڭماقتا.

— سىڭلىم، ئاۋۇ جانىۋارلاردىن قورقتىڭىزمۇ، — دېدى سۇبات كېلەر، پاتمۇچۇقلارنى بېشىدا ئىما قىلىپ.

— قورقتۇم. تۆرقى بەك قورقۇنچلۇقكەن.

— قورقماڭ. ئۇلار بىز بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ.

— بۇنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

— ئەنە، كەلگىنىمىزنى قارشى ئالغاندەك پىلدىرلاپ ھەرخىل شوخلۇقلارنى قىلىشىۋاتامدۇ؟

— ئۇ ئادەمگە زىيان سالامدۇ؟

— شۇنچە كەڭرى جاھاننى ئىنسانلارغا ئۆتۈنۈپ بېر- رىپ ئۆزلىرى مۇشۇنداق قاقاس ساي، چۆل - باياۋاننى ماكان تۇتۇپ ياشىغىنىدىن ئادەمگە زىيان سالىدىغان - سالمايدىغىنىنى بىلگىلى بولامدۇ، سىڭلىم؟

— گېپىڭىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم، ئاكا. يۈزىنى توسۇۋالغان ئۇزۇن چاچلىرىنى چۆچۈرىدەك قولىقى كەي- نىگە سىيرىپ قويدى لالە.

لاچىن سوققان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.



مەندەك مۇساپىر قىزنىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار؟

يىراققا سەپەر قىلغان،
قۇملۇقتا قونۇپ قالدۇق.
پەلەك تەتۈر چۆرگىلەپ،
مۇساپىر بولۇپ قالدۇق.

ئاناسى بار كۈلۈپ يۈردى،
ئاتاسى بار كۈلۈپ يۈردى.
ئۇلارنىڭ باغرىغا نۇردەك،
ئەجەب غەمسىز چۆمۈپ يۈردى.

ئاناسى بارنى شوخ دەڭلار،
ئاتاسى بارنى شوخ دەڭلار.
ياراشقاي قانچە قىيغىتسا،
ئۇلارنىڭ كۆڭلى توق دەڭلار.

ئاناسى بارنى ئاي دەڭلار،
ئاتاسى بارنى تاي دەڭلار.
قىسىلسا بوينى يېتىمنىڭ،
ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي! دەڭلار...
... ... ... .



ئاسماندىكى يۇلتۇزدىن،
مەن ئانامنى سورايمەن.
غۇلىچىمنى كەڭ يېيىپ،
يوللىرىنى تورايمەن.

ئاسماندىكى بۇلۇتتىن،
مەن ئانامنى سورايمەن.
«ئەگەش» — دېسە كەينىمدىن،
بېشىم بىلەن بارايمەن.

قۇملۇقتىكى يۇلغۇندىن،
مەن ئانامنى سورايمەن.
باردەك ئانام تىنىقى،
چېچەكلەرنى پۇرايمەن.

تاغلاردىكى بۆركۈتتىن،
مەن دادامنى سورايمەن.
سېغىنىشنى بۆركۈتنىڭ،
قانىتىغا ئورايمەن...

بىر ئۇمىد ئۇلارنى يىراقتىكى گۈزەل ماكانغا — پال-چى موماي يېنىغا ئىنتىلدۈرەتتى. ئۇلار قۇملۇققا ئىچكى-رىلەپ كىرگەنسېرى قۇملارنىڭ چوغدەك ھارارىتىدىن لەۋلىرى گەز باغلاپ، كاللىسى ئامبۇردا قىسقاندەك قورۇ-



لۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى لاچىن قانات قالپاقنى بېشىمىزغا قوندۇرىۋالغىنىمىز. بولمىسا تونۇردەك قىزىغان قۇملۇق بىزنى كاۋاپ قىلىپ توختامدىكىن ـ تاڭ. «بالا، قىلغان ئىشى چالا» دەپ سەل تەنتەكلىك قىلىپ يولغا چىقتۇقمۇ نېمە؟ مۇشۇنداق مېڭىۋېرىدىغان بولساق مەن ئۆزەمدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— سۇبات ئاكا، بۇ گېپىڭىزدىن پۇشايمان قىلغان مەنە چىقمايدىغاندۇ؟

— ياقەي.

ئۆزىدىن كىچىك قىزنىڭ ئالدىدا ۋايسىغىنىدىن سۇ ـ باتنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

يول داۋام ئەتمەكتە. قۇملۇق يوللىرىغا كۆنۈپ كەتكەن تۆگە يېرىق كالپۇكىنى يالاپ پۇشقۇرغاچ كەڭ تاپىنى بىـ ـلەن قۇم يۈزىگە گۈل چەكمەكتە. گۇگۇم پەردىسى ئەتراپقا تەكشى يېيىلىپ ئاي ـ يۇلتۇزلار كۆكتە جىمىرلاشقا باش ـ لىغاندا ئۇلار قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق يۇلغۇنزاردا توختىدى.

— بۇگۈن كېچە مۇشۇ جايدا تۈنەيدىغان بولدۇق، — دېدى سۇبات تۇلۇم ـتالقانلارنى يەرگە قويغاچ. ۋاھ، تۇ ـ لۇمدىكى سۇمۇ قايناپ كېتىپتۇ. لالە، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ، ئازراق تالقان يەۋالامسىز؟

— قورسىقىم ئاچقاندەك ئەمەس، نېمىشقىكىن قور ـ قىۋاتىمەن؟



— نېمىدىن قورقىسىز؟

— قۇملۇقتا ئالىمادىس جىن ـ ئالۋاستى بولۇپ قالسا ، بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ يەۋېتەرمۇ، دەپ.

— ھە قورقۇنچاق، گەپ قىلىڭە. سىز ئۆزىڭىزنى بۆرە قىز دەپ مەغرۇر يۇرەتتىڭىزغۇ؟ قېنى بۆرىدەك باتۇرلۇق، مەردانىلىق؟ ئەگەر كەلگەن تەقدىردىمۇ سىز بۆرىدەك ھۇۋلاپ ئۇلارنى قورقۇتۇپ ئىشتىنىغا سىيدۇرىۋېتەرسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يېنىڭىزدا تۇرۇپ سىزدەك بىر قىزنى قوغدىيالمىسام سۆبات دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتەرمىنا.

— مۇشۇ گېپىڭىز ماڭا چەكسىز كۈچ ئاتا قىلدى، ئاكا. بۇجايدا بىزگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان يىرتقۇچلار يوقتۇ ھەقىچان؟

— يوق. بار دېگەندىمۇ تۆگە ئىگىسىگە بەك ساداقەتمەن ھايۋان. ئۇ ئىگىسىنى ھەرۋاقىت خېيىم ـ خەتەردىن ساقلاشنى بىلىدۇ. شۇڭا، كېچىسى كۆز يۇمماي كۆزەتچىلىكتە تۇرىدۇ. بىرەر ۋەھىمە شەپىسىنى سەزگەن ھامان قەھرلىك بوزلاپ ئۇلارنى يىراقتىنلا لاغ ـ لاغ تىترىتىپ ئۆزىگە قايتا تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان قىلىۋېتىدۇ.

— پاھ ـ پاھ، تۆگىنى پەقەت چۆل كېمىسىمىكىن دېسەم تېخى ئۇنىڭ مۇنداقمۇ كارامىتى باركىنە.

— بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ھەرقانداق



هايۋانىنىڭكىدىن ئۈستۈن. قۇملۇقلاردا نەدە سۇ بارلىقى-
نىمۇ بىر دەمدە بىلىۋالىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

ئۇلار تۆگىگە ئارپا بوغۇزى بېرىپ، ئۆزلىرى گۆلە-
قاق، تالقاندا قورسىقىنى تويدۇرغاندىن كېيىن قۇملۇققا
يانپاشلىدى. كۈندۈزى چوغدەك قىزىغان قۇم يەنە بىر
خاسىيەت بىلەن كېچىدە مۇزدەك سوۋۇپ ئۈلگۈرگەن ئى-
دى. يەر تېگىدىن ئاللىقانداق ئاۋازلار قۇملۇق شامىلى بى-
لەن ئېقىپ كېلىپ يەنە بىردەمدە ئاللىياقلارغا غايىب
بولاتتى.

— ئاكا، نېمانچە سوغۇق قۇم بۇ؟ كېچە بىلەن كۈن-
دۈزنىڭ ھاۋاسى ئالمىشىپ قالغان بولسا نېمە دېگەن
ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇ چاغدا ئىسسىپمۇ قالمىغان
بولاتتۇق.

— توڭلاۋاتقان ئوخشايسىز، گۈلخان يېقىپ بېرەي.

سۇبات سۇس ئاي نۇرىدا بىر توپ يۇلغۇن تۆۋىگە
گۈلخان ياقتى. قاراڭغۇدا ھەرخىل شەكىلدىكى سايىلەر
بىر ئۈزىراپ بىر قىسقىرايتتى.

— قولىڭىزدا ھېچنېمە يوق، سېھىرگەردەك «سۇف»
دەپلا گۈلخان يېقىۋەتتىڭىزغۇ. بىرەر ھۈنەر ئىشلەتتىڭىز-
مۇ، ئاكا؟ گۈلخانغا قولىنى قاقلاپ ئولتۇرغان لالە ھەيران-
لىقىنى يوشۇرالمىدى.

— بۇنچىلىك ئىشقا نېمە ھۈنەر كېتەتتى سىڭلىم.
بۇنداق قۇملۇقتا كارۋانلار تۈنىگەندە ياققان گۈلخانلارنىڭ

كۆمۈپ قويغان چوغلىرى بولىدۇ. شۇلاردىن بىرنى ئاۋايلاپ قىسىپ پۈۋلىسەڭ ئوت ـ گۈلخان دېگەن شۇ.

ــ سۇبات ئاكام كارامەتقۇ.

لالە يۈزىنى تىزىغا قويۇپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا قاراپ قۇملۇقنىڭ بۇلاق سۈيىدەك يېنىك شىلدىرلىشىغا قۇلاق سالاتتى. شۇ تاپتا كۆككۆز ئاچام ئۆيىگە ــ تاغ ئېتىكىدىكى ئۆڭكۈرگە بېرىپ بولغانمىدۇ؟ ھۇۋۇۋ ـ ھۇۋۇۋ. ئۇ تۈيۈقسىز ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۆرىدەك ھۇۋلاپ سالدى.

لالەنى مەززىلىك ناشتا قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن سۇبات ئەتىسى نۇر يىڭنىلىرى كۆزىگە سانجىلىشتىن خېلىلا بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاخشام يۇلغۇن تۈۋىگە قۇرۇپ قويغان توزاقتا چۈشكەن توشقاننى تۈلۈمچىلاپ سويۇپ كاۋاپ قىلدى.

توشقاننى سويماق بەك ئاسان. تېرىسىنى بويىنىدىن ئاجرىتىپ ئۆتۈكنىڭ قونجىنى ئۆرۈگەندەك كەينىگە تۈرۈپ ئاستا سىيرىسىلا قۇيرۇقى بىلەن قوشۇلۇپ قەغەزدەك شىرتتىدە ئاجرايدۇ.

مەززىلىك كاۋاپنى كۆتۈرۈپ كەلگەن سۇبات لالەنى چىرايى داكىدەك ئاقارغان، لەشتەك تاتارغان، لەۋلىرىنى ئاقۇش بىر قەۋەت گەز باغلىغان ھالەتتە كۆردى. قولىنى لالەنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزۈۋېدى چوغدەك قىزىپ كېتىپتۇ.

ــ لالە، لالە، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ...



لالەنىڭ كۆزىنى ئېچىپ سۇباتىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈدەك هالىمۇ يوق. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئۇزاق سەپەرنىڭ تېخى باشلانمىسى تۇرسا. ئۇ ئەتراپتىن يانتاق، چاكاندىلارنىڭ يوپۇرمىقىنى ئەكىلىپ ئېغىزىدا ئۇنىدەك ئېزىپ ـ چايناپ لالەنىڭ پېشانىسىگە، قولتۇقىغا باستى. لالە خېلىدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا هوشىغا كېلىپ كۆ ـ زىنى ئاچتى. ئۇلار ئەتراپنى ئايلىنىپ بىر قورامتاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— لالە، تۇلۇم قۇپقۇرۇق تۇرىدۇ، سۇ قېنى؟

— تېخى ئاخشاملا لىق سۇ تۇراتتىغۇ؟ ۋاي، ئىسىت ما هاماقەتلىكىمنى. ئېغىزىنى ئېتىشنى ئۇنتۇپتى ـ مەن ـ دە.

— بەك بولمىسا مېنىڭ سۇتۇمنى ئىچەرسىلەر، — دېدى قۇم هىدىنى پۇراۋاتقان تۆگە لالەنى ئوڭايسىز هالەت ـ تىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك.

— سىڭلىم بۇرۇن بۆرە سۇتىنى ئىچىپ چوڭ بوپتىـ كەن، ئەمدى سىزنىڭ سۇتىڭىزنى ئىچسىمۇ هېچنېمە بولمايدۇ. ئۇماق سىڭلىم، قۇملۇقلاردا يۇرۇپ نېمىمۇ قىلار ئىدۇق؟ پالچى مومايىنى تاپمىساق بولمايدىغان زادى قانداق مۇهىم ئىش ئىدى؟ ئارقىمىزغا يانايلى؟

— ياق، چوقۇم تېپىشىمىز كېرەك. مەن ئادەم، بۆرە چىرايىم ئادەم چىرايىغا ئايلىنىشى كېرەك.

— بۇنىڭغا پالچى موماي ياردەم قىلالامدۇ؟

— ياردەم قىلالايدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ.



ــ لېكىن، ھازىر ئەھۋالىڭىز مانا مۇشۇنداق تۇرسا...

ــ ئاكا، بۆرىلەرمۇ ئېتىلغان ئوۋنى يۇلماي بولدى قىلمايدۇ، ئاتقان ئوقنىڭ كەينىگە يانغىنى يوق. مەيلى مەن قانچىلىك مۇشەققەت تارتاي نىيەت قىلغان يولۇمدا ماڭ- غىنىم ماڭغان.

ــ نېمانچە جاھىللىق قىلىسىز، سىڭلىم؟

ــ بۇ جاھىللىق ئەمەس، بەلكى قەلبىمدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخان. بۇ گۇلخاننىڭ يېلىنجىغىنىغا خېلى بولغان.

ــ بولىدۇ، سىڭلىم. مۇشۇنداق نىيەت قىلغان بول- سىڭىز مەن تاللىشىڭىزغا ھۆرمەت قىلاي.

ــ بىز كېچىدىن قانداق يەردە ياتتۇق،ـ دېدى لالە ئەتراپقا ئەنسىزلىك ئىچىدە نەزەر سېلىپ.

ــ نېمە بولدى؟

ــ ئەنە، ئاۋۇ يەردە ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخىنى، ئادەملەرنىڭ باش سۆڭىكى، پۇچۇق ساپال قاچىلار، سۇنۇق قىلىچ، داتلاشقان مىس يارماقلار چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ ھالاكەت قۇملۇقىمۇ ـ نې- مە؟ بۇ جايدىن دەرھال كېتەيلى، ھېلىمۇ كېچىدىن جې- نىمىزنىڭ ئامان قالغىنى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بىرنەرسىنى تۇيغاندەك سىزگە ئاخشام جىن ـ شاياتۇننىڭ گېپىنى قىلغىنىم.

ــ بۇ جايدا بۇرۇن دەھشەتلىك قانلىق ئۇرۇش بولغان ئوخشايدۇ.



— ئالدىرماڭلار، بۇ ئىشلارنى مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي.

ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، بۇ نەدىن كەلگەن ئاۋاز بولغىيدى؟ نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە لالە ئولتۇرغان قورام تاش ئاستا قىمىرلاپ يۆتكىلىشكە باشلىدى.

— ھوي، بۇ قورام تاش ئەمەس ئەسلىدە قۇملۇق تاشپاقىسىكەن ئەمەسمۇ؟

لالە بۇ تۇيۇقسىز ئاۋازدىن قورقۇپ كېتىپ ئىككى قولى بىلەن يۈرىكىنى چىڭ بېسىۋالدى.

— قورقماڭلار، بۇ يولدىن ئامان-ئېسەن ئۆتكەنلەر سىلەرنىڭ تەلىيىڭلار بولدى.





# ئالتىنچى باب

# پالچى موما، سىز نەدە؟

## قۇملۇق تاشپاقىسىنىڭ نالىسى

— مەن بۇ قۇملۇقتا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ تالاي كەچمىشلەرگە گۇۋاھ بولۇپ كەپتىمەن، — سۆزىنى باشلىدى تاشپاقا — بۇ تاغلىق دالا بىلەن سىلەر بارماقچى بولغان بوستانلىقنى ئايرىپ تۇرغان ئالتۇن قۇملۇق. ھەر قانداق كارۋاننىڭ بۇ يولدىن ئۆتمەي مەنزىلىگە يېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ يولدىن نۇرغۇن سودا كارۋانلىرى ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا ئىلگىرى سودا كارۋانلىرى قونۇپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆتەڭلەرمۇ بولغان. گۈللەنگەن بۇ ئۆتەڭنىڭ داڭقى يىراق - يىراقلارغا پۇر كەتكەن.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، بۇ يولغا بىر توپ قاراقچىلار كۆنۈۋالدى. قۇملۇقتا كارۋانلار سايداپ ئۆتىدىغان قۇچاق يەتكۈسىز توغراقلار بولىدىغان، ئۇنىمۇ



قاراقچىلار كېسىپ قۇرىتىۋەتتى. كارۋانلار مەيلى نەدىن يولغا چىقسۇن، گۇگۇم چۈشكەندە قونىدىغان بۇ بىردىن-بىر ئۆتەك بولغاچقا، قاراقچىلارمۇ دەل مۇشۇ پەيتنى پايلاپ كېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ يولدىن تۇنجى ئۆتكەن ياكى تەييارلىقسىز ماڭغانلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېتىپ ماللىرىنى بۇلاپ قاچىدۇ.

قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا تەكرار ئۇچراۋەرگەن كارۋانلار بارا-بارا بۇ يولدىن قىلىچ، نەيزىلىك ئۆتىدىغان بولدى. بۇ يولدىن ماڭماي دېسە، نە ئامال؟ تىرىكچىلىك بەندىنى ھاياتنىڭ قايسى يوللىرىدا سەرسان قىلمايدۇ دەي-سىز؟ كارۋانلار ئىلاج بار قاراقچىلارغا كۆرۈنمەسلىككە تىرىشسىمۇ دەرەخ جىم تۇراي دېسە، شامال جىم تۇرغۇز-مىغاندەك ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇتىشىپ قالغاندا نەيزە - قىلىچلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى ۋەھىي-مىلىك ئاۋازى قۇملۇقنى ئەنسىز ساراسىمىگە سالاتتى. قىلىچلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندا يالت - يۇلت چىققان ئۇچقۇن مۆلدۈر ئالدىدىكى كۇچلۇك چاقماقتەك كۆزنى چاقاتتى، قۇملۇق يۈزىدە يىلاندەك سويلايتتى. قۇملۇقتا باشلار تاۋۇزدەك دومىلايتتى. ئات - تۆگىلەر چالغىدا چاپ-قان چۆپتەك يىقىلاتتى. ئات - تۆگىلەرنىڭ ئىچىنىشلىق كىشنەش، بوزلاشلىرى، يارىدارلارنىڭ ئىڭراشلىرى قوشۇ-لۇپ يۈرەكلەرنى سىيرىلدۇراتتى. بەھۇدە تۆكۈلگەن قانلار دەريا بولۇپ ئاقاتتى. ئەتىسى قارىسىغىز يىقىلغان ئات -تۆگە، سۇنايلانغان جەسەتلەرنى قاغا -قۇزغۇن، تازقارىلار

بىر دەمدە ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىتتى. ئۇلار ئالىدىغىنىنى ئېلىپ، بۇلايدىغىنىنى بۇلاپ، تالايدىغىنىنى تالاپ، قۇملۇقتىن شىپپىدە يوقىلاتتى. ماياقتىن كېلىپ ئاياققا كېتەتتى (ئۇ شۇنداق دېگەچ بېشىنى سولدىن ئوڭغا بۇراپ قويدى).

ئۇلار مېنىڭ بېشىمغىمۇ تالاي كۆلپەتلەرنى سالدى.

— نېمە كۆلپەتلەرنى سالدى؟ — سورىدى لالە بىلەن سۇبات تەڭلا.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاراقچىلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت تومۇرلىرىدا شىددەتلىك دولقۇن ياسىماقتا ئىدى. سۇباتنىڭ خەنجەرنى چىڭ قاماللىغان قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەپ تۇراتتى. شۇ تاپتا قاراقچىلار ئۇنىڭ يېنىدا بولسا قارنىنى قېرىن بۆسكەندەك بۆسۈۋېتىشتىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ھەممە جانلىقلارغا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، ماكانىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئەۋلاد كېرەكقۇ؟ بىز قۇملۇق تاشپاقىسىنىڭ نەچچە ئون يىلدا بىر قېتىم تۇخۇملايدىغىنىمىزنى سىلەر بىلمەيسىلەر ھەقدىچان. ھەرقېتىم تۇخۇم تۇغۇپ بالىلاي دېگەندە ئۇ قاراقچىلار كېلىپ ئات - تۆگىلىرىنى ئۇيا - بۇياق چاپتۇرۇپ تۇخۇملىرىمنىڭ مېجىقىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ھېلىقى سىلەر كۆرگەن ساپال - قاچا، پۇچۇق يارماقلار، سۇنغان قىلىچ، مايماق نەيزىلەر ئاشۇ جەڭنىڭ قۇملۇقتىكى ئىزناسى بولۇپ جۇلالاپ تۇرماقتا. ئىلاھىم، ئاشۇ قاراقچىلارنى يەر



يۇتىدىغان چاغلارمۇ كېلەرمۇ؟

ئالتۇن رەڭلىك قۇم كاتتا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان نەپىس رەسىمدەك بەك چىرايلىق جۇلالايتتى. لالە بىلەن سۇبات ئويۇن قىلىپ يانچۇقلىرىغا مىس يارماقلاردىن لىققىدە تېرىۋالدى.

— يەنە جىقراق تېرىۋېلىڭلار، — دېدى تاشپاقا، — نامراتلارغا سەدىقە بەرسەڭلارمۇ ساۋاب.

— ئۇنى تېرىمىز دەپ يولىمىزدىن قالىمىز، — دېدى سۇبات، — بىزنىڭ سىزگە ياردىمىمىز كېرەكمۇ؟

— ياق، ياق.

داشقازاننىڭ تۇۋىقىدەك كەڭ، قاتتىق قاسرىقىغا بېشىنى سۈركىدى تاشپاقا.

— ياردىمىمىز كېرەك بولسا تارتىنماڭ. بولمىسا بىز بىلەن بىللە يۈرەمسىز؟

— نېمە دەپ ئۆز ماكانىمنى تاشلاپ كەتكۈدەكمەن. مەن مۇشۇ ئالتۇن قۇملۇقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. كىندىك قېنىم مۇشۇ زېمىنغا تامغان. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىگە مېھرىم شۇنداق چوڭقۇر. مەيلى قانچىلىك مۇشەققەت تارتاي ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە قۇچىقىنى ماڭا كەڭ ئېچىپ ياتقان، بۇ مېھرى ئىسسىق بىپايان قۇملۇقتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايمەن.

مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جاھاندا مەڭگۈلۈك ناخشا بولمايدۇ. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، قاراقچىلارنىڭ بۇنداق كۆرەڭلىشى ۋاقىتلىق. قاراقچىلار ھامان بىر كۈنى

بىگۇناھ تۆكۈلگەن قانلار دەرياسىدا تۇنجۇقۇپ ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. بولدىلا، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇنداق پاراڭلارنى قىلىشمايلى.

— ئەمىسە، بىز ماڭايلى.

— مېنىڭ سىلەرگە تۇتقۇدەك ھېچقانداق يوللۇقۇم يوق، ئاق يول بولسۇن. مالال كۆرمىسەڭلار ئات دەسسىۋەتكەن مۇنۇ ئۇزۇن بويۇن چۈمۈلىنىمۇ مەنزىلىڭلارغا بىللە ئالغاچ كەتكەن بولساڭلار.

ئۇلار دىققەت قىلىشۇدى، تاشپاقىنىڭ گېپى تۈگەر-تۈگىمەي بىر توپ سۆكسۆك تۈۋىدىن بويىنى زىراپىنىڭكىدىن ئۇزۇن بىر قارا چۈمۈلە دىرىڭگىدە تۇرۇپ ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ سالام بەردى.

— سىز مۇشۇ قۇملۇقتا ياشايدىغان چۈمۈلىمۇ؟

— ياق، يولدىن ئېزىپ كېلىپ قالغان، بۇ جايدا تاشپاقا ماڭا جىق ياردەم قىلدى. مەن مۇشۇ يولدىن ئۆتىدىغان كارۋاننى ساقلاپ ياتقانىدىم. تەلىيىمگە تەقدىر سىلەر بىلەن بىرگە سەپەر قىلىشنى پۈتكەن بولسا كېرەك، سىلەرنى مالال قىلىدىغان بولدۇم.

— ئۇنداق دېمەڭ، ھەمراھ كۆپ بولسا سەپەر كۆڭۈللۈك بولىدۇ، قېنى.

لالە تۆگىگە مىنىپ چۈمۈلىنى تۆگىنىڭ لوكىسىغا قوندۇرۇپ قويدى. ئارقىدىن سۇبات تۆگىگە مىنگىشىپ سەپەرگە ئاتلاندى. چۈمۈلە تۆگىنىڭ يولنى كۆرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەندەك تۆگىنىڭ قۇلىقىدىن خېلىلا ئې-



شىپ كەتكەن بويىنىنى تۈرۈپ ئىچىگە يىغىۋالدى. تۇلۇم-دىن قۇتۇلۇپ يەڭگىللەپ قالغان تۆگە لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سۇبات باشلىغان يولدا «بوف - بوف» لىغانچە ئى-غىناقلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## سۇبات ئاكا، نەي چېلىپ بېرىڭە

تۆگە مەنزىلگە قاراپ ئۆزىنىڭ يورغىسى بىلەن چاپ-ماقتا. تۆگىنىڭ كەڭ تاپىنى ئالتۇن قۇملۇقتا يېڭى - يېڭى گۈل لەرنى چەكمەكتە. گاھ ئېگىزلەپ گاھ پەسلەپ سانسىز قۇم بارخانلىرىنى ئارقىدا قالدۇرماقتا. تۆگىنىڭ بوينىدىكى كاناي شەكىللىك كولدۇرما رىتىملىق كول-دۇرلاپ يىراق - يىراقلارغا سۇ دولقۇنىدەك يېيىلماقتا. قۇملۇق باغرىغا كۆز يامغۇرىدەك سىڭىپ بارماقتا.

قۇملۇقتىكى بۇنداق ئۇزۇن سەپەرنى ئۈن - تىۋىش-سىز پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ بېسىپ تۈگىتىش ئەسلا مۇم-كىن ئەمەس. لالە يۈك ئۈستىگە يېيىلغان شىرداقتا پۇت-لىرىنى سىركولدەك يېيىپ يىراقلارغا بويۇن سوزغىنىچە كېتىپ باراتتى.

— سۇبات ئاكا، كۆككۆز ئاچام سىزنى نەينى ئالامەت چالىدىكەن دېگەن. ماڭىمۇ بىرەر پەدە پۈۋلەپ بېرىڭە.

— گېلىم قۇرۇپ، لېۋىمنى گەز باغلاپ تۇرغاندا نەي پۈۋلىگۈدەك ماغدۇر نەدە، سىڭلىم. سىز ئۇسسۇمىدىڭىز-



ما؟ لالەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نەي ئەمدىلا ئېسىگە كەلگەن-
دەك سۆبات پوتىسىغا قىستۇرۇپ قويغان نەينىڭ ئۈستى-
دىن سىلاپ قويدى.

— ئاز - تولا ئۇسسۇزلۇق يەتكەندەكمۇ تۇرىدۇ. ئالدى-
مىزدىن بىرەر جايدىن سۇ تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— لالە، قاراڭ ئاۋۇ دۆڭدىكى قوغۇن - تاۋۇزلارنى. بۇ
ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۇممۇ. ھېلى سۇنىڭ گېپىنى قىلساق
كۆز ئالدىمىزدا سۇ پەيدا بولدى دېسە. خۇددى خىزىر -
پەرىشتىلەر بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ ئاسماندىن تاشلاپ بەر-
گەندەك. ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ جۇمۇ.

— ئاكا، قوغۇن - تاۋۇز سالالىق ئېتىز - قىرلاردا
بولماي قۇملۇقتا نېمىش قىلىدۇ؟

— بۇ سوئالنى ياخشى سورىدىڭىز، سىڭلىم.
كارۋانلار يولدا يېيىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان قوغۇن - تاۋۇز-
نىڭ ئۇرۇقلىرى بۇ قۇملۇققا چېچىلغان. يامغۇر سۈيىدە
كۆكلەپ، مانا بىزنىڭ يېيىشىمىزنى كۈتۈپ ساقلاپ يات-
قان، يۈرۈڭ.

ھىممەتلىك دۇنيادىكى بۇ مېۋىلەردىن ھەممەيلەن ئۆز
نېسىۋىسىدىن قانغۇدەك ھوزۇرلاندى. بىردەم ئارام ئې-
لىۋالغاندىن كېيىن يولنى يەنە داۋام ئەتتى.

— نېمە بولۇپ بۇ قۇملۇققا كېلىپ قالدىڭىز؟ —
دەپ سورىدى سۆبات پاراڭ بىلەن يولنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈ-
چۈن بىر چاغدا ئۇزۇن بويۇن چۇمۇلىدىن.

— نېمىنى دەي، دەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن. بىز سى-



لەر بارماقچى بولغان بوستانلىقتا يېقىن چاتقاللىقنى ماكان
ئەتكەن بىر توپ چۈمۈلىلەر ئىدۇق. بىز بوينىمىزنى دۇن-
يادىكى ھەرقانداق جانلىقنىڭ بويىنىدىن ئۇزۇن دەپ بىلەت-
تۇق. بىر كۈنى پاراك ئارىسىدا بىرى «زىراپە دەپ بىر
ھايۋان بار، ئۇنىڭ بويىنى سىلەرنىڭكىدىن ئۇزۇن» دەپ
قالدى. ئۇنىڭ نەدە ياشايدىغانلىقىنى سورىسام ئوتتۇرىسى
زۇمرەت سۇلۇق كۆل، ئەتراپى ياپيېشىل ئورمانلىقتىكى
قۇشلار ئارىلىدا دېدى. مەن ئۇ گەپكە ئىشەنمەي ئاشۇ
ھايۋاننى ئىزدەپ تاغمۇتاغ، باغمۇ باغ كېزىپ يۈرۈپ مەن-
زىلگە ئاز قالغاندا ئېزىپ مۇشۇ قۇملۇققا كېلىپ قالدىم.
ئۇھ، ئەمدى دېمىمنى ئالاي دەپ تۇرسام يېنىمدىن بىر توپ
تۆگە كارۋىنى ئۆتكەندەك قىلدى. بىر چاغدا قارشى تەرەپ-
تىن بىر توپ ئىقابلىق قاراقچىلار ئاسمان- پەلەك توپا -
چاڭ توزۇتقىنىچە باستۇرۇپ كېلىپ ھېلىقى كارۋانلار بى-
لەن ئۆرىتۆپە بولۇپ كېتىشتى. سەندەلدە كەتمەن - گۈر-
جەك سوققاندەك تاركا - تۇركۇڭ ئاۋازدىن قۇلۇقۇم پاڭ
بولۇپ قالايلا دېدى. تۆگە كارۋىنىدا سىز دېمەتلىك بىر
بالىمۇ بار ئىكەن، شۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇ تۆ-
گىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۆزىنى ئاران يۇلغۇن
دالدىسىغا ئالدى. جەڭ ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم
داۋاملاشقاندىن كېيىن كارۋانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى، قاراق-
چىلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. قۇملۇقتا جەسەت-
لەر سايىنىڭ تېشىدەك سۇنايلىنىپ ياتاتتى. شۇ ئارىدا بىر
قاراقچىنىڭ جاھانغا پاتماي چاپچىپ تۇرغان كۆمۈردەك

قارا ئېتى تېيىنىنىڭ بۇرۇتىدەك ئىنچىكە پۇتۇمغا غاچ-
چىدە دەسسىۋەتتى. ئەنسىز ئۇرۇش ئىچىدىن ھېلىمۇ
ياخشى جېنىم ئامان قالدى. قاراقچىلار ئۆلجىلىرىدىن
مەمنۇن بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە كەلگەن يولىغا
راۋان بولدى. پۇتۇن جىسمىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاق-
ناپ تۇرغان ھېلىقى بالا بىر كەمدە يۇلغۇن ئارىسىدىن
چىقىپ دادىسىنىڭ باشسىز تېنىنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆڭ-
رەپ يىغلىۋەتتى. بىر نېمىلەرنى دەپ قاراقچىلارنى خېلى
ئۇزۇن تىللىدى. پەمىمچە: «خەپ، توختاپ تۇرۇش، سەن-
لەردىن قان قىساسىمنى چوقۇم ئالىمەن!» دېدى. مەن يا
ئالدىمغا يا ئارقامغا ماڭالماي يۇلغۇن تۈۋىدە يارامنىڭ سا-
قىيىشىنى ساقلاپ ياتسام، تاشپاقا ماڭا ياردەم قولىنى
سۇندى. مانا، ئۇندىن كېيىن سىلەر كەلدىڭلار. شۇنىڭغا
ئىشىنىڭلاركى مېنىڭ بوينۇم ھەرگىز زىراپىنىڭكىدىن
قىسقا ئەمەس.

— ھېلىقى بالا نەدە؟ ئۇ كىم بولغىيدى...

— ھەقىچان دادىسىنى قۇملۇققا دەپنە قىلىۋېتىپ قان
قىساسىنى ئالغىلى قاراقچىلارنى ئىزدەپ كەتتىمىكىن.

— ئۆزى يالغۇز شۇنچە كۆپ قاراقچىلارغا تېتىيالارمۇ؟

— بەلكىم غەزەپ يالقۇنى ئۇنىڭ تومۇرىغا نەچچە ئەركەكنىڭ كۈچىنى ئاتا قىلغاندۇ.



— ئەنە، ئاۋۇ يەردە يېشىللىق كۆرۈندى، — دېدى
سۇبات بىر قولىنى سايىۋەن قىلىپ يەنە بىر قولىدا ئال-

دىدىكى بوستانلىق تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— سىلەر بارماقچى بولغان بوستانلىق دەل ئاشۇ شۇ، — دېدى ئۇزۇن بويۇن چۇمۇلىمۇ مەھەللىسىگە ئا-مان - ئېسەن كېلىۋالغىنىدىن چەكسىز شادلىنىپ.

## بوستانلىقتىكى قايناق بازار

— مەن مۇشۇ يەردە قالاي، — دېدى ئۇزۇن بويۇن چۇمۇلە بوستانلىققا يېقىن ئۆزىگە تونۇش چاتقاللىقتىن ئۆتكەندە، — بىز تەرەپتە بىر ئەچچە كۈن تۇرۇڭلار، سى-لەرنى ئوبدان ئويىنىتاي.

— رەھمەت، — دېدى لالە بىلەن سۇبات تۆگىدىن چۈشۈپ، — بىزنىڭ يەنە ئالدىراش ئىشىمىز بار ئىدى، كېيىن كۆرۈشۈپ قالارمىز.

— سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى قانداقمۇ قايتۇرار مەن؟ ماۋۇ تۆگە ئاچامنىڭ لوكىلىرىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ ئېغىرچىلىق سېلىپ قويدۇم، ئۆيىمىز يېنىدىكى بېدى-لىكتە بىر مېھمان قىلىۋالغان بولسام كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ قالار ئىدى.

— ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردا پۇرسىتى كېلەر. بىزنىڭ ئورنىمىزدا باشقىلار بولسىمۇ چوقۇم شۇنداق قىلار ئىدى. بولدى تۇزۇت قىلماڭ.

— جۇغۇم كىچىك بولغىنى بىلەن قولۇمدىن جىق

ئىش كېلىدۇ. ناۋادا بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈپ، گەدەن تا-
تىلىغۇدەك بولۇپ قالساڭلار مۇشۇ چاتقاللىق تەرەپكە قاراپ
ئۈچ قېتىم چاۋاك چالساڭلار مەن شۇئان يېنىڭلاردا ئۈند-
مەن.

— بىز سىزدەك جىگەرلىك دوستىمىزنى چوقۇم ئې-
سىمىزدە تۇتىمىز، خوش.

— خوش...

لالە بىلەن سۇبات ئۇزۇن بويۇن چۈمۈلە بىلەن خوش-
لىشىپ غۇجمەك - غۇجمەك ئۆيلەر سېلىنغان ياپيېشىل
بوستانلىق بىلەن قاپلانغان كۆجۈم مەھەللىنىڭ يول ئې-
غىزىغا كەلدى. يىراقتىن چېكىتتەك قارا - قۇرا كۆرۈن-
گەن نەرسىلەر ئەمدى يوغىناپ ئۇلارنىڭ كۆزىدە ئادەمگە
ئايلىنىپ بوستانلىق ئىچىگە سەلدەك ئاقماقتا ئىدى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە قوي -كالا يېتىلىۋالغانلار، توخۇ - كەپ-
تەر قولتۇقلىۋالغانلار، بۇغداي - قوناق يۈدۈۋالغانلار،
ئۆكۈز هارۋىسىغا قومۇش - بورا بېسىپ كېتىۋاتقانلار
كۆپرەك ئىدى. لالەنىڭ سەككىز يىل ئىچىدە تۇنجى قې-
تىم بۇنچە كۆپ ئادەمنى ئۇچرىتىشى بولغاچقا قەلبىدە
هەم هاياجان هەم قورۇنۇش هېسسىياتى تەڭ مەۋج ئۇردى.

— هېلىمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن، بازار كۈنىگە ئۇل-
گۇرۇپ كەپتىمىز. يۈرۈڭ سىڭلىم ، بازارغا كىرىپ ئالدى
بىلەن قورساقنى توقلايلى، ئاندىن كېيىن سىزگە چىراي-
لىق نەچچە قۇر كىيىم ئېلىپ ئارام ئالىدىغان جاينىڭ
ئېپىنى قىلايلى.



— سوبات ئاكا، — دېدى لالە ئېھتىياتچانلىق بىلەن، — مەن بۇ ئەپتىم بىلەن بازارغا كىرسەم بازاردىكىلەرگە ياۋايى ئادەم سىياقىدا كۆرۈنۈپ، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويغۇم يوق. ئەڭ ياخشىسى مەن مۇشۇ دوقمۇشتا تۇرۇپ تۇراي، سىز دىككىدە ئۆتۈپ ماڭا بىرەر قۇر كىيىم ئېلىپ كېلىڭ. كۆككۆز ئاچام بەرگەن كېيىك تېرىسىدىن باشقا كىيىمىم بولمىغاچقا قۇملۇقتىكى نەچچە كۈنلۈك سەپەردىمۇ سىزدىن قانچىلىك خىجىل بولغىنىمنى ئۆزۈمگە ئايان.

— ئۇ سىزنىڭ رايىڭىز بىلەن بولغان ئىشلار ئەمەسقۇ، نېمىدىن ئۇنچە خىجىللىق تارتاتتىڭىز. ماقۇل، مەن شامالدەك چاپاي.

لالەنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئورۇنلۇقلىقىدىن سۆيۈنگەن سوبات ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، تارتىنىشىپ تۇرمايلا بازارغا بېرىپ، ھايال ئۆتمەيلا نەچچە قۇر كىيىم ئېلىپ كەلدى.

— قېنى بۇ كىيىملەر سىڭلىمغا يارامدىكىن؟

لالە دەرەخ دالدىسىغا ئۆتۈپ يېڭى كىيىملەرنى كىيگەچ چۈشۈرگەك مېۋە قېقىدىن بىر تال يەۋالدى. ئىلگىرى تاغ ئېتىكىدە كۆككۆز بىلەن ئوينىغىلى چىققان لالە دالىلاردىكى ئادەمنىڭ بېلىدىن ئاشىدىغان ياۋا گۈللەردىن گۈلچەمبىرەك ياساپ بېشىغا گۈلتاج قىلىپ كىيگەندە كۆككۆز خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ ھۇۋلاپ كەتكەن ئىدى. مانا بۈگۈن سوبات ئاكىسىمۇ ئاشۇنداق خۇشال بولدى. سۇس كاۋا چېچەكلىك رەڭلىك ئۇزۇن يەڭ پۇرمە ئېتەك كۆڭلەك،

يۇمشاق كۆن ئاياغ ئىچىدە، لالە دالادىكى چوغلۇقتەك، يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشتەك كۈلۈپ تۇراتتى.

— ياردىمۇ، — دېدى سۇبات سىڭلىسىغا ھەۋەس بىلە-لەن قاراپ.

— يارىمامدىغان، خۇددى بويۇمنى ئۆلچىۋالغاندەكلا چىپپىدە كەلدى دېسە.

— مەن كۆزۈم بىلەن ئۆلچىۋالغان، بولمىسا مۇنداق دەل كېلەتتىمۇ؟ چىرايىڭىزدىكى تۈكلەر قېنى؟ مەن تېخى بازارغا كىرگەندە قورۇنۇپ قالمىسۇن، دەپ چۈمپەردىمۇ ئېلىپ كەلگەن.

— ئۇنىڭمۇ لازىمى بولۇپ قالار، ئالدىرايلى ئاكا. چىرا-يىم نەچچە سائەتتىن كېيىن يەنە ئەسلىگە يېنىپ قالىدۇ.

لالەنىڭ گەپلىرىدە «بازار ئايلىنىپ بولغىچە چىرايىم بۆرە سىياقىغا ئۆزگىرىپ قالسا تۈگەشمەمدىمەن؟» دېگەن-دەك مەنامۇ يوق ئەمەس ئىدى. لالە چاقماق تېزلىكىدە كونا كىيىملىرىنى ئۆتۈك، رومال بىلەن قوشۇپ چىگىۋەتتى.

ئۇلار بازاردىكى باققالنىڭ سېۋىتى، قاسساپنىڭ كانا-رى، كەپتەرۋازنىڭ قۇمىسى، گەزمالچىنىڭ يايمىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئون- ئون بىر ياشلاردىكى ياخما چاچ، چىرايى خام قەغەزدەك پۇرلەشكەن، ئورۇق ئىككى بالىنىڭ پارىڭى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— قۇشقاچ بولغان بولساقمۇ چۆپلۈكتىكى قۇرتلارنى يەپ قورسىقىمىزنى توقلار ئىدۇق.

— چاشقانغا ئايلانغىلى بولسىمۇ غاجىلىغىلى بىرەر

نەرسە چىقار ئىدى.

— قىش كەلسىچۇ، ھەي!

— نېمە قىلاتتىڭ؟

— قار - مۇزلارنى يەپ بولسىمۇ جېنىمىزنى جان ئېتەر ئىدۇق...

بالىلار ئۇلارنىڭ يېنىدىن سۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتتى. لالە، سۇبات ئوخشىغان تاماقنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماققا گۇپ - گۇپ ئۇرۇلۇپ، ئىغىزغا سېرىق سۇ تولدۇرىدىغان بىر ئاشپۇزۇل ئالدىغا كېلىپ توگىنى ياندىكى تۈۋرۈككە باغلىدى.

— يانچۇقۇمدىكى يارماقلارنىڭ بىرىمۇ يوق تۇرىدىغۇ، — دېدى سۇبات ئۇستىبېشىنى ئاختۇرۇپ، — تېخى ھېلىلا ئۇس - تىدىن سىلىسام باردەك قىلغان، چۈشۈپ قالمىغاندۇ - ھە.

— ئاكا، مەندە بار، يۇرۇڭ. بۈگۈن سەپەر ھاردۇقىنى چىقارغاچ تۇزۇك بىر غىزالىنايلى.

ئۇلار ئاشپۇزۇل بوسۇغىسىدىن قەدەم ئېلىشىغىلا خۇددى غالجىر بۇقا ئارغامچىسىنى ئۈزۈپ قاچقاندەك سۇ - رەن - چۇقاندىن مەڭدەپ كەينىگە بۇرۇلدى.

— ئوغرىنى تۇتۇڭلار...

كىمدۇر بىرىنىڭ سېرىق بوراندا قالغاندەك ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن ئالغاي كۆز باققال سېۋەتتىنى، ياغاق يۇز قاسساپ پىچىقىنى، تاماق چىش كۆكتاتچى گىرىنى، پاناق بۇرۇن ناۋاي زىخىنى، چۇپۇر ساقال ئاشپەز چۆمۈ - چىنى تاشلاپ ھېلىلا ئۇلارنىڭ يېنىدىن يانداپ ئۆتۈپ



كەتكەن ھېلىقى ئىككى بالىنى ئالدىغا سالغىنىچە قۇيۇن-
دەك قوغلاپ كەلدى.

— كىمنىڭ ھارام تۇخۇملىرى بۇ؟

— بۇ سويمىلارنى چالما - كېسەك قىلايلى.

— مۇشتۇمدەك تۇرۇپ نەدىن كەلگەن يۈرەك ئۇ.

— ئېشەك سويغان پەسەندىلەر، بالىلىرىغا ھالال - ھارامنى ئايرىيدىغان كىتابلارنىمۇ ئوقۇتۇپ قويماپتىد-كەن - دە.

— بالا دېگەنگە نەدىلا بولسۇن بىرەر ھۈنەر ئۆگەتمى-سە قولى بىلىپ - بىلمەي ئەگرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار-نىڭمۇ ياخشى يېگۈسى، چىرايلىق كىيگۈسى كېلىدۇ.

— بىچارە بالىلارغا ئۇۋال بولغانمىدۇ؟...

— تۇمۇچۇقتەك بالىلار ئىكەن، ھەي، ئىسىت...

بالىلار قېچىۋاتىدۇ، ئۇلار كەينىدىن قوغلاۋاتىدۇ، خۇددى توپ - توپ يولۋاس، شىر — ئاجىز، پاناھسىز بۆ-جەنلەرنى قوغلىغاندەك.

دەل شۇ چاغ قەيەردىن ئۇچۇپ كەلدىكىن بىر تال خىش بىرىنىڭ پۇتىغا تېگىپ پالاققىدە يىقىلدى. يەنە بىد-رىمۇ ئۆزىنى توختىتالماي سىيرىلىپ گۈپپىدە چۈشتى. ئۇلارنىڭ يەرگە سۈرۈلگەن يۈزى شەلۋەرىگەن، ئېغىز - بۇرنىدىن بۇلاقتەك قان ئاققان ئىدى. يېتىپ كەلگەنلەر-نىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ئۇلارنى يەرگە چاپلىۋەت-مەكچىدەك كۆچەپ دەسسەشكە باشلىدى.



— ئۆلۈپ قالمىسۇن، بولدى قىلىڭلار، — دېدى توپ

ئىچىدىن بىرى...

— نېمانداق قالايمىقان جاي بۇ، — دېدى لالە ئاشپۇ-زۇلغا كىرگەندە، — قوتازدەك ئادەملەر قۇشقاچتەك با-لىلارنى ئورۇپ چەيلەۋاتسا ئاجرىتىدىغانغا ھېچكىم چىق-مىدى دېسە.

— يانچۇقۇمدىكى يارماقلارنىمۇ ئاشۇ بالىلار سوقۇ-ۋەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

— سۇبات ئاكا، مەيلى ئەمەسمۇ. ئۇ ئەسلىدىمۇ بىز-نىڭ پۇلىمىز ئەمەس تۇرسا.

ئۇلار كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا غىزالاندى. ئەمدىكى گەپ بىرەر سارايىنىڭ ئېپىنى قىلىپ ئوبدان ئارام ئېلىپ بول-غاندىن كېيىن پالچى موماينىڭ دېرىكىنى قىلىش ئىدى. ئۇلار ئاشپۇزۇل ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشىغا ئاسماننى قارا قۇيۇن باسقاندەك ئاتلىرىنى دۈپۈر - دۈپۈر چاپتۇرۇپ قوللىرىغا ئارقار مۈڭگۈزىدەك ئەگمەچ قىلىچ تۇتۇۋالغان بىر توپ نىقابلىق قاراقچىلار ئالدىغا ئۇچرىغان مېۋە - چېۋە، چەرچىن مال، ئات - ئېشەك، قوي- كالىلارنى يالماپ يۇتۇپ، كەلكۈندەك باستۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قۇيۇندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى.

— ۋاي، مېنىڭ تۆگەم...

سۇبات شۇنداق دېگىنىنى بىلدى، ئۇلارنىڭ تۆگىسى-مۇ ئات قۇيرۇقىغا چېتىلىپ ئېلىپ كېتىلدى. ھېلىلا قاينام - تاشقىنلىققا تولغان بازار بىردەمدە پاتپاراق بو-لۇپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرى، قىيا -



چىيالىرى بازار ئاسمىنىغا بۇلۇتتەك تەكشى تارىدى. قاراقچىلارنى ھېچكىم يولىدىن توسۇپ قالالمىدى. بالىلار-نى دەسسەپ-چەيلىگەن ھېلىقى يەلكىسى كەڭ، بۇقىدەك كۆچتۈڭگۈر «باتۇر، قەھرىمان» لارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈن-مەيتتى. بىر توپ كىچىك بالىلار بازار سەيناسىدا بۇ ئىشلار خىيالىدا يوق چۇرقىرىشىپ «سارغايدى ئويۇنى» ئويناپ يۈرەتتى.

— ھەي، بىزنىڭ تۆگىمىز، — دېدى لالە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

— جاننىڭ ئامان قالغىنى چوڭ ئىش. يۈرۈك سىڭ-لىم، دەرھال بۇ جايدىن كېتەيلى.

— نۇردۇن بوۋامنىڭ ئەتىۋارلىق تۆگىسىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بىكارغىلا تۇتقۇزۇپ قويىمىزما؟ ئاپلا، چاتاق بوپتۇ؟

— نېمە چاتاق؟

— دادامنىڭ ئۆتۈكى بىلەن ئانامنىڭ ئاق يىپەك رو-مالى ئاشۇ تۆگىدە ئىدى، بىللە كېتىپ قاپتۇ. بۇ ماڭا ئەمدى نېمە كۆرگۈلۈك. ئۇ تەۋەررۈكلەرنى چىشىمنىڭ كاۋىكىدا بولسىمۇ ياخشى ساقلىشىم كېرەك ئىدىغۇ...

— ئەنسىرىمەڭ سىڭلىم، بۇ زومىگەرنىڭ جاھىنى ئەمەس. ئۇلاردىن ھامان ھېساب ئالىمىز.

— قاچان ئالىمىز؟

— بىزنىڭ يېشىمىز كىچىك، ئۇدۇل بېرىپ ئېلىش-ساق كۈچىمىزنىڭ يېتىشى ناتايىن. شۇڭا، چوقۇم ئە-



قىل ـ يەم ئىشلەتمىسەك بولمايدۇ. قانداق دېدىم؟
لاله سۇباتنىڭ قارىشىنى توغرا تاپقاندەك بېشىنى لىڭشىتتى. شۇ چاغدا ئاشپۇزۇلنىڭ ئارقا هويلىسىدىن مۇرىسىدە دەسمال، قولىدا چەينەك ـ پىيالە كۆتۈرۈپ چىققان بالا سۇباتنى كۆرۈپ بىردەم مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن تۇۋلىۋەتتى.

## ئاداش، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟

ـــ سۇبات، ئاداش مېنى تونۇدۇڭمۇ؟
ـــ پولات؟! سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟
بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ تەڭ ئويناپ چوڭ بولغان بۇ ئىككىيلەن بىر- بىرىنى قۇچاقلىغىنىچە سېغىنىشلىق سالاملاشتى.
ـــ دەپ كەلسەم گەپ تولا، ئاداش. ئۆزۈڭ بىلىسەن، دادام كارۋانلار بىلەن بىللە يۇرەتتى ئەمەسمۇ، دادام بىر كۈنى «مەن بىلەن بىللە يۇرۇپ سودىنىڭ ئېپىنى بىلىۋالامسەن بالام، خالىساڭ بىللە ئېلىۋالاي» دېدى. بۇ گەپ بۆكۈمدەك مەھەللىدىن چىقىپ باقمىغان ماڭا ياغدەك ياقامدۇ. قۇياش نۇرلىرىنى زېمىنغا قىزغۇچ چاچقان بىر ئەتتىگىنى دادام، هەمراهلىرى، مەن يىگىرمە تۆگە مالنى (نېمە مالىقىنى بىلمەيمەن) ئالدىمىزغا سېلىپ سەپەرگە ئاتلاندۇق. ئۆيدىكىلەر ئىسرىق سېلىپ ئاقىول تىلەپ ئۇ ـ



زىتىپ قىلىشتى. مەھەللىدىن چىقىپ قومۇشلۇق، تىي-تىر - سايلارنى بويلاپ، توغراقلىقتىن ئۆتۈپ قۇملۇققا كىرىپ كەتتۇق. مەھەللىگە تۇتاش قۇچاق يەتكۈسىز توغراقلار كۆزىمىزگە چۇمۇلىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا بىز ئاللىقاچان قۇملۇقنىڭ خېلىلا ئىچكىرىسىگە كىرىپ بولغان ئىدۇق. قاراڭغۇ چۈشتى، قۇملۇقتا تۈنەيدىغان بولدۇق. چوڭلار تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ بىر - بىرىگە چېتىپ بوغۇز خالتىلىرىنى تۆگىلەرنىڭ بوينىغا كىيدۈرۈپ قويدى. تۆگىلەر ئارپا - بۇغدايلارنى غىرىس - غىرىس چايناپ كۆشەپ ئارامغا چۈشتى. بىزمۇ تۈلۈمدىكى سۇ، ئېلىۋالغان نان - كۆمەچلەر بىلەن قورساقنى ئەستەرلەپ ھاردۇقتا ئۇيقۇغا كېتىپتىمىز. تاڭ سوزۇلۇپ بېلىق قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغاندا ئەمدى ئورنۇمدىن تۇراي دەپ كۆزۈمنى ئاچسام، چوڭلارنىڭ كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. قارىسام ھەممىنىڭ قولىدا توقماق - چوماق، تۆگە توقۇمىغا يوشۇرۇپ قويغان پىچاق-قىلىچ.

نېمىش بولدى دادا؟

— قاراقچىلار كېلىۋاتىدۇ، قارىغاندا يەنە دەھشەتلىك بىر مەيدان جەڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ، بالام. دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال.

دادامنىڭ شۇنداق دېگىنىنى بىلىمەن. ئاڭغىچە ئاسماندىن چۈشكەندەك باستۇرۇپ كەلگەن قاراقچىلار بىلەن جەڭ باشلىنىپ كەتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي



بىردەم ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالدىم. يۈرىكىم كۆكرەك قەپەزىمنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيدۇ. تۆگىلەر ئېچىنىشلىق بوزلاۋاتىدۇ، قاراقچىلارنىڭ ئاتلىرى نالىلىك كىشنەۋاتىدۇ. ئارىمىزدىن بىرى ئەپلەپ سالدىمىكىن پاكار دىقماق بىر قاراقچى «ۋاي، قولۇمنى سۇندۇردۋەتتى» دەپ سول قولىنى چاپاننىڭ يېڭىدەك ساڭگىلىتىپ ئورنىدىن تۇردى. داداممۇ بىر قاراقچىنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ ئېتىدىن يەرگە تۈپتەك دومىلىتىپ چۈشۈرىۋەتتى-دە، ئۇنىڭ ئېتىنى مىنىپلا يەنە بىر قاراقچىنى قوغلاپ كەتتى. دادام ھېلىقى قاراقچىنى قوغلاۋاتىدۇ، مەن پىيادە دادامنى قوغلاۋاتىمەن. بىر كەمدە توپا - چاڭ ئىچىدە دادامنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. خىيالىمدا بۇ قاراقچىنىمۇ جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىدۇ، دەپ ئويلاپ يېنىپ كېلىپ قارىسام، تۆگە ماللىرى بىلەن يوق. دادامنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى بوراندا ئۆرۈلگەن دەرەختەك سۇنايلىنىپ ياتىدۇ. خۇددى باللىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن جاپا تارتىپ ئەمدىلىكتە مۇشۇ قۇملۇقتا ئۇزاق مەزگىللىك ھاردۇقىنى چىقارماقچى بولغاندەك. داد-پەرياد كۆتۈرۈپ قۇم سۇ بولۇپ ئاققۇدەك بوزلاپ يىغلىدىم. ھەممە نەرسىلەر چېچىلغان، قۇملۇق يۇلغۇن چېچەكىدەك قان بىلەن تولغان...

— كاللام قۇپقۇرۇق، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي دادامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ دۆڭدە ئولتۇردۇم، دادامدىن ھېچبىر سادا يوق. تۇيغۇمدا مەردانە، باتۇر دادامنى ساق



كېلىدۇ، دەپ تاغدەك ئىشەنچ قىلاتتىم. تىت - تىتلىق ئىچىمنى ئامبۇردەك چىڭ سىقماقتا ئىدى. مەن بۇنداق بىمەنە كۈتۈۋېرىشتىن زېرىكىپ دادامنى ئىزدەپ ماڭدىم. بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ھەيران قالدىم، دادامنىڭ بېشى تېنىدىن بەش - ئالتە مېتىر يىراقلىقتا كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا تۇراتتى. بىلدىمكى، دادام ھېلىقى قاراقچىنى بابلاپ يېنىپ كېلىۋاتقاندا بۇياقتىن يانغان قاراقچىلارنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. غەزەپتىن ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ بارماقلىرىمنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكىلى قىل قالدىم. شۇ چاغدا يولغۇن دالدىسىدىن چىقىپ بىرەر قاراقچىنىڭ كۆزىگە قۇم چاچسامۇ ھېسابتىغۇ؟! سۇبات، شۇ تاپتا سەن مېنى «قورقۇنچاق بالىكەنسەن» دېيىشىڭ مۇمكىن. مەھەللىدە مېنىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن. مەن قورقۇنچاق ئەمەس. دادامنىڭ سۆزىنى يىرالمىغان يېرىم بار شۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق...

— ئاچچىقىمدا قولۇمغا ئۇچرىغان پىچاقنى ئېلىپ قاراقچىلارنى قوغلاپ ماڭدىم. ماڭە - ماڭە نەچچە كۈن بولغاندا ئادەمخور كەسلەنچۈكلەر جىلغىسىغا بېرىپ قالسام بولىدۇ. ئۇ كەسلەنچۈكلەرنىڭ چوڭلۇقىنى دېسەم قورقۇپ كېتىسىلەر. ئۇنىڭ ئالدىدا تىمساھمۇ بىر چۈمۈلە كۆرۈنەمدىكىن دەپ قالدىم. قارامتۇل قاسىراقلىق ئۇ كەسلەنچۈكلەر ئوزۇق تاپالماي نەچچە ئاي ئاچ قالغان چې-



غى، مېنى كۆرۈپ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن «ئولجا» دىن گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ قۇيرۇقىنى يەرگە تىرەپ، قاسراق-لىق ئاچا قوللىرى بىلەن چاۋاك چېلىپ، شۆلگەيلىرىنى شارقىراتمىدەك ئېقىتىپ، ئاچىماق قىزىل، ئۇزۇن تىل-لىرىنى ئۇزارتىپ پوكىنىنى كۆپتۇرۇپ ماڭا ئېتىلدى.

— قورقتۇڭمۇ؟

— قورقۇپمۇ ئىشمۇ؟ باشقا كەلگەندە باتۇر بولىدىغان گەپكەن. ئۇلارنىڭ قورشاۋىدا كۆل ئوتتۇرىسىدا لەيلىگەن بىر تال يوپۇرماقتەك تۇرىمەن. قورشاۋ ھېلى كېڭىيىدۇ ھېلى تارىيىدۇ. خۇددى دولقۇن چەمبىرىكى بىردەم يوغى-ناپ بىردەم كىچىكلىگەندەك. تىللىرى بېشىمنىڭ ئۈس-تىدە قامچىدەك ئوينايدۇ. قاسراقلىق قۇيرۇقلىرى ئەپ تاپسا بەل - پۇتلىرىمنى شىپ - شىپ ساۋىماق بولىدۇ. بىردەملىك بىخۇتلۇق دادامنىڭ بېشىغا چىققان تۇرسا، مېنىڭ ئۇلارغا يول قويالىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئۇدۇل كەلگەن-نىڭ قارنىنى قوغۇن تىلغاندەك تىلىپ پارە - پارە قىلى-ۋەتتىم.

— يارايسەن ئاداش.

— نېمىسى نېمە بولدى بىلمىدىم. بىر كاساپەت سول قولۇمنىڭ بۇ بارمىقىنى تۇۋىدىن چىشلەپ ئۈزىۋەتتى (پولات سۆزلىگەچ چوڭقۇر چىش ئىزى پاتقان تۇۋى كۆ-مۈردەك قارىدىغان نامسىز بارماق ئورنىنى كۆرسەتتى) ئاچچىقىمدا ئۇنىڭمۇ قارنىنى يېرىۋەتتىم. ئۇ يەردىن كەينىمگە يېنىپ بىر ھازا ماڭغانتىم، ئەتراپلىرى جىگدى-

لەر بىلەن ھەم قاشالانغان بىر قورۇ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. قاراڭغۇدا يولنى ئوبدان پەرق ئەتكىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەدىنىم تېلىپ ئاغرىپ تۇرغاچقا ياندا تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇلغان پاخال - سامان ئارىسىغا ئۆزۈمنى تاشلاپلا ئۇيقۇغا كەتتىم. قانچىلىك ئۇخلىدىمكىن بىلمەيمەن، بىر چاغدا كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم. تىۋىش چىقارماي قۇلاق سالسام يۈزى نىقابلانغان ئىككىيلەن يېنىمدىلا پاراڭغا چۈشتى.

— بۇنداق قاپاق بازاردا جىققۇ. ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، نېمە دەپ مۇشۇنداق نەرسىنىمۇ ئوغرىلاشقا بۇيرۇيدۇ، — دېدى پاكىرى.

— ئاتامانىنىڭ دېيىشىچە بۇ خاسىيەتلىك قاپاقمىش. بۇ سېھىرلىك قاپاقنىڭ ئىگىسى يەتتە ئىقلىمغا نامى پۇر كەتكەن پالچى مومايمىش. موماي قاپىقنى كولدۇرلىتىپ پال سالىدىغان بولسا ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ قاچان زېمىنغا ئاقىدىغىنىدىن تارتىپ، يەر ئاستىدىكى يىلاننىڭ قانداق كۆشەيدىغىنىچە ھەممىنى بىلەرمىش. ئاۋامنىڭ بېشىغا قاچان كۈن چۈشۈپ، پۈتىغا قانداق تىكەن كىرىدىغىنىدىن ئالدىن خەۋەر بېرەرمىش. يېقىندىن بېرى نېمىشقا كارۋانلارنى بۇلاش ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

— ياق، بىلمەيدىكەنمەن.

— سەن بۇ سەپكە يېڭى قېتىلغاندىكىن ئەلۋەتتە بىلمەيسەن. سېنىڭمۇ بىر كۆڭلەردە مەندەك بىزارلىق تۇي-



غۇسغا چۈمىدىغان چاغلىرىڭ كېلىدۇ. بىر ئۆمۈر قىر ـ چاپ بىلەن ئۆتۈپتۇق، مەنغۇ تولا چاغلاردا ئاتامانىنىڭ زورى بىلەن بېرىپ قالدىم. يېقىندىن بېرى قاچان كارۋانلارنى تالان ـ تاراج قىلغىلى ئاتلانساق شۇ هامان بوران چىقىپ قۇملار كۆزلىرىمىزنى مۇچ سۇيى قۇيغاندەك ئېچىشتۇرىـ دىغان بولدى. توپ ـ توپ كارۋانلار ئۆتەڭدىن مۇز تېيىلـ غاندەك غىررىدە ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ئاڭلىساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى پالچى مومايىنىڭ سېھىر ـ كاراممىتىدىن بولغانمىش. ئۇ موماي كارۋانلارنى قوغداپ شۇنداق قىلغانمىش. قانغا كۆنگەن قاپلان تاپقا كۆنەلەمدۇ؟ ھەرگىزمۇ كۆنەلمەيدۇ. شۇڭا، ئاتامان مومايىنى يېتىم قالـ دۇرۇش ئۈچۈن بىزنى قاپاقنى ئوغۇرلاشقا ئەۋەتكەن گەپ.

— شۇنداقمۇ؟ ھەئە، ئەمدى بىلدىم.

— بىلدىم، بىلدىم، نېمىنى بىلىسەن. سەن يېڭى كەلگەچكە تېخى بىلمەيسەن. ئۇلار قىرىق قاراقچىنىڭ ئەۋلادلىرى، ئەلى بابا غارغا سولاپ يوقاتقاندا ئېشىپ قالـ غانلارنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىش. شۇڭىمۇ قەلئەگە كۇنجۇت غارنى ياد ئېتىپ، كۇنجۇت قەلئەسى دەپ ئىسىم قويغانمىش. بىز ئات بولۇپ ئۇنى كۆتۈردۇق، سۇ بولۇپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردۇق، گۇلخان بولۇپ سوغۇقتا ئىـ سسىندۇردۇق. مۇشۇ كۇنلەردە ئاتامانمۇ بەك ئاچكۆزلىشىپ كەتتى. تېخى يىگىرمە تۆگە مالنى بۇلاپ كەلگەنلەرگە «ماـ نا ئال، بۇ سېنىڭ نېسىۋەڭ» دېگەن بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويمىدى. جەڭدە شاپاشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا



ماڭغاندىكىن خوپ بوپتۇ. سول قولىنى كارۋانلاردىن بىرى
چوماق بىلەن چۇل - چۇل چېقىۋېتىپتۇدەك.
— ئۇ جەڭگە سەن بارمىغانمۇ؟ — سورىدى پاكىرى.
— مەن ئاشلىق ئەكىلىشنى باھانە قىلىپ ھارۋامنى
ھەيدىگەنچە قاچقان. غوجامنىڭ غوجىسى چامغۇر - زەدەك-
نىڭ ئورىسى بار جاھان بۇ، — دېدى ئېگىزى.
— ھەي، سەن كىمنىڭ نېنىنى يەپ، كىمنىڭ گېپى-
نى قىلىۋاتىسەن؟
— ئۆزۈمنىڭ نېنىنى يەپ، ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قى-
لىۋاتىمەن، قانداق؟
— ئىگىسىگە كۆنمىگەن ئىتكەنسەن.
— مەن ئەمدى ئىتلىق ئۆمرۈم بىلەن خوشلىشىپ
ئادەملىك ھاياتىمنى باشلاشنى ئويلىشىۋاتىمەن.
— ئەمىسە، نېمە دەپ بۇ يەرگە كەلدىڭ؟
— ئويلىغىنىم بار. كەلگەن بىلەن قاپاقنى مەن ئوغ-
رىلىمىدىم.
— ئوغرىغا يانتاياق بولغانمۇ ئوغرى.
— مەيلى، سەن ھازىرچە شۇنداق چۈشىنىپ تۇر.
— ئاتامان قولىنى سۇندۇرىۋەتكەن چوماقچىنىڭ كال-
لىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان بولسىمۇ ھازىرغا قەدەر
ئاچچىغى يانمايۋاتقانمىش. بەلكىم بۇ پال قاپىقىنى كۆرۈپ
كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالار. پاكىرى شۇنداق دېگىنىچە خىر-
خىر كۈلۈۋەتتى.
كۆزۈمگە قان تولدى، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا



باشلىدى. پىچاقنى ئاستا غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېتىلىشقا تەمشەلدىم.

— يۇر، — دېدى پاكىرى، — بالدۇرراق تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاتامانىنى خاتىرجەم قىلايلى. ئۇلار شىپپىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ نەگىدۇر غايىب بولدى. ئادەمخور كەسلەنچۈك چىشلىۋالغان بارمىقىمنىڭ ئورنى تۇز قۇيغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ تۇراتتى. زەھەر بەدىنىمگە تارىدىمىكىن هوشۇمدىن كەتتىم.

ئەتىسى ئۆي ئىگىسىنىڭ يا «ئاللا- تووا» قىچقارغىنى ياكى داۋراڭ سالغىنى ئاڭلانمىدى. ئىشنى باشقىلار قىلسا قارا بالاغا مەن قالماي دەپ مەنمۇ بۇرۇنراق تىكىۋەتتىم. ماڭە - ماڭە مۇشۇ بوستانلىققا كېلىپ قالدىم. نەچچە كۈن ناۋاينىڭ تونۇرلىرىدا چېچىم پاخپاق، يۈزۈم قاسماق تۈنىدىم. قورساق ئاچتى، تىلەشكە يۈزۈم چىدىمىدى. ئاخىر مۇشۇ ئاشپۇزۇلدا ئوچاققا ئوت قالاپ، يۇندا - سۇپۇندە تۆكۈپ دېگەندەك جېنىمنى جان ئېتىپ يۈرگەن كۈنلەردە دوقمۇشتىكى ئاۋۇ ياماقچى بوۋايدىن (قولى بىلەن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئاياغ ياماۋاتقان دۈمچەك بىر بوۋاينى كۆرسەتتى) قاراقچىلارنىڭ بۇ جايغا پات -پات كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ پەيت كۈتۈپ ياتتىم. بىرى «قاراقچىلار كەلدى» دېگەندەك قىلىۋىدى، ئاشپۇزۇلغا تاماققا كەلسە قارىنىنى بۆسۈۋېتەي، دەپ چىقسام سىلەرنى ئۇچرىتىپ قالسام بولىدۇ. ئاڭغىچە ئۇلار تىكىۋەتتىغۇ دەيمەن. خەير، بىر نەچچە كۈن ئارتۇق ياشىۋالىدىغان بولدى.

— مۇشۇنداق چاغدا كۆككۆز ئاچام بولىدىغان بولسا قاراقچىلارنى لاچىن توشقان قامالىغاندەك قامالالاپ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ، قىلمىشلىرىغا ئۆكۈندۈ - رەتتى.

— بۇياق كىم بولىدۇ؟ بېشى بىلەن لالەنى ئىما قىل - دى پولات.

— سىڭلىم.

— ئىسمى؟

— لالە.

— لالە؟ بۇنداق سىڭلىڭنىڭ بارلىقىنى مەن پەقەت ئاڭلىمىغانغۇ؟

— كېيىن دەپ بېرىمەن.

— ئاشۇ ياماقچى بوۋايدىن قاراقچىلارنى سوراپ باق - مايلىمۇ؟

ئۇلار جاھان غەۋغالىرىنى پىسەنتىگە ئالماي ئۆز ئىد - شى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان بوۋايغا ئىللىق سالام بەر - دى. بوۋاي سالامنى ئىلىك ئالغىنىنى بىلدۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. شالاڭ قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئولتۇرغان بوۋاي ئىنتايىن كەم سۆز ئىدى. پولات قاراقچىلارنىڭ ماكانىنى سورىۋىدى كۇنچىقىشتىكى بىر قەلئەنى كۆر - سەتتى. پالچى موماينىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدى كۇنپېتىش - تىكى ئۇزۇن بويۇن چۇمۇلە قالغان چاتقاللىق تەرەپنى ئىما قىلدى.

— شۇنچە گەپلىرىڭگە دىش - پىشمۇ دەپ قويمىدى،

گاچىمۇ ئۇ بوۋاي، ــ دەپ سورىدى سوۋبات پولاتتىن، ــ يا بىزنى كىچىك كۆرگەن يەرلىرىمۇ بۇ . بىر گىپىڭگە مەشرىقنى كۆرسىتىدۇ، بىر گىپىڭگە مەغرىپنى ئىما قىلىدۇ.

ــ ئىككىڭلارنى يات كۆرۈپ قالدىمىكىن. ئۇ ئادەتتىمۇ شۇنداق كەم سۆز ئادەم. گاھى مىڭ تىللا بېرىپمۇ ئېغىزىدىن بىر سۆز ئالالمايسەن. گېپىڭنى ئاڭلاپ قالمىسۇن، شۇش... ش! ئۇلار بوۋايدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن بولسىمۇ پولات بوۋاينى رەنجىتىشنى خالىمىغاندەك كەينىگە قاراپ قويدى.

شۇ چاغدا لالەنىڭ يۈزىگە ئاستا ـ ئاستا تۈك ئۈنۈپ بۆرە سىياقىغا كىرىپ قالدى.

ــ بۇ، بۇ نېمە ئىش، ــ دەۋەتتى پولات كەينىگە داجىپ.

ــ قورقما، كېيىن دەپ بېرىمەن، ــ دېدى سوۋبات.

ــ نېمىنى سورىسام «كېيىن دەپ بېرىمەن» دەيسەن، شاتۇتىغا ئايلىنىپ قالمىغانسەن ـ ھە؟!

ــ خاپا بولما ئاداش، سېنى يات كۆرگىنىم ئەمەس. نۇرغۇن نەرسىنى مېنىڭ چۈشەندۈرگىنىمدىن ۋاقىتنىڭ چۈشەندۈرگىنى ياخشىراق. سەندىن يوشۇرىدىغان سىر يوق، ھەممىنى كېيىن بىلىپ قالىسەن.

سوۋبات بىلەن پولاتنىڭ پاراڭ پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ لالە شۇئان بېشىغا چۈمپەردە ئارتىۋالدى.



پولات بىلەن سوۋبات بىرھازا تالاش-تارتىش قىلىپ

ئالدى بىلەن پالچى مومايىنىڭ ئۆيىگە بىرىشقا كېڭەشتى.

## خۇش كەپسىلەر بالىلىرىم

ئۇلار ياماقچى بوۋاي ئىما قىلغان تەرەپنى نىشانلاپ دۆڭ- چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ گۈگۈم چۈشكەندە جىگدە قا- شالىق ھېلىقى قورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— بۇ يەر ماڭا بەش قولدەك تونۇش، — دېدى پولات پاخال - سامانىنى كۆرسىتىپ، - مەن بىر كېچە قونغان يەر مۇشۇ شۇ.

— كىرەيلى.

سۇبات ئىشىكنى يەڭگىل ئۇردى.

— كىمۇ؟ ئۆي ئىچىدىن يۆتەل ئارىلاش غىژ - غىژ ئاۋاز كەلدى.

— بىز موما، سىزنى يوقلاپ كەلگەن بالىلىرىڭىز.

ئىشىك كىچىك بالا يىغلىغاندەك ئېچىنىشلىق غى- چىرلاپ بىر ھازا ئۆتكەندە، بېلى قىسماقتەك ئېگىلگەن، بېشىغا قاردەك ئاق رومال ئارتىۋالغان ۋىجىك بىر موماي بوسۇغىدا كۆرۈندى.

— نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى، بالىلىرىم.

موماي شۇنداق سورىغاچ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىل- مەكچى بولغاندەك بىر قولىنى بېلىگە تىرەپ ئاستا تىكىلەندى.





ئۇلار كۆردىكى مومايىنىڭ چېچى ئۇچتەك ئاقىرىپ بېلى قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان بىلەن، يۈزىدە ھېچ-قانداق قورۇق ئىزناسى يوق، قىزىل ئالمىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

— بىز سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج بولۇپ، بويىنىمىز قىسىلىپ كېلىۋىدۇق، موما.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار. موماي ئىشىكنى توسۇپ تۇرغان قولىنى ئاستا بوشاتتى، — چىرايىڭلارغا مەيۈس-لۈك، غەمكىنلىك بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. قېنى دەڭلار بالىلىرىم، بېشىڭلارغا نېمە كۈن كەلدى؟

لالە سۆيىنغا ئەپلەك جايلىشىۋالغاندىن كېيىن تاغدىن چۈشكەن، بۆرە ئەمگەن، كۆلگۈنچەك دەرەخ مېۋىسىنى يېگەن، چۈش كۆرگەن، بۆرە سىياقىغا كىرىپ قالغان، كۆ-يۈك تاغقا بارغان، تۇگمەنچى بوۋايدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇچۇرىنى ئالغان... ھەممە ئىشلارنى پالچى مومايغا تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.

— قىزچاق، سىز دېگەن ھېلىقى كۆلگۈنچەك دەرەخ مەن يۈز يىل ئىلگىرى چاتقاللىقتا سانجىپ قويغان چىۋىق ئوخشىمامدۇ، — دېدى موماي ئالىقىنىنى جۈپلەپ ئەپ-سۇن — دۇرۇت ئوقۇغاچ، — ئەمدىكى گەپ...

مومايىنىڭ سىنچى كۆزلىرى بالىلارغا تىكىلدى. بۇ-نىڭدا «مېنىڭ نېمىگە ياردەم بېرىدىغىنىمنى ئېنىق ئېيت-تىڭلار» دېگەن مەنە بار ئىدى.

— موما، مالال كۆرمىسىڭىز سىڭلىمنىڭ چىرايىنى

ئادەم سىياقىغا كىرگۈزۈپ بەرسىڭىز. قاراقچىلار ئاچام-
ىنىڭ، ئاكامنىڭ تەۋەررۈكلىرىنى بۇلاپ كەتكەن، شۇلارنى
ياندۇرۇپ كەلسەك.

— موما، مېنىڭ دادامنىمۇ ئاشۇ قاراقچىلار ئۆلتۈرۈ-
ۋەتكەن، قىساس ئېلىشىمغا ياردەم قىلغان بولسىڭىز
سىزدىن ئۆمۈر بويى مىننەتدار بولاتتىم. پولات ئەجەب
مېنىڭ گېپىمنى قىلمايسىنا، دېگەندەك ئېغىزىنى پۈ-
رۈشتۈرۈپ سۇباتقا ئالىيىپ قويدى.

موماي بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئالدىن خەۋىرى
باردەك گەپنى زەن قويۇپ ئاڭلىغاچ ئىنتايىن تەمكىن
ئولتۇراتتى. بالىلارنىڭ گېپى تۈگىگەندە ئاندىن ئورنىدىن
قوزغالدى.

— ئەنسىرىمەڭلار بالىلىرىم، «بېشى يوقنىڭ ئېشى
يوق» دېگەن گەپ بار. سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى مانا مەن
سىلايمەن. پال قاپىقىمنى ئالدىمغا قويۇپ بىر پال سالسام
ھەممە ئىشىڭلار كۆڭۈلدىكىدەك پۈتىدۇ.

موماي ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر ھازادىن
كېيىن ئالاقزادە ھالدا يېنىپ چىقتى.

— قاپاقنى بىرى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئۇلۇغ مو-
مامىلاردىن قالغان تەۋەررۈك ئىدى. كىم بولسۇن قاپاققا
چېقىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ھەي ھاماقەت ئوغرى، ئەمدى
ئىككى قولۇڭ غازاڭدەك قۇرۇپ كېتىدۇ.



موماي شۇنداق دەپ كۆزىنى ھىم يۇمۇپ ئالىقىنىنى
جۈپلەپ «سۇف - كۆچ» لەپ خېلى ئۇزۇنغىچە بىرنېمىلەر-

نى ئوقۇپ ئىشىك ـ تۈڭلۈككە ھۇرىدى.

— موما، قاپىقىڭىزنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى مەن بىلىمەن. پولات مومايغا تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈر ـ مەكچى بولغاندەك ئالدىغىراق سۆزلىدى.

— كىم؟

— ھېلىقى بىز سىزگە گېپىنى قىلغان نىقابلىق قاراقچىلار.

— راستىما؟ ئۇلار قۇملۇقتا زوراۋانلىق قىلغاندىمۇ، قىلمىشلىرىغا ئۆكۈنۈپ قالار، دەپ كۆزىگە قۇم چېچىش بىلەنلا بولدى قىلغانىدىم. قارىغاندا ھەممە ھېسابىنى بىراقلا قىلىدىغان يېرىگە كەلگەن ئوخشايدۇ. بالىلىرىم سىلەر قاراقچىلار قەلئەسىگە بېرىپ پال قاپىقىنى، مۇنۇ قىزىمنىڭ قىممەتلىك بۇيۇمىنى ئېلىپ كېلىڭلار. قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا قىلىشايلى. قىزىم بۇ ئىككى ئۇزۇكنى قولۇڭغا سېلىۋال. قىزىل ئۇزۇكنىڭ ئىسمى ئۇران، يېشىلىنىڭ تۇران. قاراقچىلار قاچان ھەددىدىن ئاشسا قىزىل ئۇزۇكنى ئۇلارغا قارىتىپ «ئۇران، ئۇرا!» دېسەڭلار ئۇزۇكتىن خاسىيەتلىك توقماق چىقىپ ئۇلارنى پىتىنقلاپ خېمىر قىلىۋېتىدۇ. «تۇران، تۇرا!» دېسەڭلار توقماق شىپ ـ پىدە توختاپ سىلەرنى قوغدايدۇ.

— ئەمدى بەك ياخشى بولدى.

— ئەكىلە كۆرۈپ باقاي...

— پاھ ـ پاھ، بۇ چۈشىمىز ئەمەستۇ؟ بۇنداق ئەڭ ـ گۈشتەرنى چۆچەك ـ رىۋايەتلەردىلا ئاڭلايتتۇق. مانا، بۇ ـ

گۈن قولىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇنى ئوبدان ساقلايلى.

بالىلار ۋال - ۋال نۇر چېچىپ تۇرغان قىزىل، يېپ-شىل ياقۇتلۇق بۇ ئۈزۈكلەرنى قولىغا سېلىپ بېقىپ تېپ-ىنگە چەكسىز كۈچ - ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك كېرىلىپ قويۇشتى.

موماي ئاق رومىلىدا چېچىنى ھىمدىغاچ بالىلارنىڭ سۆزۈك ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ مېھرىلىك كۈلۈمسىرىدى.



# يەتتىنچى باب

# نىقابلىق قاراقچىلار قەلئەسى

## موما، پەيدەك يەڭگىل تۇرۇپتىمەن

شۇ كېچىسى بالىلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي موماي ئۇلارنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ قالدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن سۇبات، پولات موماي ئورۇن راسلاپ بەرگەن ئىچكىرىكى ھۇجرىدا بىردەمدە ئۇيقۇغا كەتتى. سەپەر ھاردۇقى تۇتتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلار كېلىشىۋالغاندەكلا خورەككە چۈشتى.

— كىچىك تۇرۇپ كۆڭلىگە چوڭ ئىشلارنى پۈككەن بالىلار چارچاپتۇ، — دېدى موماي ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغاندەك، — بىز مۇڭداشقاچ ئايۋاندا ئارام ئالايلى، قىزىم.



لالە مومىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇۋېدى، موماي پاخ-

تىدەك يۇمشاق قوللىرىنى تارغاق قىلىپ چاچلىرىنى تاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ پاخمىلىشىپ كەتكەن چىچىنىڭ تارغاق كۆرمىگىنىگە قانچە يىل بولغىنىنى سىلەرگە ئايانغۇ؟ ئانا باغرى مانا مۇشۇنداق ئىسسىق، سەن ئۇ يەردە جەننەت ھۇزۇرىنى ھەر ۋاقىت ئالالايسەن. پاختىدەك يۇمشاق قوللارنىڭ ئەركىلىتىشلىرى، يۈزىنى شامال سۆيگەندەك ئىللىق سىلاشلىرى ئىچىدە لالەنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇ باستى.

ئۆي باشتا بۆشۈكتەك سىلىق تەۋرىنىپ بىردىنلا، ئۇچار گىلەم بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ ئاسمانغا غىررىدە كۆتۈرۈلدى.

— بىز كىتابلاردا ئوقۇغان ئۇچار گىلەمنىڭ ئۈستىدە سايىۋىنى يوق ئىدى، مانا بۇ ھەقىقىي ئۇچار گىلەم ئىكەن. بىز ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندا مۆلدۈر ـ يامغۇر ياغسىمۇ بېشىمىزغا چۈشمەيدۇ ـ دە ئەمدى.

بۇ گەپلەرنى ئۇ ئاسمانغا دېدىمۇ، بۇلۇتقىمۇ، ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئۇ قۇملۇق سەپىرىدە يۈرگەندە سۇبات ئاكىسى ئوقۇپ بەرگەن:

ئاسمان دېگەن كەڭرىكەن،
ۋاي ئالامەت، ئالامەت.
نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك،
ئاسماندىكى ساياھەت.



دېگەن ناخشا تۇيۇقسىز ئېسىدىن كېچىپ پىسىڭگىدە كۆ-
لۈمسىرەپ قويدى.

— سۇبات ئاكام راست دەپتىكەن، ئۇچۇشنىڭ راھىتى باشقىچىكەن، قولۇمغا پەي ئۈنۈپ قانات بولسا، كۈندە ئۇچسام - ئۇچسام، تاغۇ دەريا، باغۇ بوستانلارنى ئايلانسام.

لالە شۇ خىياللار بىلەن بىركەمدە ئۆزى تۇغۇلغان تاغ باغرىغا كېلىپ توختىدى. يۇمشاق پۈتى تاغنىڭ ياڭاق مې-
غىزىدەك تاشلىرىغا تەگكەندە، ئۇ باشقىچىلا ھاياجانلاندى.

— كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، بۇ جاينىڭ بىر يەرلىرى مەن تۇغۇلغان ماكانىغا ئوخشايدىكەن. ئانام مېنى مۇشۇ يەردە ئەركىلەتكەن، دادام مۇشۇ يەردە مېنىڭ تاڭدەك نۇرا-
نە مەڭزىمگە سۆيگەن. ئانا سىزنىڭ روملىڭىز، دادا سىز-
نىڭ بىر پاي ئۆتۈكىڭىز مېنىڭ يېنىمدا، مەن ئۇ نەرسى-
لەرنى ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇمىم دەپ ئاسراپ ساقلاپ كې-
لىۋاتىمەن.

— بىزمۇ سىز بىلەن بۇرۇنراق دىدارلىششقا تەشنا قىزىم.

ئۇنىڭ تۇيغۇسىدىكى خىياللىرىغا غايىبتىن شۇنداق جاۋاب كەلدى.

— ئانا، بۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىزمۇ؟

— شۇنداق قىزىم. لالەنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسىنىڭ ئاق رومالى بۇلۇتتەك يېيىلغان بولدى.

— بۇ سىزنىڭ سادايىڭىزمۇ دادا؟

— شۇنداق، ئوماق لالەم. دادىسىنىڭ كۆن ئۆتۈكى



غىرس ـ غىرس ئاۋاز چىقىرىپ تاغنىڭ سۈكۈتىنى بۇزدى.

— ئانا، دادا سىلەر بىلەن قاچان كۆرۈشەلەيمەن؟

— پالچى مومايىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتقاندا.

— پالچى مومايىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتقاندا؟

— ھەئە.

لالە ئۇلاردىن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىماقچى ئىدى، سوراپ بولغىچە، ئۇلار ئالدىراش ئىشى باردەك ئا-قۇش تۇمانغا ئايلىنىپلا كۆز ئالدىدىن غىپپىدە غايىب بولدى.

— سىلەر ماڭا ئۈچ بولساڭلار كۆككۆز ئاچام ئامراق...

كۆككۆزنىڭ خىيالىنى قىلغان لالە ئۆزىنى كۆككۆز ياشايدىغان دالادا كۆردى.

— بۆرە قىزنىڭ بىزنىڭ مېۋىلىك باغقا كېلىشكە بۈگۈن ئەجەب ۋاقتى يېتىپتۇ ـ ھە؟

كۈلگۈنچەك دەرەخ شۇنداق دېگەچ لالەنىڭ بېشىنى مېھرىلىك قوللىرى بىلەن سىلىماقچى بولغاندەك كۈلۈم-سىرىگىنىچە شاخلىرىنى سوزدى.

— نېمە دەپ ماڭا چۈش كۆرگەك مېۋىنى بېرىپلا يو-قاپ كېتىسىز؟ قاقتىن بىرنەچچىنىلا ئېلىۋاپتىكەنمەن ئۇمۇ تۈگىدى. جىقراق ئېلىۋالمىغانغا مىڭ پۇشايمانمۇ قىلدىم. باشقىلارنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن قېتىم خىجالەتچى-لىكمۇ تارتتىم.



— بۆرە قىز، مېۋىنىڭ بار-يوقى شۇ تۇرسا، باشقا

ئامال يوق. شاختىن ئۈزۈۋالغىنىڭىز قالىدۇ. پىشىپ يەرگە چۈشكەنلىرى تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قىزچاق، سىز ئۆز مۆكەممەللىكىڭىزدىن ئالەمچە سۆيۈنسىڭىز بولىدۇ. جاھاندا ئايىغى بارنىڭ پۈتى يوق، پۈتى بارنىڭ ئايىغى يوق، ئىشلار جىق. كۆرگەنسىز، دۇنيادا نۇرغۇن ئاقساق-چولاق، ئالغاي-جىرتاقلار بار. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىزدىكى ئۈچ-تۆت تال تۈك دېگەن نېمىتى؟ سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى دائىم كەمسىتىپلا يۈرىسىز؟ ئۆزىڭىزگە نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن باھا بېرىسىز؟

تۇغۇلغىنىم ئامىتىم،
قارىغايدەك قامىتىم.
مۇشكۇلاتقا ئۇچرىسام،
ھەمراھ سەۋر تاقىتىم.

— دەپ ياشاۋېرىڭ.

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، سىزنى ئۆز بىلىپ كۆڭلۈمدىكىنى دېگۈم كەلدى.

— بۆرىلەر بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— ھېلىلا كېلىشىم، تېخى ئۇلارغا سالام بەرگۈدەك بولمىدىم.

— مەن سىزنى بۇ يەردە گەپكە تۇتۇپ تۇرماي، تېز بېرىڭ. قايتارىڭىزدا ھايت دەۋېتەرسىز، سىزنى يەنە كۇلدۇرۇپ يولغا سېلىپ قويىمىز.



لالە ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆڭكۈر تەرەپكە چامدىدى.

— لالە قايتىپ كەپتۇ، ھۇۋۇ - ھۇۋۇ.

— بۆرە قىز بۆرىلەر دۇنياسىدا ھۇۋۇ...

— كىيىمى ئوخشىمايدىكەن، ئەمەسمىكىن.

— كىيىمى ئوخشىمىغان بىلەن يۈزى بىزنىڭكىدەك تۈكلۈك تۇرمامدۇ، بويى سەل ئۆسۈپ قالغان بولسىمۇ ئا-شۇ شۇ، ھۇۋۇ.

كۆككۆزنىڭ كۆكۈش بىر جۈپ كۆزىدىن سىڭلىسى لالەنى چەكسىز سېغىنغان مېھىرلىك ئۇچقۇن بالقىدى.

— قانداق سىڭلىم، ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك كې-تىۋاتامدۇ؟

— ياخشى.

كۆككۆز لالەنى كۆپرەك ھىدلىۋالماقچى بولغاندەك سۇۋۇناتتى، ئەركىلەيتتى. لالە قولىنى سوزسا يەتمەيتتى.

— بۆرە ئانامچۇ؟

— ئۆڭكۆردە ياتىدۇ، يېقىندىن بېرى ئاغرىقچان بو-لۇپ قالدى.

— مېنى ئۆڭكۈرگە باشلاڭ ئاچا، بۆرە ئانامنى بىر ھىدلىۋالاي، ھۇۋۇ - ھۇۋۇ.

— سىڭلىم، ھۇۋلاشتىن تېخى قالماپسىز - ھە.

— ئۆزۈممۇ بىلمىدىم، ئادەملەر دۇنياسىدىمۇ پات - پات ئىختىيارسىز ھۇۋلاپ سالىمەنغۇ...



لالە بۆرە ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ تۈكلىرى

چـۇشـۇپ پارقىـراقلىقـىنى يوقـاتقان بەدىـنى ۋە جۇدەڭگـۇ چىرايىغا قاراپ تېلىقتى، بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇكلۇك يۈ ـ زىنى يۈزىگە ياقتى. بۆرە ئانـا قۇيرۇقـىدا يەرنى سۈپـۈرۈپ لالەنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. چاشقانلار: «ئۇلار ئەمدى بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ» دېگەنـدەك ئۆڭكۈر تـاملىرىـدا بىمالال مەشرەپكە چۈشكەن ئىدى. لالە ئورنـىدىن تۇرۇپـلا قولىغا چىققان بىر تال تاشنى ئۇلارغا قارىتىپ ئاتتى «ھۇ نائەھلىلەر، مەن بار چاغدىغۇ ئۆڭكۈر ئالدىغا كېلىشتىـن ـ مۇ ئۆلگۈدەك قورقىشاتتىڭ، بۆرە ئانامنى كېسەلچـان دەپ قىلىۋاتقان قىلىقلىرىڭمۇ بۇ...»

لالە تۈگمەن بۇرغىسى چېلـىنغانـدەك ئاۋازنى ئاڭـلاپ نۇردۇن بوۋاينىمۇ سېغىنغىنىنى ھېس قىلدى.

— تۈگمەنگە كەلدۈق، سىـزگە تۇمـار پۈتۈپ بەرگـەن ئاق كۆڭۈل بوۋايغىمۇ بىر سالام بەرمىسىڭىز بولمـاس — سايىۋەنلىك ئۇچار گىلەم زوۋانغا كىرىپ شۇنداق دېدى.

— كەلدىڭمۇ قىزىم؟ قېنى كەپەمگە.

— ھېلىقى توغراق چوغىغا كۆمگەن پېتىر كۆمىچـ ـ ڭىزدىن باردۇ؟

بوۋاي سىنچى كۆزلىرى بىلەن بېقىپ لالەنى تونۇۋال ـ دى. ئارىدىن تېخى نەچچە ھەپتە ئۆتكەن بولسىـمۇ ئۇ بـۇ ـ رۇنقىدىن خېلىلا مۆكچىيىپ قاپتۇ.

— قۇ ـ قۇ ـ قۇ ـ قۇق...



مومايىنىڭ ھويلىدا دانلاپ يۈرگەن چار خورىزى پۈتۈن يەر شارىنى ئويغاتماقچى بولغاندەك ئۈنلۈك سوزۇپ چىلـ ـ

لىمىغان بولسا لالە يەنە قانداق شېرىن چۈشلەرنى كۆرەر ئىدىكىن ـ تاڭ؟!

— قانداق، ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ قىزىم؟ قارىسام چىرايىڭىز تۇنۇگۈنكىدىن خېلىلا سۇزۇلۇپ قاپتۇ.

— كېچىدىن تۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرۈپتىمەن. ماڭا شۇنداق سېزىم بولدىمۇ بىلمىدىم، قولۇمنى سوزسام ھېچنېمىگە ئىلمىگۈدەك.

— كۆرگەن چۈشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردارمەن، قىزىم. چۈش تەتۈرىگە ماڭىدۇ. قارىغاندا ئىشلىرىڭىز راۋان بولغىدەك. ھاردۇقىڭىز چىقىپتۇمۇ؟

— پەيدەك يەڭگىل تۇرۇپتىمەن، موما. باللارنى ئويغىتايمۇ؟

— ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغىلى نەۋاق.

— شۇنداقمۇ؟ قارىغاندا مەن ئەڭ ئۇزاق ئۇخلاپتىمەن ـ دە.

لالە ئۆزىدىن خىجىل بولغاندەك ئېغىزىنى تۇتۇپ قىشىنى ئۇچۇرۇپ قويدى.

## ناخشىچى سېرىق قۇشقاچ

ئەتىسى ئەتىگەندە باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا موماي ناشتىلىق تەييارلاپ بولغان ئىدى. ناشتىدىن كېيىن ئۇلار سىرلىق قاپاقنى تېپىپ كېلىدىغان بولۇپ سەپەر-



گە ئاتلاندى.

— قىزىم، مەن بەرگەن ئۆزۈكلەرنى ئوبدان ساقلاڭ، — دېدى موماي — بۇ ئۇلۇغ موماڭنىڭ يادىكارى. مەن مۇشۇ يېشىمغىچە، بېشىمغا ھەرقانچە ئېغىر كۈلپەتلەر كەلسىمۇ بەرداشلىق بېرىپ ئۆزۈكلەر سېھرىنى ھېچكىمگە تىنمىغان ھەم ئىشلەتمىگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ خاسىيىتى پەقەت بىرلا قېتىم بولىدۇ. قاراقچىلار ھەددىدىن ئېشىپ پال قاپىقىمنى ئوغرىلىمىغان بولسا ئۆزۈكلىرىمنىڭ سېھرى بەلكىم مەڭگۈ ئۆزى بىلەن قالغانمۇ بولاتتى. خەير، بالىلىرىم، يولۇڭلار بولسۇن. مەن سىلەرنىڭ خۇش خەۋەرىڭلارنى كۈتىمەن.

ئۇچەيلەن جىگدىلىك باغدىن ئايلىنىپ مەشرىقنى نىشانلاپ ماڭغاندا قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى ئۇلارنىڭ يولىغا پاياندار قىلماقچى بولغاندەك تەكشى يېيىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

— سىرلىق قاپاقنى سىڭلىم ئۇچۇن نەدىن بولمىسۇن تاپىمەن. بىز ئىشلارنى تېزرەك تۈگىتىپ مەھەللىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزمىسەك بولمايدۇ.

— مەنمۇ قاراقچىلارنى تېپىپ دادامنىڭ قىساسىنى ئېلىۋالسام ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم قالماس ئىدى. بىراق ، بۇ قاراقچىلارنى نەدىن تاپىمىز؟

— ياماقچى بوۋاي كۈنچىقىش تەرەپنى كۆرسەتتىغۇ، شۇ جايغا ماڭايلى، — دېدى لالە.

ئۇلار قىرلىرىدا چىم - قىياق، پاكار گۈللەر ئۆنگەن



توپىلىق يوللارنى بېسىپ ئىككى كۈن ماڭغان بولسىمۇ قەلئەنى پەقەت ئۈچرىتالمىدى.

— قاراقچىلار باشقا بىر يەرگە كۆچۈپ كەتمىگەندۇ-ھە ؟ — دېدى پولات.

— ئۇلار بىزنىڭ ئىزدەپ بېرىشىمىزنى بىلمەيدىغان تۇرسا؟

— قاراقچىلارنى تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قانداق بابلايمىز؟

— پەم ئىشلىتىپ.

— بىردەم ئارام ئېلىۋالايلىمۇ، — دېدى پولات كۈن پېشىنگە قايرىلغاندا بېقىنىنى تۇتۇپ، — ھېرىپ كەت-تىم.

— لالە چىدىغان يولغا توغراقتەك بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ چىدىمىغىنىنى.

— ئېغىزىدىن چىقارمىغان بىلەن لالەمۇ ھېرىپ كەتتى ھەقىچان، — دېدى پولات لالەنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا ئىنتىلىپ.

— بوپتۇ، بىردەم ئارام ئالايلى.

ئۇلار ئاسمان بىلەن بوي تالاشقاندەك ئېگىز ئۆسكەن، قۇچاق يەتكۈسىز بىر تۈپ تېرەك ئاستىدا سايىداشقا ئول-تۇردى.



ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ،
تېرەك ئاستى تىنچ.

... ...
مەن لالەنى تونۇيمەن،
مەن سۇباتنى تونۇيمەن.
«تونۇمايمەن» دەپ قالسا،
كاللىسىنى چوقۇيمەن.

ئۇلار ئىرەككە يۆنىلىپ ئارىمىنى ئالا ـ ئالماي شاخلار قويىنىدىن تۆكۈلىۋاتقان ناخشىدىن ھەيران بولۇپ تۇرغاندا يەنە بىر ناخشا كۈمۈش كولدۇرمىدەك ياڭرىدى:

قەدەمدە بىر چاتقاللىق،
سىرغاي ئېرىق، پاتقاقلىق.
تىكەن، تاشلار پۇتۇڭدىن،
تىلەپ قويار پاناھلىق.

تاغلار يولى ئېگىز ـ پەس،
يول يۇرگەندە بول پەخەس.
تۇمارىڭنى سۆيۈپ قوي،
تۇمار دېگەن مۇقەددەس.

— بۇ بىر تونۇش ناخشىغۇ؟ — دەۋەتتى لالە ئۇنى قاچانلاردىدۇر بىر يەردە ئاڭلىغىنىنى ئېنىق ئېسىگە ئالالماي.
— مېنى ئېسىڭلارغا ئالالماۋاتىسىلەر ـ ھە؟ — دېدى

ھېلىقى ناخشىچى، — مەن ئاشۇ تاغدىكى سېرىق قۇشقاچ.

— سېرىق قۇشقاچ؟ قايسى سېرىق قۇشقاچ؟ — ھەيرانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرالمىدى لالە.

— يانارتاغ پارتلاپ سىز كۆككۆز بىلەن تاغدىن پەسلىگەندە ناخشا ئېيتىپ سىلەرگە ئاقيول تىلىگەن ھېلىقى سېرىق قۇشقاچ. سىزگە تونۇشلۇق بېرەي، دەپ ئاشۇ ناخشامنى قايتا ئېيتتىشىم.

— كىچىكىمدە شۇنداقراق بىر ناخشىنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە، سىز ئاشۇ سېرىق قۇشقاچما؟

— شۇنداق، مەن ھويلىڭىزدىكى قارىغاي شاخلىرىدا ۋىچىرلاپ سايرايدىغان بولسام، ئايھاي! سىز پۈتۈن بەدىنىڭىزنى قۇلاق قىلىپ ئاڭلايتتىڭىز. سېرىق قۇشقاچ شاختىن پۈررىدە پەسلەپ لالەنىڭ تىزىغا قوندى.

— ئۇ چاغدا قانىتىڭىز بۇنداق پارقىراپ تۇرمايتتى.

— ئۇ چاغدا يانارتاغنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىدىن نىمە ئۆز رەڭگىدە تۇرغان دەيسىز.

— سۇبات ئاكامنى قانداق تونۇيسىز؟

— سىز تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇ چوڭ دادىڭىز بىلەن تاغقا نۇرغۇن قېتىم بارغان تۇرسا تونۇماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟

— بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى ئەسلا ئويلىماپتىكەنمەن؟

— تاغدا ئۆتكەن نەچچە يىلىمنى مەن ھازىرمۇ سېغىنىمەن. ھاۋاسى ساپ، ئورمىنى بۈك، ئادەملىرى ئاق كۆ-



ڭۇل ئىدى. ئاھ، نېمىسىنى دەي، دەپ كەلسەم گەپ تولا. ھويلىڭىزدىكى قارىغاينى ماكان تۇتقان يىللاردا باللاي دەپ ئۇۋامنى ئىسسىتىپ تۇخۇم بېسىپ ياتسام، تۇخۇمدىن دائىم كاككۇك، تورغاي بالىسى چىقىپ ئۇچۇرۇم بولىدۇ. «بۇ نېمە ئىشتۇ» دەپ ھەيران بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇۋامدىن چىقىپ شاخ دالدىسىدا ماراپ تۇرسام يىپ قۇيرۇق تورغاي تىمىسقىلاپ كېلىپ چاڭگامغا ئۇزۇن مۇددەت تۇزلۇق قاپاق ئاستىدا قالغان ياڭاقتەك يۈزى داغ بىلەن تولغان تۇخۇمدىن بىرنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا دۈگدەرەك كاككۇك شاكىلى خام قەغەزدەك لەش بولۇپ كەتكەن چىكىتلىك ئىككى تۇخۇمنى تۇخۇملىرىم ئارىسىغا يوشۇردى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزىڭىزنى تىكىپ قويسا خەقنىڭ خامىنىنى يۇمشىتىپ يۈرۈپسىز - دە؟! — دېدى پولات سېرىق قۇشقاچنىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرىدىن كۈلكىسىنى باسالماي.

— بۇياق...؟ لالەگە قارىدى سېرىق قۇشقاچ.

— بۇ ئاكامنىڭ يېقىن ئادىشى پولات. ھە، ئاخىرىنى دەڭا.

— ئۇلار ماڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان، تۇخۇم گۇناھسىز. شۇڭا بۇ ئۇۋىنىمۇ چىداپ تۇرۇپ چىقىرىۋەتتىم.



— كېيىنچۇ؟

— ئۇندىن كېيىن مەنمۇ كاللامنى ئىشلىتىپ چاڭ-

گىنى تەتۈر تىزىپ ئۆۋامغا ئاستىدىن كىرىدىغان بولدۇم. ئۇلارمۇ ئۆۋا ئىغىزىنى تاپالماي بېشىنى قاشلىشىپ كەت- تى، مەنمۇ بالىلىرىمنى «كىس - كىس، چىس - چىس» تىن خالىي چوڭ قىلدىم.

— ئۇندىن كېيىنچۇ؟

— چاڭگىنى تەتۈر تىزغىنىمنى دادىڭىز ئانىڭىزغا دېگەن بولسا كېرەك، ئانىڭىز هويلىغا چىقىپ تەلپەكتەك هالەتتىكى چاڭگامغا قاراپ قاقاهلاپ كۈلۈشۈپ كەتكەن. شوخلۇق قىلىپ ئۆۋىدىن چۈشۈپ كەتكەن بالىلىرىمنى بىرنەچچە قېتىم دادىڭىز ئۆۋىغا سېلىپمۇ قويغان. ئۆز گېپىمگە كەلسەم، سىز كۆككۆز بىلەن قاپتالنى بويلاپ پەسلەپ كەتتىڭىز. مەن بولسام تاغدىن ئۇچقانچە نۇرغۇن تاغ - دەريا، تاشلىق - ئېدىر، چىمەن ۋادىلارنى كەزدىم، ئەمما هېچقايسىسىنى سىز تۇغۇلغان بوستانلىق تاغقا تەڭ قىلمىدىم. خوش، ئۆزۈڭلارنىڭ سەپىرى قاياققا؟

سەپەر سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرى- گەن سۇبات لالە ئىغىزىنى ئۆمەللەپ بولغىچە دەررۇ جاۋاب بەردى:

— كۈنچىقىشقا.

— ئاخشام سىلەر قاراقچى - پاراقچىنىڭ گېپىنى قىلىشقاندا مەنمۇ موماينىڭ بېغىدىكى جىگدە شېخىدا بار ئىدىم. بىر هازا ئۇنى - بۇنى تالاشتىڭلار، كېيىن تورۇس- نى ئۆرۈۋەتكۈدەك خۇشال بولۇپ كۈلۈشتىڭلار. مەنمۇ جا- هان ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېلىپ موماينىڭ بېغىدا سىلەر

بىلەن ئۈچرىشىپ قالغىنىم قىزىق. ئەتىگەندە قارىسام كۆنچىقىشقا كېتىۋاتىسىلەر. بۇ بىردىنبىر ئۆتەر يول بولغاچقا «ياردىمىم تېگىپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە سىلەرنى مۇشۇ تېرەك شېخىدا ساقلاپ تۇرىشىم.

سېرىق قۇشقاچنىڭ سەممىي پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ سۇبات ئۆز گۇماننىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سۇبات بالىلىق خاتىرىلىرىنى ئاختۇرۇپ تاغقا دادىسى بىلەن بارغانلىرىدا قورۇنىڭ پېشايۋانلىرىغا قونۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ تاغقا كەلگىنىنى قىزغىن قارشى ئالغاندەك چاڭىلداپ سايرىغان تۇمشۇقى قاندىن ھېلىلا سۇغۇرىۋالغاندەك قىپقىزىل بولغاندىن باشقا، چوققىسىدىن تاپىنىغىچە كاۋا چېچىكىدەك سېرىق قۇشقاچنى تاپتى.

راست، سېرىق قۇشقاچلار چاڭىلداپ سايراپ كەتسە دادام قولىنى سايىۋەن قىلىپ شاخ ئۇچلىرىغا توختىماي قاراپ كېتەتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن گەپ يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالماپتۇ. كونىلاردا «قەپەستىكى يولۋاستىن جاھان كۆرگەن ئىت يامان» دەيدىغان گەپ بار. پارالڭ ئارىسىدا سېرىق قۇشقاچ جاھاننى ئالا قويماي كەزگىنىنى دېمىدىمۇ؟! بەلكىم سەپەر سىرىمىزنى دېسەم ئۇنىڭ ياردىمى تېگىپ قالار.

— نىقابلىق قاراقچىلار قەلئەسىگە كېتىۋاتاتتۇق، قولىمىزدا ھېچنىمە يوق، يولدىن ئېزىپ قالدۇقمىكىن...

— شۇنچىلىك ئىشمىتى، مانا مەن سىلەرگە يولباشچى بولاي. قاراقچىلار قەلئەسى بولامدۇ، كۆلگۈنچەك دەرەخ

ياشىغان ماكان بولامدۇ، ھېچقايسىسى مېنىڭ كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس، يۇرۇڭلار.

— سىرىق قۇشقاچ سىز كۇلگۇنچەك دەرەخنى كۆردى. ڭىزما؟

— ھەئە، كۆردۇم.

— نەدە؟

— يېرىم ئارال يېرىم تاغ، يېرىم چىمەن يېرىم باغدا.

— ئىشلىرىم بىر قۇر تۈگىسە مالال كۆرمەي مېنى ئاشۇ جايغا باشلاپ بارارسىزمۇ؟

— ئۇ يەردە نېمە قىلاتتىڭىز؟

— ئاڭلىسام ئۇ ھەممە جايدا پىرقىراپ ياشارمىش، ئۇنىڭ مېنى ھەيران قالدۇرغان غالتەكلىك يىلتىزىنى بىر كۆرگۈم بار. ئۇ تېخى ئۇلۇشكۇنمۇ چۇشۇمگە كىرىپ. تىكەن، شۇنداق كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق.

— مەن بۇ تەكلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن، بىر ھېسابتا بۇمۇ ماڭا ساياھەت بولغۇدەك.

— ئەمىسە كېلىشتۇق ـ ھە؟

— كېلىشتۇق.

— قاراقچىلار قەلئەسىگە ھازىرلا يولغا چىقىمىزمۇ ـ يا؟

— ھەممىمىز ھېرىپتىمىز، بىردەم ئارام ئېلىۋالايلى.

...

پولاتنىڭ قەلبىدە قاراقچىلار قەلئەسىگە تېزرەك بېرىپ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىستىكى گۈلخاندەك

لاۋۇلداپ تۇرسىمۇ بېقىنى مۇجۇپ ئاغرىۋاتقاچقا چىدىمىدى.

سىڭلىسى شۇ يەرگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالسا سۇباتىنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشمەي، ئامانلىقىنى قوغدىماي نېمە ئامالى بار؟!

لالە قەلئەگە بېرىپ قاراقچىلارنى ئۆز يولىدىن ياندۇ-رۇپ سىرلىق قاپاق بىلەن بوغچىسىنى، تۆگىنى قايتۇرۇپ كېلىپ پالچى موماينىڭ قانداق يول كۆرسىتىدىغىنىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

ئاي سۈتتەك يورۇپ ئۇلار ئارام ئېلىۋاتقان دالانى ئۆز نۇرىغا كۆمگەن ئىدى. يۇلتۇزلارمۇ ئۇلارنىڭ بۇ خاسىيەت-لىك سەپىرىگە ئاقيول تىلەۋاتقاندەك كۆز قىسىشىپ جى-مىرلىشاتتى.

## جاھاندا بىر قەلئە بۇ

ئەتراپى كەڭ چوڭقۇر خەندەكلەر بىلەن ئورالغان ئې-گىز تاملىق سېپىل يىراقتىن قارىغان ھەرقانداق كىشىگە سۈرلۈك تۈس بېرەتتى. خەندەككە تولدۇرۇلغان سۇلاردا يۇمۇلاق باش يىلان، سېپىل تاملىرىدا تازقارالار ئەركىن ئوينايتتى.

ئەتراپىغا خەندەك كولانغان بولسا قاراقچىلار سېپىلغا قانداق كىرىپ - چىقىدۇ، دېدىڭىزما؟ سېپىل دەرۋازىسى-غا قارايدىغان قاراۋۇللار كۆتۈرۈپ چۈشۈرىدىغان ئاسما



كۆۋرۈك بىلەن. سېپىلدىن چىققان ھەرقانداق كىشى قاي-
تىپ كەلگەندە پارول سورىلىدۇ. توغرا جاۋاب بېرىلسە
كىرگۈزۈلىدۇ، خاتا جاۋاب بېرىلسە قاراۋۇللار دەرھال تاش
ھەيكەلگە ئايلىنىپ جىم تۇرىۋالىدۇ، خەندەك كۆۋرۈكى
چۈشۈرۈلمەيدۇ. سېپىل ئىچىگە كىرگەندە ئالدى بىلەن
ئىككى يانغا رەتلىك سېلىنغان ئۆيلەر، ئىچكىرىلەپ ئۇدۇل
ماڭغاندا ھېلىقى كۆرەڭ ئاتامانىڭ گۈمبەزلىك كەڭ ئازا-
دە ئوردىسى كۆزگە چېلىقىدۇ. توپتەك سېمىز، كىرپىدەك
پاكار، قوغۇندەك دومىلاق ئاتامان مانا مۇشۇ ئوردىدىكى
شىر تېرىسى سېلىنغان ئورۇندۇقنى تەخت بىلىپ قول-
لىرىنى مۇشۇكياپىلاقتەك يېيىپ چالۋاقايدۇ، ھاۋانچىدا
دورا ئەزگەندەك يەرگە كۆچەپ تېپىدۇ، چېقىر كۆزلىرىنى
چاشقان بۇرۇتىدەك لىكىلدىتىپ غەزەپلىك ئالىيىدۇ.
ئىشلار دېگىنىدەك ئورۇندالسا ناگان- ناگاندا ئاق ئازغان-
دەك ئېچىلىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بار. داكا بىلەن
ئورالغان سول قولىنى بوينىغا ئېسىۋالغان ئاتامان بىر
نەچچە كۈندىن بېرى قولىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، قا-
پاقنى سىلىغىنىچە كۈلۈپ ئولتۇراتتى. كۈلگەندىمۇ ئارقار
مۈڭگۈزىدەك توم بۇرۇت قويىۋالغان يۈزى ھەم شۇملۇق
يېغىپ تۇرىدىغان تۈلكە كۆزلىرى يەنىلا سۈرلۈك ئىدى.

— يارايسىلەر بۇرادەرلەر، بۇ قېتىم سېھىرلىك قا-
پاقنى دېگەن قەرەلدە ئەكىلىپ مېنى تولىمۇ رازى قىل-
دىڭلار. سىلەردىكى مانا مۇشۇنداق يۈلۈپ ئالىدىغان روھ
ۋە قۇدرەت باشقىلاردىمۇ بولسۇن. بېشىڭلاردىن سۆيۈنچە



ئايلانسۇن.

— ئاتامانغا رەھمەت.

پاكار قاراقچى ئۆز ئىشىدىن پەخىرلەنگەندەك ئەتراپ-تىكىلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە قارىغاچ ئاتامانى ئال-دىدا كونا چاپاندەك پۈكلەندى. ئىگىزى بولسا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي يەرگە قارىغىنىچە جىممىدە ئولتۇراتتى.

جاھاندا بىر قەلئە بۇ،  
ئەتراپلىرى قورايلىق.  
گۈمبەز تەييار مۆكۈشكە،  
ھۇجۇم قىلساق قولايلىق.

خەندەكلەردە يىلان بار،  
سېپىللاردا تازقارا.  
بىزگە شىلتىڭ ئاتسا كىم،  
بولۇر باغرى مىڭ يارا.

قولغۇاق چۈشمەس خەندەككە،  
ئوق ئۆتمەيدۇ سېپىلدىن.  
ئوينىشىدۇ جان بىلەن،  
كىم ئازغاشسا ئەقىلدىن.

چىڭ تۇتۇڭلار پىشىمنى،  
سىلەرگە مەن تۇغ بولاي.



مۆلدۈر ياغسا پېشايۋان،
ئاپتاپ چىقسا دۈغ بولاي.

جاھاندا بىر قەلئە بۇ،
ئەتراپلىرى قورايلىق.
بىز ياشايمىز شادىمان،
سېپىل ئايۋان - سارايلىق.

نىقابلىق قاراقچىلار ئاتامانىنىڭ خىرقىراق ساداسىدىن مەستخۇش بولۇپ تېكىدەك سەكرەپ، مولۇندەك چىرقىراپ يۈرۈشكىنىدە ئۈچ بالىنىڭ قەلبىدە ئۈچ تونۇر يالقۇنى لاۋۇلدىتىپ ئۆز قەلئەسىنى نىشانلاپ كەلگىنىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى...

ئەتىسى ئۇلار پۈت - قوللىرى يەڭگىل ھالەتتە تۇرۇپ موماي يوللۇق تۇتقان نانلارنى يەپ يولىنى داۋام قىلدى. يىراقتىن قارىماققا ئۇلار بىر مەلىكىنى قوغداپ كېتىۋاتقان ئىككى نۆكەرگە ئوخشايتتى. پولات كۆڭلىدە، بۇ قىزنىڭ بۆرە چىراي بولۇپ قالغىنىدىن ھەم ئەپسۇسلىناتتى ھەم ھەيران بولاتتى.

ئۇلار كۈن ئىكىلەنگەندە قىرلىق تاشلاردىن ئېگىز قوپۇرۇلغان، خۇمدان شەكلىدە سېلىنغان چوڭ بىر قەلئەنى يىراقتىن كۆرۈپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. قەلئەنىڭ ئېگىز، كەڭ تېمىدا قوللىرىدا قىلىچ - نەيزە تۇتقان نىقابلىق قاراۋۇللار چاشقان مارىغان مۈشۈكياپىلاقتەك كۆزلى-



-رىنى يىلدىرلىتىپ توختىماي ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ كۆزەت قىلىۋاتاتتى.

— مۇشۇ جاي شۇ ئوخشىمامدۇ، — دېدى سۇبات پولاتقا بۇرۇلۇپ.

— شۇكەن، — دېدى پولات، — ئەنە ھەممىسى نىقابلىنىق تۇرمامدۇ.

شۇ ئەسنادا «سىلەر ئىزدىگەن قەلئە مۇشۇ» دەپ بەلگە بەرگەندەك، تېڭىلغان سول قولىنى بوينىغا ئېسىۋېلىپ قارا رەڭلىك پەرەنجىگە ئورىنىۋالغان پاكار دوغىلاق بىرسى قەلئە تېمىدا پەيدا بولدى.

— شۇلاركەن، — دېدى پولات يۇلغۇن دالدىسىدىن ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ، دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولۇپ.

— قاراملىق قىلمايلى، — دېدى سۇبات ئۇنىڭ مۇرىسىدىن قاماللاپ تارتىپ، — ئەڭ ياخشىسى پەم ئىشلەتەيلى. قاراڭغۇ چۈشكەندە قەلئەگە يېقىنلىشىپ كۆزىتەيلى. قەلئەگە نەدىن كىرگىلى بولىدۇ، ئامال تاپايلى. بۇ يالغۇز ئۆزەڭنىڭلا ئىشى ئەمەس ئاداش، لالەنىمۇ ئويلاپ قوي...

پولات سۇباتنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ ئويلىدىمۇ جىم بولدى. ئۇلار يۇلغۇن دالدىسىدا ئەتراپقا قاراڭغۇ چۈشىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى. ۋاقىت دېگەنمۇ قىزىق نەرسە، سەن ئالدىرىمىغاندا قۇيۇندەك تېز چاپىدۇ. سەن تەقەززا بولغاندا قېرىشىپ جۈۋاز سۆرىگەن



قىرى بۇقىدەك ئاستا ماڭىدۇ. كۈن قاراقچىلارغا ھېسداش-
لىق قىلغاندەك تاغ ئارقىسىغا بەكمۇ تەستە مۆكتى.
قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئۇلار قەلئە تېمىنى ئايلىنىپ سېپىلگە كىرىش ئۈ-
چۈن لىق سۇ تولدۇرۇلغان كەڭ، چوڭقۇر خەندەكتىن
ئۆتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن لاسىدە
بوشاشتى.

— قەلئەگە ھۇجۇم قىلىش ئۈنچە ئاسان ئەمەستەك
تۇرىدۇ جۇمۇ؟ — دېدى سۇبات بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بولمايدىغان نېمىسى بار.

ئۇلار تەڭلا چۆچۈپ ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە بويۇنداش-
تى، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

— پىخ - پىخ - پىخ پىخ... تاپىنىڭلارغا قاراڭلار.

ئۇلار تاپىنىغا قاراپ ئۇنىڭ بىر چۈمۈلىنىڭ چاقچىقى
ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

— قورقماڭلار، مەن ھېلىقى سىلەر قۇملۇقتىن بىل-
لە ئالغاچ كەلگەن ئۇزۇن بويۇن چۈمۈلە.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى لالە چۈ-
مۈلىگە، — قەدىناسلارنىڭ ھەممىسى ئۇچرىشىدىغان كۈن-
مۇ بۈگۈن.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— مەن ھېلىقى تۆگىدە سىزنى ئالىقىنىغا ئېلىپ
ئولتۇرغان لالەغۇ، تونۇمىدىڭىزما؟ — لالە چۈمبىلىنى
ئاستا قايرىدى.



— ۋاي، خۇدايىمەي، مەن دېمەمسىز؟ ئۇ چاغدا سىز-نىڭ ئۇچىڭىزدا كېيىك تېرىسى بار ئىدى، ئەمدى چىرايلىق كىيىم ئىچىدە دالىدىكى چوغلۇقنىڭ ئۆزىلا بوپسىز، تونۇمايلا قاپتىمەن، ئامانمۇ سىز؟ سىلەر بۇ يەر-دە نېمە قىلىسىلەر؟

— سىزچۇ؟ سىز بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟

— سىلەر بىلەن خوشلىشىپ چىرىگەن غازاڭلارنىڭ نەمخۇش ھىدىنى ھىدلىغاچ چاتقاللىق مەھەللەمگە كەلسەم تېپتىنچ. تېخى ئۇلار مېنىڭ قارامنى كۆرۈپ بىر يەرگە مۆكۈۋېلىپ ئىزدەتكەن بولمىسۇن دېدىم. ئۇلارنى ئىزدەپ بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاپتى-مەن. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، مانا سىلەر بىلەن كۆرۈشۈۋالدىم.

— سىلەرچۇ؟

سۇبات ئۇنىڭغا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى.

— بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار.

— قانداق ئامال؟ ئۇچەيلەننىڭ ئېغىزى تەڭلا ئېچىلدى.

— مەن بېلىمگە ئارغامچا باغلاپ خەندەكتىن ئۇزۇپ ئۆتۈپ بىر يەرگە باغلاي، سىلەر ئارغامچا ئۈستىدىن دەس-سەپ ئۆتۈڭلار.

— بۇ ئامال ئەپلىشەرمۇ؟...



# ھەرىكىتى سىرلىق بالىلار

سىپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار كېچە - كۈندۈز ھوشيارلىق بىلەن كۆزەت قىلغاچقا ئۇلار نەچچە كۈن ھەپىلدىشىپمۇ خەندەكتىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى. كەچ بولۇپ كەلسە بارماقتەك پاشىلار خۇددى قاراقچىلار ئاتامانى ئۇلارغا كاتتا سۆيۈنچە بېرىدىغاندەك غىڭىلداپ يىڭنىدەك ئۇچلۇق نەشتەرلىرىنى سانجىپ، بالىلارغا ئارام بەرمەيتتى. پاشىلار كېلىشىۋالغاندەك ئۇلارنىڭ قاپاق كۆزلىرىنى چېقىپ چىرايىنىمۇ كۆرۈمسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى.

— بىزغۇ مەيلى، لالەگە ئۇۋال بولدى - دە، — دېدى پولات سۇباتنىڭ چىرايىدىكى مۇشتۇمدەك ھۆررەكلەرگە قاراپ.

— مېنى مازاق قىلماي، ئەينەك تېپىپ ئۆزۈڭنىڭ ئەپتىگە بىر قارىغىنا، شۇ تاپتا نېمىگە ئوخشاپ قاپسەن؟

— دېگىنە، نېمىگە ئوخشاپ قاپتىمەن؟

— دېسەم ئاچچىقىڭ كېلەرمىكىن؟

— كەلمەيدۇ، دەۋەر، دەۋەر.

— سەنچۇ سېپىل ئۈستىدىكى تازقارىغا ئوخشاپ قاپسەن.



— مېنى ئوخشاتقىلى توڭ قاغىمۇ بار ئىدىغۇ، — دېدى پولات سۇبات جەمەتىنىڭ «توڭ» لەقىمىنى چىشلەپ.

— كۆيۈك قۇيماققا ئوخشاتقان بولسامغۇ گۈلقەقەلىرىڭ كېۋەزدەك ئېچىلىپ كېتەر ئىدى ـ ھە! دەپ بوش كەلمىدى سۇباتمۇ ئۇنىڭ «كۆيۈك» جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ.

— بىزگە قاراقچىمۇ، ئۇلارنىڭ پاشىلىرىمۇ ئارام بەرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئەجەب چوڭ نېمىلەركىنە بۇ، مىجىساڭ ئۇستىخانلىرى غىرىس ـ غىرىس قىلىدۇ. تۇتىۋېلىپ مىنسەڭمۇ ئاتتەك چاپقۇدەك جۇمۇ؟

شۇ كۈنى كەچتە پولات نەدىندۇر قۇرۇق چۆپلەرنى تېپىپ كېلىپ تاشلارنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ ئىس سالدى.

— سېنىڭ نوچىلىق قىلغىنىڭنى ئەمدى بىر كۆرەي...

تۇيۇقسىز سەككىز ـ ئون قاراقچى نەيزە ـ قىلىچلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى ـ دە ئۇلارنى ئورىۋالدى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىشىۋاتىسەن شۇمتەكلەر؟ ئالىغاي قاراقچى پولاتنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

— ياۋا توشقان قوغلاپ ئويناپ ئېزىپ كېلىپ قاپتۇق، — دېدى سۇبات پولات جاۋاب بېرىپ بولغىچە گەپنى تارتىۋېلىپ.

— قەلئە تېمىدا كۈزەتچىلىك قىلىۋاتساق، قورايلىق ئارىسىدىن ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى، تېخى بىز ئىسيازچىلارنىڭ بايرىقىمىكىن دەپتىمىز. بۇ يەردە ياۋا توشقان نېمە قىلسۇن؟ بەك قوغلىغۇڭ بولسا، ماڭ توقايلىقىڭغا





بىرىپ لەگلىكىڭنى قوغلاش. بۇ سەنلەر قوغلىشىپ ئوي-
نايدىغان يەر ئەمەس. بىلىگە شاپتۇل سويىدىغان بەكىنى
ئېسىۋېلىپ قىلغان ئىشلىرىنى بۇ سويىملارنىڭ. سەنلەر-
نى يەنە ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولساق تېرەڭنى تەتۈر سو-
يۇپ، ئىچىگە سامان تىقىمىز، ئاڭلاشتىڭمۇ؟

— ئاڭلىدۇق، ئاڭلىدۇق، بېشىنى لىڭشىتتى سۇبات.

— يوقال، شۇمتەكلەر.

— بىزنى تىللىغان تىلىڭغا كۆيدۇرگۇ چىقار ئىلا-
ھىم. ئاۋازىنى ئۆزى ئاران ئاڭلىغۇدەك غودۇڭشىدى
پولات.

لالە سېھىرلىك ئۇزۇكنىڭ خاسىيىتىنى ئىشقا سې-
لىشنىمۇ ئويلاشقان ئىدى، سۇبات ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى
بىلىۋالغاندەك «ياق، ھازىر ۋاقتى ئەمەس» دېگەن مەنىدە
بېشىنى چايقىدى. ھەممىدىن خەۋەردار سېرىق قۇشقاچ
ئۆزىنى يۇلغۇن دالدىسىغا ئېلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

ئۇلار جېنىنىڭ ئامان قالغىنىدىن خۇش بولۇپ كەي-
نىگە يېنىپ يۈگۈرۈپ يوغان بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە
مۆكۈۋېلىشتى. قاراقچىلار كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇن بويۇن
چۇمۇلە گەپ باشلىدى:

— بۇ يەردە تۇرىۋېرىشىمۇ ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ.
ئەتە جۇمە، ھەر جۇمە كۈنى بۇ يەرگە بىر ھارۋىكەش
ئاشلىق باسقان بىر ھارۋىنى ھەيدەپ كېلىدۇ. بىز ھارۋى-
نىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالايلى،
قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.



— ئۇ هارۋىنى سېپىل ئىچىگە كىرگۈزەمدۇ؟ سورىدى سۇبات.

— كىرگۈزمەيدۇ. هارۋىكەش ئاشلىقلارنى سېپىل دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ يانىدۇ. قاراقچىلار ئۆزلىرى ئىچىگە توشۇيدۇ.

ئەتىسى ئۇلار كەڭ تاختايلىق ئات هارۋىسىنىڭ ئوقىدىغا يىلىمدەك چىڭ چاپلىنىشىپ ئاسما كۆۋرۈكتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتۇالدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى لالە ئاشلىق تاغىرىنىڭ دالدىسىدا قاراقچىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.

— مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرۈڭلار.

ئۇزۇن بويۇن چۈمۈلە شۇنداق دەپلا بېشىنى ياندىكى سېپىل تېمىغا تىرەپ ئۇشكىدەك پىرقىرىتۇدى، سېپىل تېمى ئۇزۇنغا قالماي تېشىلىپ ئىچى كۆرۈندى.

— بۇ يەردىن سەن پاتقان بىلەن بىز پاتمايمىز-دە، — دېدى سۇبات ئۇنى يەنە بىر ئامال تېپىشقا ئۈندەپ.

— مۇشۇ تۆشۈكنى يوغىناتسام بولىدىغۇ؟

ئۇ چوقۇپ چىشلەپ، پىرقىراپ دېگەندەك تامنى بالىلار بىمالال پاتقۇدەك قۇدۇق ئېغىزى چوڭلۇقىدا كامار قىلدى.

— كىرىڭلار، شۇش. ئۈن - تىنۋش چىقارماڭلار!

ئۇلار قەلئە ئىچىگە كىرىپ، تېشىدىن ئىچى تېخىمۇ هەيۋەتلىك بولغان بۇ قەلئەنى كۆرۈپ هەيران بولدى. پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بىر ئەپلىك جايغا مۆكتى.

# ئاداش، ھوشيار بولايلى

ئۇلار پەم بىلەن قەلئە ئىچىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك ياسالغان بىر ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ پاراڭغا قۇلاق سالدى. ئىچىدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. چۇمۇلە كونا ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ بىردەمدە تامدىن نوغۇچ پاتقۇدەك چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىپ بەردى. ئۇلار نۆۋەتلىشىپ ئىچىگە قاراشقان ئىدى، ھەيران قالدى. قولى چولاق قاراقچى شىر تېرىسى سېلىنغان تەختىدە چىرايلىق، سىپتا بىر قاپاقنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئوردىسى ئوخشىمامدۇ؟ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى لالە.

— شۇش... ش! «ئوماق سىڭلىم ھازىر ئۇلارنى كۆزىتەيلى، گەپ قىلما» دېگەن مەنىدە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لېۋىگە باستى سۇبات...

— پال قاپقىنى ياندۇرۇپ كەلگەندىن بېرى ئىشلىرىمىز ئالامەت يۇرۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ، جۇمۇ، — دېدى چولاق ئاتامان پەستىكىلەرگە — پاخپاق چاچ موماي دوڭغاق جىگدىلىك ھويلىسىدا ئۈمىچىنى ئىچىپ، ئايىقىنى چېلىپ ئولتۇرماي بىزنىڭ يولىمىزغا ھۆل كېسەك تىزغان. كۆزى ئېچىلمىغان ياۋاش موزايلارنى قوغداپ گاھى بوران، گاھى قۇيۇن چىقىرىپ رىزقىمىزغا توپا چاچقان



ئىدى. مانا ئاي بىلەن كۆن ئالماشتى، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى.

— ھەق راست، ئالىيلىرى!

پەستىكى قاراقچىلار بۆغدايلىقتىكى قارانچۇقلاردەك قول باغلاپ تىنىشقىنمۇ پېتىنالماي ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇشاتتى...

— قاراقچىلار بەك جىققەن، سەللا بىخۇدلۇق قىلساق جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالغۇدەكمىز، — دېدى پولات بې-شىنى چايقاپ.

— ئەمىسە ئۇلارنى قانداق بابلايمىز — دېدى سۆبات پولاتقا سوئال نەزىرى بىلەن بېقىپ.

— مەنمۇ بىلمىدىم.

— ھېلىغۇ قاراقچىلاركەن چاقماق بېسىپ كەلسىمۇ قورقمايمىز. ئىچىگە كىرەيلى، مېنىڭ ئامالىم بار، — دېدى لالە مەردانە ھالدا.

— بەك خەتەرلىك ، ئۇلار جېنىمىزنى ئامان قويمايدۇ.

— بىزمۇ بوش كەلمەيمىز...

ئۇلار مەردانە قەدەم بىلەن ئىشىكنى تاراققىدە ئېچىپ كىردى. قاراقچىلار دەسلەپتە باشقا بىر مەملىكەتنىڭ مە-لىكىسى ئىككى نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدىمىكىن دېگەندەك بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇ-رۇپ قېلىشتى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى توۋلىدى:



— بۇ ھېلىقى قورايلىقتىكى ئوغرىلار، ئوغرىنى تۇ-تۇڭلار. ئاتامانىنى ئوبدان قوغداڭلار.

جاھاندىكى بەزى ئىشلار بەك قىزىق. ھېچ ھېيىقماستىن يۈزى قېلىن ئوغرىلار بالىلارنى «ئوغرى» دەۋاتاتتى.

دېۋەيلەپ كەلگەندە ئايان بولدىكى ئەڭ ئۈنلۈك توۋلىغىنى ئالىغاي قاراقچى ئىكەن. قاراقچىلار ھەش - پەش دېگۈچە قىلىچ - نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپ گۆشكە قونغان چىۋىندەك مىژژىدە يىغىلىپ ئۇلارنى ئورىۋالدى. قاراقچىلار بۈگۈن ئاتامانىغا خىزمەت كۆرسىتىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلگەندەك ، بالىلارنى مىجىپ، چەيلەپ سۆيۈنچە ئالماقچىدەك كۆزلىرىنى ئالدىدىكى «ئولجا» دىن ئۈزمەيتتى.

— سەن چۈپرەندىلەر نېرى تۇرۇش، مەن ئاۋۇ چولاق بىلەن سۆزلىشىمەن، — دېدى لالە چۈمپەردىسىنى قايرىماي تۇرۇپ.

— ھوي - ھوي، نىقابلىق قاراقچىلار بىزمىكىن دېسەم، بۇ يەردىمۇ بالا قاراقچىدىن بىرى باركەن ئەمەسمۇ، — دېدى قىپچىشقا تەمشەلگەن ئاتامان كەينىگە بۇرۇلۇپ، — خوش، نېمە گەپ؟

— جېنىڭلار ئامان قالسۇن دېسەڭلار ھەپتە ئالدىدا بازاردىن بۇلاپ كەتكەن تۆگىنى ماللىرى بىلەن تاپشۇر!

لالە تەمتىرىمەي بۇنداق سۇرلۇك سۆزلىيەلىگىنىدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. غەزەپ گاھىدا ياۋاش توشقاننىمۇ ئادەم چىشلەتكۈزىدۇ ئەمەسمۇ؟!



— بىزنىڭ جېنىمىز ئامان قالامدۇ يا سىلەرنىڭمۇ؟

هەرقانچە بولسىمۇ يالماۋۇزدەك يەتتە بېشىڭلار، يەتتە جې-نىڭلار يوقتۇ سىلەرنىڭ. قېنى سىلەر، بۇ جېنىمدىن توي-غان شۇمتەكلەرنى چەمبەرچاس باغلاپ خەندەككە تاشلاڭلار. سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ يۇمۇلاق باش يىلانلار-نىڭ ئۇلارنىڭ يۇمران گۆشلىرىنى يېيىشىدىن بىر ھۇ-زۇرلىناي.

سۇبات، پولاتنىڭ غەزەپلىك چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇل-دى، مۇشتلىرى كىرپىدەك چىڭ تۈگۈلدى. لالە قاراق-چىلارنىڭ قان تېمىپ تۇرغان قوللىرىنى ئۆزىنىڭ بۇدرۇق يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىلىماقچى، ئۇلارنى ھاڭدىن تار-تىۋالماقچى بولغان ئىدى، ئۈزۈلگەن يىپنى ئۇلاش مۇمكىن بولمىدى. ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتتى ئەمەسمۇ.

— كۆرەڭ قاراقچىلار جازاڭنى يە!

لالە بارمىقىدىكى قىزىل ئۈزۈكنى قاراقچىلارغا قارى-تىپ «ئۇران، ئۇرا!» دېۋىدى، ئۈزۈكتىن شۇ ھامان يال-تىراق بىر نۇر چىقىپ توقماققا ئايلاندى ـ دە، ئۇلارنى گۇلدۇر - قاراس ئۇرۇپ ھالىنى قويمىدى.

— ۋاي بېشىم.

— ۋاي قوۋۇرغام...

— دۇمبەمگە قاتتىق تەگكىنى نېمە ئۇ؟ ۋايجان...

— ۋاي، پۇتۇم سۇندى. ئەمدى توكۇر بولۇپ قالىدىغان بولدۇم.

موماي توغرا دەپتىكەن، ئۆزلىرىنى جاھاندا بىر چاغلايدىغان زوراۋان قاراقچىلار جازىسىنى يېگەندىن كې-



يىمىن مانا بىردەمدە پاقلاندەك جىمىدى.

— قىزچاق، توقمىقىڭىزغا دەڭ، توختىسۇن. بىز سىز تەلەپ قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بېرەيلى. ئاق قۇلاق، ماڭ قىزچاق دېگەن نەرسىلەرنى تېپىپ كەل.

مومايىنىڭ توقمىقى ئادەمنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگەمدىغاندۇ، ئەيتاۋۇر قاراقچىلارنىڭ يېگەن تاياق زەربىسىدىن بىرەر يىلدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرىشىمۇ ناتايىن ئىدى.

— ئاتامانغا مەلۇم بولغاي، تۆگىنى تۇنۇگۇن قاراۋۇللار سويۇپ يەۋېتىپتۇ. بۇ تۇگۇنچەكنى قوتاندىن تېپىپ كەلدىم.

— پال قاپىقى بىلەن قوشۇپ ئالدىمغا ئەكەل!

توختاشقا بۇيرۇق بېرىلمىگەن توقماق قىمىرلىغان ھامان ئۇلارنى ساۋىماقچى بولۇپ بېشىدىكى بوشلۇقتا تۇگمەن تېشىدەك پىرقىراپ تۇراتتى. بىر ئىككىسى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ قالدىمۇ ئۆملەپ مېڭىپ ئۆزدنى تالاغا ئاتماقچى بولىۋىدى، توقماق ئۇلارنى دۇمباللاپ ئورنىدىن تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى. لالە قاپاقنى، تۇگۇنچەكنى قولىغا ئالغىنىدا كۆڭلىدە خىزىر سۈپەت ئاق كۆڭۈل مومايغا مىڭلارچە رەھمەت ئېيتتى.

— تۇران، تۇر.

لالە يېشىل ئۇزۈككە قاراپ شۇنداق دېيىشى بىلەن تەڭ توقماقمۇ توختىدى، قاراقچىلارمۇ ئۆز ئورنىدا تاشتەك قېتىپ قالدى.



— ئاۋۇ چولاق قاراقچىنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن، — دەپ جار سالدى پولات، — دادامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن. بولمىسا ھەممىنى قىرىۋېتەيلى.

— ئۇنداق قىلساق بىزنىڭ ئۇلاردىن نېمە پەرقىمىز قالىدۇ؟ ياق، بىز قان تۆكمەيلى.

لالە شۇنداق دەپ، قىزىل، يېشىل ئۈزۈكنى قاراقچىلارغا قارىتىپ بىر-بىرىگە شۇنداق سۈركىۋىدى، كۈچلۈك شامال چىقىپ ئۇلارنىڭ پەرەنجىلىك نىقابلىرىنى ئاللىياقلارغا ئۇچۇرتۇپ تاشلىۋەتتى. قاراقچىلار ئۆزۈن قارا پەرەنجە كىيىپ يۈزىنى يۆگىۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشمۇ تەس ئىدى. مانا، بۇقىدەك كۈچتۈڭگۈر، ئېيىقتەك ھۆركىرىگەك قاراقچىلار شۇ ھامان چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، دۈمچەكلىكىدىن ئېغىزى يەر سۆيگۈدەك بولۇپ قالغان بوۋايلارغا ئايلاندى.

— ئەمدى ئۇلار قاراقچىلىق قىلالمايدۇ (قىلغۇدەك كۈچ - ماغدۇرىمۇ يوق)، ئەلگىمۇ ئەمىنلىك بولدى. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەردە ھەق - ئادالەتنى تونۇپ ھالال ياشاشنى ئۆگەنسۇن.

— ئاتلارنىغۇ يايلاققا ھەيدىۋەتتۇق، تازقارا، يىلانلارنى قانداق قىلىمىز؟

— «قاشقا سانىغان كۆزگە، خەقكە سانىغان ئۆزگە» دېگەن گەپ بار. ئۇلارمۇ كىم ھەق - ئادالەت يولىدىن تايسا شۇنىڭ كۆزىنى چوقۇيدۇ.

— پولات، سەن موماينىڭ پاخاللىقىدا ياتقاندا ھەقنى

تونۇغان ئېگىز بىرىنىڭ گېپىنى قىلغان، شۇنى بۈگۈن ئۇچرىتالىدىڭمۇ؟ — دېدى سۇبات بىر ئىش يادىدىن كەچ-كەندەك.

— ئاشلىق توشۇغان ھېلىقى ھارۋىكەش شۇكەن.

— ھەرنېمە بولسا تاياق - توقماقتىن ئامان قاپتۇ.

— ئاق كۆڭۈللەرنىڭ يولى ھامان كەڭ بولىدۇ، ئاداش.

... ...

ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك چىرايلىق پۈتتۈرگەن ئۇ-چەيلەن مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

لالەنىڭ «قان تۆكمەيلى» دېگەن گېپىنى باشتا «مېنى قىساس ئېلىش يولىدىن توستى» دەپ رەنجىگەن پولات دۈمچەك قاراقچىلارنىڭ ھازىرقى بىچارە تۇرقىنى كۆز ئال-دىغا كەلتۈرۈش بىلەن يەنە ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ھەي بىر كۈن ساڭا، بىر كۈن ماڭا. مۇشۇنچى-لىكلا جاھان - دە بۇ.



## سەككىزىنچى باب

# سۇمۇرغ تۇخۇمنى تاپايلى

### يادا تاش سېھىرگەرلىكى

كۆكۈش رەڭلىك ئاسمان مۇزدەك سۈزۈك، نۇردەك پا-كىزە ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى قويدەك مىغىلداپ يۈر-گەن بۇلۇتلاردىن بۈگۈن بىرىمۇ يوق. ئۇلار ئىشلارنىڭ چىرايلىق پۈتكىنىدىن بەك خۇشال. ئەمدى سېھىرلىك قا-پاقنى ئاپىرىپ مومايغا بەرسە، موماي شۇ ھامان پال ئې-چىپ لالەنى «سۇف - كۆچ» لىسە، ئادەمگە سۈرلۈك تۇس بېرىدىغان يۈزى ئالمىدەك پارقىرىسا، ئايھاي! مەھەللى-مىزگە ئۇدۇل يۈرۈپ كەتسەك...

پولات ئۆزىنىڭ ئاشۇ شېرىن خىياللىرىنى سۈرگەچ ماڭغىنىدا سۇبات تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— ئاداش، ئۇزۇن بويۇن چۈمۈلە بىلەن ھېلىقى سې-



رىق قۇشقاچ قېنى؟

ــ پال قاپىقنى قولغا چۈشۈرگەن خۇشلۇقتا ئۇلارنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويغان ئوخشىمايمىزمۇ؟

ــ بىزنى تازا دوستلۇققا يارىمايدىغان نېمىلەركەن، دەپ قالغانمىدۇ؟

ــ بۇ ئىشىمىز قامالاشماپتۇ. يولنىڭ يېرىمىنى بې-سىپ بولدۇق، هازىر كەينىمىزگە يېنىشنىڭ ئورنى يوق. كېيىن ئۇچراشقاندا چوقۇم كۆڭلىنى ئېلىۋالارمىز.

لالەنىڭ قولىدا تۇگۈنچىكى، سۇباتنىڭ قولىدا سىر-لىق قاپاق، توپىلىق يولدا چاڭ توزۇتقانچە كېلىۋاتماقتا. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىق، هاياجاننى هېچ-نېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى.

ئۇلار شۇنداق مېڭىپ جىگدىلىك باغنىڭ ئالدىغا كەل-گەندە يولغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئومايىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى ئومايىنىڭ باغرىغا ئاتتى. ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىلگەندىن كېيىن ئوماي هەممە ئەهۋاللارنى سو-رىدى.

ــ نېمە؟ ئەلنى زار ـ زار قاقشاتقان زالىم قاراقچى تېخى ئۆزىنى خان سانامدىكەن؟ تۇفى، يەرگە تۆكۈردى ئوماي، پولات قاراقچى ئاتامانىنىڭ پال قاپىقنى قان دېغى قوللىرى بىلەن سىلاپ ئولتۇرغاندىكى پاراڭلىرىنى سې-لىپ بەرگەندە.



ــ ئاتلارنى يايلاققا قويىۋەتتىڭلارمۇ؟

ــ قويىۋەتتۇق.

— ئۇ يەردە يەنە نېمە قالدى؟

— پۇتلىرى گۆرگە ساڭگىلىغان چاچ ـ ساقاللىرى ئۇندەك ئاقارغان دۇمچەك، مۇنەك بىر توپ ھاسىلىق بوۋايلاردىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى.

— ئىشنى ئەجەب چىرايلىق پۈتتۈرۈپسىلەر، باللىرىم. ئەمدى لالە قىزىمنى ئەسلىدىكى شۇنداق گۈزەل ھالىتىگە ياندۇرايكى ئەدەپ ـ ئەخلاق، گۈزەل لاتاپەتتە تەڭداشسىزلىقى ئاي، قۇياشنىلا ئەمەس، يەر ـ زېمىننىمۇ ھەيران قالدۇرسۇن.

شۇ چاغدا لالە ئىچىدىن تونۇردەك تەپكەن خۇشاللىقىنى باسالماي تۇيۇقسىز ئۆزىمۇ سەزمەي بۆرىدەك ھۇۋلاپ سالدى.

پالچى موماي سىرلىق قاپاقنى بىردەم چايقاپ ئىچىدىكى ماش ـ تېرىقلارنى ئالدىدىكى داستىخانغا تۆكتى. بىردەم تۇ ـ رىۋالغاندىن كېيىن ئالىقىنىنى جۈپلەپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ سىرلىق بىر تىلدا خېلى ئۇزۇن ئەپسۇن ئوقۇدى:

يادا تاش، يادا تاش،
سەن ئەسلى بىر سىقىم ماش
(ئۇچار ـ قانات ئاچقانغا
گېزى كەلسە بىر ۋاق ئاش.)

ئەدەپ ـ ئەخلاق، ھاياسى
ۋۇجۇدىدا ئالتۇن تاج.
كىرپىكى يەر سۈپۈرسە،
دولقۇن چىللار بوستان چاچ.



يادا تاش، يادا تاش
بولسۇن قىزىم قەلەمقاش.
ئاي پارلىسۇن كەپىدىن،
سېھىر كۆرسەت
ۋاش - ۋاش - ۋاش.

يادا تاش، يادا تاش،
باغرى يۇمشاق بول، ئاداش.
يېتىم قىزچاق لالەنى،
مېھرىڭ بىلەن ئەت باغاش!

پالچى موماي شۇنچە كۇچەپ ئوقۇسىمۇ بىر سىقىم ماش داستىخاندا قىمىرلىماي تۇراتتى (موماينىڭ دېيىشىچە بولغاندا ئەپسۇندىن كېيىن ماشلار بىر - بىرلەپ داستىخاندا بۇرگىدەك سەكرەشكە باشلايتتى. قۇيۇندەك پىرقىراپ ئۆزىنىڭ ئىچىدە قويۇق ئاپئاق تۇمان پەيدا قىلاتتى - دە، تۇماندىن كېيىن پالچى موماينىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولاتتى. ماشلارمۇ تۇمان ئىچىدە سىرلىق قاپاقتا كىرىپ غايىب بولاتتى.)

بىراق، بۇ قېتىم يادا تاشلارنىڭ سېھىر -كاراமىتىنى كۆرسەتمەي جىممىدە تۇرىۋېلىشى پالچى مومايىنى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. دەل شۇ چاغدا يادا تاشلار زۇۋازغا كىردى:



موما، سىرلىق قاپاقتىن،
كەم تۆكۈلدى بىر تال ماش.
جامال ئاچماي سېھرىمىز،
كۆزىمىزدە ئۈنچە ياش.

موماي قاپاقنى دۈم كۆپتۈرۈپ ئېغىزىنى داستىخانغا قىلىپ قاتتىق سىلكىۋىدى ئىچىدىن ھېچنېمە چۈشمىدى. كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغان موماي جامغا لىق سۇ ئېلىپ كۆز نۇرىنى بىر يەرگە يىغىپ جام تېگىگە قاراپ تۇرىۋىدى، سۇ ئاستا ـ ئاستا سۈپسۈزۈك ئەينەككە ئايلاندى. شۇ ھامان ئەينەكتە قاراقچىلار ئاتامانىنىڭ قاپاق ئېغىزىنى سېپىل سەيناسىدا ئاچقاندا بىر تال ماشنىڭ تۆكۈلۈپ كەتكىنى، ئۇ ماشنىڭ دومىلاپ بېرىپ ئالتۇن قانات سۇمۇرغقا ئۇچراپ قالغىنى، سۇمۇرغنىڭ ئۇنى چىشلىگەنچە يىراقتىكى بىر قۇشلار ئارىلىغا ئۇچۇپ كەتكىنى مەلۇم بولدى. موماي تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى، سۇمۇرغ ماشنى يەپ سىلىپ بىر ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپتۇ. چىلگە تاۋۇز چوڭلۇقىدىكى بۇ تۇخۇم ئەينەك تېگىدىن پال ـ پال نۇر چاچاتتى.

بىر تال ماشنىڭ كەملىكى،
قىلدى باشنى گادىرماچ.
قانداق قىلاي ئەمدى مەن،
«بۆرە قىز» نى بوستان چاچ؟



بىر تال ماشىنىڭ يوقلۇقى،
قىلدى باشنى گادىرماچ.
تەقدىر ساڭا كەلگەندە،
نېچۈن بېخىل، بولدى كاچ!!!

— موما، ئىشلار نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى؟

## بۇ مەن پۈتكەن تۇمارغۇ

پالچى موماي لالەنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنىڭ بۆرۈنقىدىن ئاز قالغان ـ قالمىغىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن چۈمبەلنى قايرىۋىدى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزى لالەنىڭ بويىنىدىكى تۇمارغا چۈشۈپ قالدى.

— بۇ مەن تاغلىق تۈگمەنچىگە پۈتۈپ بەرگەن تۇمارغۇ؟ — دېدى پالچى موماي ھەيران بولۇپ، — بۇ تۇمار نېمە بولۇپ سىزنىڭ بوينىڭىزدا تۇرىدۇ؟

— بۇ قاچانقى ئىشلار، — دېدى لالەمۇ ھەيران بولۇپ، — ئەقلىمگە كەلسەم بۇ تۇمار بوينۇمغا مۇشۇنداق ئېسىقلىقكەن، باشقا ئىشلارنى بىلىپ بولغۇچە ئاچامنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ تاغدىن پەسلىدىم. ھۇۋۋۇ... لالە تۇيۇقسىز يەنە بۆرىدەك ھۇۋلاپ سالغىنىدىن خىجىل بولۇپ ئېغىزىنى قولىدا توسۇۋالدى.



— بۇ يەتتە - سەككىز يىل ئاۋۋالقى ئىش. پۇت - قولۇم سىرقىراپ ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشىك «توك - توك» چېكىلدى، «كىرىڭ» دېدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانغا چاي تۇتقۇدەك ھالىم يوق. مۈرىسىدە خۇرجۇن، سىم ساقال ئورا كۆز بىرى كىرىپ قولىنى جۈپلەپلا دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ نېرىقى تاغ جىلغىسىدىكى تۈگمەنچى ئىكەنلىكىنى، نەچچە كۈن ئالدىدا قىيامەتلىك ئاغىنىسىنىڭ قىز نەۋرىسى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقىنىنى، تېرىسىنىڭ يۇمران، يۈزىنىڭ يۇمىلاق، پۇت - قوللىرىنىڭ بۇدرۇقلىقىنى دېدى. ھە راست، قىزنىڭ تۇرۇپ- تۇرۇپ بىر نەرسىدىن چۆچۈپ دائىم چىلىق - چىلىق تەرلەيدىغىنىنى، شۇڭا بىر تىلتۇمار پۈتۈپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ كەلگىنىنى ئېيتىپ ئالدىمغا بىر خالتا ئارپا ئۇنى قويدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن مەندىن چەكسىز ئۈمىد كۈتىۋاتقىنى، يېلىنىش ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ شۇ چاغدىكى ئۇ قىزغا بولغان ئامراقلىقىنى، مېھرىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ھەقىقەتەن ئاجىزمەن. بىر بوۋاي جېنىدا قىزنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ يىراقتىن كەلسە، مەن ئورنۇمدىن تۇرماي ياتالايتتىممۇ؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاھارىتىمنى ئېلىپ كىرىپ قىزنىڭ كېيىنكى بەخت - سائادىتى، ئامانلىقى ئۈچۈن بىر تۇمار پۈتتۈم.

— موما، ئۆمرىڭىزدە بۇ بىرلا تۇمارنى پۈتمىگەنسىز؟



تۇمار تـۇمارغا ئوخـشايدۇ ـــ دېدى لالـە پالچى مـومايىنىـڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ.

ـــ ئالدىرىماڭ قىزىم، ھازىر ھەممىنى چۈشىنىسىز. تۇمار پۈتكەن شۇ چاغدا ھەممە يەرنى ئىزدەپ قاپلىغىلى رەخت تاپالمىدىم. سەزگۈر بوۋاي كۆڭلۈمنى تۇيۇپ بېلىدىكى ئاق خەسە پوتىسىدىن جارتىدە يىرتىپ بەردى. مەن ئۇنى سىپتا ئوراپ بولۇپ مېھرىبان بوۋايغا ئۇزاتتىم. تۇمارنى قولىغا ئالغان بوۋاي خۇددى قىممەتلىك بىر ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتى. بۇ تۇمارنى كۆزۈم ئەما بولۇپ قالسىمۇ بىلىۋالالايمەن، قىزىم. سىلەر كەلگەن تاغ تەرەپتە راست بىر تۈگمەنچى بارمۇ ـ يوق؟

ـــ بار، بار، ـــ دەۋەتتى لالە. ئىسىت، بىچارە بوۋام مېنى دەپ تاغ ئېشىپ، داۋان ئاتلاپ جاپا تارتىپتۇ.

ـــ ئۇ بوۋاي ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟ ـــ ئۇزۇك ـ ئۇزۇك يۆتىلىپ قويدى موماي.

ـــ نۇردۇن بوۋامنى دەمسىز؟ ھايات، قارىغايدەك مەزمۇت تۇرۇۋاتىدۇ. سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كەلگەن كۈنى كېچە چۈشۈمگە كىرىپتىكەن، سەل ـ پەل جۇدەپ قاپتىمۇ ـ نېمە.

ـــ ئامان بولسۇن، ئامان بولسۇن، ـــ دېدى موماي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ـــ باللار ئۇچۇن جاپا چەككەنلەر ئامان بولسۇن. سىلەرنى ساغلام ئۆسسۇن دېمىسە، بوۋايغا ساقال سۆرەپ كېلىپ نېمە بار بۇ يەردە؟!

ـــ نۇردۇن بوۋامغا ، سىزگە كۆپ رەھمەت.

ـــ سومۇرغ بىر تال ماشنى يەۋالمىغان بولسا پال



سېھرىم بىلەن ئىشلار باشقىچىمۇ بولار ئىدى. ياخشى ئىشقا دوقال كۆپ، دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك. خەير، بۇمۇ شۇنداق بىر كەلگىنى. مېنىڭ ياردىمىم شۇنچىلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ قىزىم، كەچۈرۈڭ. بوينىڭىزدىكى بۇ تۇمارنىڭمۇ خاسىيىتى بار. ئەمدى قۇشلار ئارىلىغا بېرىپ سۇمۇرغ تۇخۇمىنى تېپىپ ئىچىۋەتسىڭىزلا ئاي خېنىم سۈزۈك چىراي بولىسىز.

— قۇشلار ئارىلى نەدە، موما؟

— يېرىم ئارال، يېرىم تاغ؛ يېرىم چىمەن، يېرىم باغدا. سۇمۇرغ رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى ئۇيقۇغا كەتسە نورۇز ھارپىسىدا ئويغىنىدۇ. پەيتنى ئوبدان تاللاڭلار، بالىلىرىم. ناۋادا تۇخۇمنى ئالغاندا سۇمۇرغ تۇيۇپ قېلىپ ئويغىنىپ كەتسە بېشىڭلارغا بالا تېپىۋالىسىلەر. بەك-بەك ئېھتىيات قىلىڭلار.

— موما، كېيىنچۇ؟

— خالىسىڭىز بۇلاق بويىدىكى مۇزىكىلىق دوختۇرخانىدا بىر ئاي داۋالىنىسىز.

— نېمىدەپ، ئەمدى؟

— سۇمۇرغ تۇخۇمىنى ئىچىپ گەرچە چىرايىڭىز سۈزۈلسىمۇ، ئەمما مۇزىكىلىق دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ داۋالانمىسىڭىز ھايۋانلارنى كۆرگەندە ھۇۋۇلايدىغان، بوزلايدىغان، ھاڭرايدىغان، كىشنەيدىغان، مەرەيدىغان، مۆرەيدىغان بولۇپ قالىسىز. بۇ ھالەت داۋاملىشىۋەرسە بىر مەزگىل ئۆتكەندە شۇ ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئۆ-

تۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، مۇزىكىلىق دوختۇرخانا سىز ئالتە ئايلىق بولغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر بولغان جەريانلاردىكى ئاۋازلارنى سۇزۇپ، مۇھىملىرىنى كاللىڭىزدا قالدۇرۇپ كېرەكسىزلىرىنى تازىلايدۇ. قايسى كۈنى بۆرىدەك ھۇۋلاپ سالدىڭىز ئەمەسمۇ؟

موماي شۇنداق دەپ تۇرىشىغا لالەنىڭ ئېغىزىدىن يەنە «ھۇۋۋۇ...» دېگەن ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

— ئۇندىن كېيىنچۇ؟

— ئۇندىن كېيىن تۇگمەنچى بوۋاي بىلەن ماڭا رەھمەت ئېيتقىلى كېلىسىز؟ موماي شۇنداق دېگەچ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. يانچۇقىدىن بىر زەر لېنتا ئېلىپ لالەنىڭ قوڭۇر چاچلىرىنى پېشانىسىدىن ئايلاندۇرۇپ چىگىپ قويدى. شۇ ئەسنادا شىپىر - شىپىر قەدەملەر بىلەن ئۇزۇن بويۇن چۇمۇلە كىرىپ كەلدى - دە، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

— خۇشلۇقتا ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان بالىلاركەنسىلەر.

— موماغا بۇرۇنىراق خۇش خەۋەر يەتكۈزىمىز دەپ كېتىۋېرىپتۇق. ئەقىلسىزلىقىمىزنى كەچۈرۈڭ.

## بالىلىرىم، يولغا چىقىڭلار



— سۇمۇرغ تۇخۇمىنى ئېلىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن سۇمۇرغنى چۇشىنىش كېرەك. سۇمۇرغنى چۇشىنەمسى-

لەر؟ مومماي ئۆتكۈر نەزەرى بىلەن ھەممەيلەنگە قاراپ چىقتى.

— ياق، چۈشەنمەيمىز؟ — تەڭلا باش چايقاشتى بالىلار.

— راستىمنى دېسەم مەنمۇ بۇ ئۆمرۈمدە سۈمۈرغنى كۆرۈپ باقمىدىم. موماملنىڭ دېيىشىچە سۈمۈرغىنىڭ ئىككى بېشى بولارمىش. بىرى قۇش بېشىغا، يەنە بىرى ئادەم بېشىغا ئوخشارمىش. قۇش بېشى بىلەن قۇشلار تىلىدا، ئادەم بېشى بىلەن ئادەم تىلىدا سۆزلىشەرمىش. ئۇ جۈپ-سىز بولۇپ ئادەملەرگە دائىم ئاسايىشلىق تىلەپ تۇرغاچقا ئەلنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆكلەپ مەڭگۈ ئۆلمەسمىش. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل قەددى - قامىتى بىلەن ھەر زامان پە-خىرلىنىپ يۈرەرمىش ھەم ئادەملەرنىڭمۇ گۈزەل قەددى - قامەتلىك بولۇشىنى تىلەپ، توختىماي بۇقۇلداپ يىغلار-مىش. ھەركۈنى ئاتا - ئانىسىز قالغان يېتىم قۇش باللىرىغا دان توشۇپ باقارمىش. شۇڭا، قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراقمىش.

— ئەمىسە، ئۇنىڭ تۇخۇمىنى ئىچىپ يۈزۈمدىكى تۇكلىرىمنى چۈشۈرىمەن دېگىنىممۇ تازا قاملاشمايدىغان ئىش بولامدۇ- نېمە؟

— بىر تال تۇخۇمغا ئۇنچە قىلىپ كەتمەس، — دېدى مومماي.

— ئۇ ئادەملەر بىلەن بىللە ياشىسا بولمامدۇ موما؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى لالە.

— ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاق كۆڭۈل، راستچىل،
سەمىمىي بولغانىبىلەن، بەزىلىرى قارا كۆڭۈل، نەپساند-
يەتچى ئەمەسمۇ؟! ئۇ دان بەرگەن ئۆيگە كۆنۈپ بولغاندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەپەسكە سولاپ قويۇشىدىن ئەن-
سىرەيمىش. دېمىسىمۇ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ياتلارغا
سوۋغا قىلىپ ئۆزىگە يول ئىزدەيدىغان زەيپانىلەر ئارد-
مىزدىن تۈگىگىنى يوق.

— بولدى، بالىلىرىم سىلەرنى گەپكە تۇتۇپ ئولتۇر-
ماي، بۇرۇنراق يولغا چىقىڭلار. ئىلاھىم، ئىشىڭلار كۆ-
ڭۈلدىكىدەك بولغاي.

موماي دائىملىق ئادىتى بويىچە ئالىقىنىنى جۈپلەپ
بىردەم دۇئا ئوقۇغاندىن كېيىن سۇفكۇچلەپ ھەممەيلەن-
نىڭ ئايىغىغا بىردىن دەسسەپ چىقتى.

— موما، بۇ...

— بۇ بىر سىر، — دېدى موماي ئۇلارنىڭ پۇتىغا
دەسسىگىنىدىن ھەيران بولغىنىنى سېزىپ، ۋاقتى كەل-
گەندە بىلىپ قالىسىلەر، قېنى يولغا چىقىڭلار.

— بۇ ئۇزۇن بويۇن چۇمۇلىچۇ؟

— مەن موماغا ھەمراھ بولۇپ بۇ يەردە قالاي، —
دېدى چۇمۇلە كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، — بىز خۇش
خەۋىرىڭلارنى كۈتىمىز.

كۈزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى
يۇمشاق ئالىقىنى بىلەن سىپاپ ئۆتەتتى. ئالتۇن رەڭلىك
تەبىئەت ئۇلارغا ئاقيول تىلەۋاتقاندەك كۈلۈمسىرەيتتى.



— خوش، موما.

— خوش، بالىلىرىم.

— خوش چۈمۈلە، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان ئىدۇق.

— خوش، يولدا پەخەس بولۇڭلار.

— موما، ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن، ئۈزۈكلىرىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەي.

— بىر ئوبدان ياراشقان ئۈزۈكنى بارمىقىڭىزدىن سۇغۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟ سېلىۋېرىڭ بولدى.

— رەھمەت، يەنىلا سىزدە قالغىنى تۈزۈك.

موماي قىزغا ھەۋەس بىلەن قاراپ بۆرىنىڭ ئۇچىدىن چىمدىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ قولىنى ئىرىم قىلىپ سۆيۈپ قويدى.

ئۇلار موماي ۋە چۈمۈلە بىلەن خوشلىشىپ سۇمۇرغ تۇخۇمىنى ئىزدەپ كۈنچىقىشتىن جەنۇبقا سوزۇلغان يوللارنى بويلاپ كەلمەكتە ئىدى.

## سۇ ئانىسى سۆزلەيدۇ

سۇبات بىلەن پولات كۆلچەكلەردىكى غەمسىز ئۈزۈپ يۈرگەن ياۋا ئۆردەك، غازلارنىڭ ئويۇنىنى تاماشا قىلغاچ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار «ئادەمزات ئىز باسمىغان ماكاندىمىزغا بۇ بالىلار نېمىگە كەلگەندۇ» دېيىشكەندەك بويۇن-

لىرىنى رېزىنكىدەك سوزۇشۇپ، تۇخۇم سېرىقىدەك تۇمشۇقلىرىنى سۇركىشىپ غاقىلدىشاتتى، ۋاقىلدىشاتتى.

ئەمما، لالە ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى. سۇبات بىلەن پولاتنىڭ ئۇنى - بۇنى سورىغان، ئاسماندىكى قۇشلارغا بۆك ئىرغىتقان پاراڭلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئاھ، بۇ ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك دەپ ئويلايتتى لالە كۆڭلىدە. تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىم بولسام. بۆرىلەر دۇنياسىدا ياشاپ بۆرە چىراي بولۇپ قالسام ھەم ئۇلاردەك ھۇۋلاشتىن قالمىسام. مەن نېمانچە شور پېشانىدۇرمەن؟! ھېلىمۇ ياخشى كۆككۆز ئاچامنىڭ بولۇپ قالغىنى؟ شۇ تاپتا ئۇ مېنى سېغىنغانمىدۇ؟ مېنىڭچە چوقۇم سېغىنىدى، يوللىرىمغا قارىدى. مەندىن ئەنسىرەپ ئۆڭكۈر يېنىدىكى ئېگىز چوققىلارغا چىقىپ، ھىدىمنى ئېلىش ئۈچۈن توختىماي ھۇۋلىدى. بۆرە ئانام ھەم قېرىنداشلىرى بىلەن مېنىڭ پارىڭىمنى قىلىشتى.

نوردۇن بوۋامنى شۇنداق ئاۋارە قىپتىمەن. يەنە تېخى سۇبات، پولاتلارنىمۇ ھاردۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزىۋەتتىم. پالچى مومامغىمۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەردىم. بۇ يوللار يەنە قانچىلىك داۋام ئېتىدۇ، بىلمەيمەن. سۇبات، پولات ئاكاملارنى مەھەللىگە ياندۇرىۋېتىپ ئۆزەم بۆرە ئانام يېنىغىلا كېتەيمىكىن. شۇنداق دېسەم ئۇلار ماقۇل دەرمۇ...

— قىزچاق، سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا ياشاۋاتامسەن، ئاتا - ئاناڭنى كۆرگۈڭ يوقمۇ؟



غايىبتىن قۇلىقىغا كىرگەن ئاۋاز ئۇنى يەنە يېڭى خىياللار قايىنىمىغا غەرق قىلدى. بوۋام، مومام سۇباتىنىڭ خۇش خەۋىرىنى كۇتۇپ نان ئورنىغا غەم يەپ ياشاۋاتقاندۇ؟ قېنى قايسى بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىپ سۆيۈشلىرىگە تەشنا ئەمەس؟ ئاھ، تەڭداشسىز ئاتا-ئانا مۇھەببىتى.

تەبىئەت ئانا، ئۇ بالا ئۇچۇن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەق-دىم قىلىدۇ. چىداي، يوللاردىكى مۇشەققەتلەرگە بەرداش-لىق بېرەي. ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن. تېخى سۇبات بىلەن پولات يولدىن يالتىيىۋالسا مەن رىغبەت بەرمەكتە يوق، ئۆزەمنىڭ بوشاڭلىق قىلغىنىم ئېمىسى؟ ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىۋاتامدۇ ياكى مەن ئۇلارغا ياردەم قىلىۋاتىمەنمۇ؟ ئال-تۇندەك بالىلارنىڭ پاشىلارغا تالانغۇسى، داق يەردە ياتقۇ-سى، ئاچ - توق يۈرگۈسى، قاراقچىلارنىڭ ھاقارىتىنى ئاڭلىغۇسى بارمۇ؟ يوق. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ قىلمىغىنى قالمىدى. بولۇپمۇ پولات ماڭا ئالاھىدە كۆيۈن-دى. ئىلاھىم، بۇنداق كۇنلەرنى باشقا بەندەڭنىڭ بېشىغا سالما. ئۇھ، نېمانچە ھارىمەن... ...

— قاراڭلار، ئەنە قومۇشلۇق كۆل، ئەمدى بۇ كۆلدىن ئۆتسەكلا قۇشلارئارىلىغا بارىمىز.

پولاتنىڭ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ تۇۋلىغان ئاۋازى لالەنى خىيالدىن ئويغاتتى.

لالە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋېدى قومۇشلار مەيىن شا-مالدا يەڭگىل ئىرغاڭلاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، زۇمرەت



سۇلىرى بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ تۇرغان بىپايان پىيىشىللىق كۆزىگە چېلىقتى. قومۇشلۇقتىكى ئاللىقاندان قۇشلار بۇ گۈزەل ماكانىنى ئىچ - ئىچىدىن كۈيلىمەكچىدەك سوزۇپ - سوزۇپ سايرايتتى. زېمىن، كۆل، قومۇشلۇق، ئاسمان بۇ يېقىملىق سايراشلار ئىچىدە مەستخۇش ئىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى غەش خىياللارنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ ساپ نەمخۇش هاۋادىن قېنىپ - قېنىپ سۈمۈرۈپ ئەركىن نەپەس ئالدى. ياپيېشىل كۆل ئۇنىڭ كەيپىياتىنى خېلى كۆتۈرۈپ قويدى.

— بۇ كۆلدىن ئەمدى قانداق ئۆتىمىز؟ ئۈزۈپمۇ يا قولىمىزنى قانات قىلىپ ئۇچۇپمۇ؟

قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراققا قاراۋاتقان پولات ئەتراپتىن قولۋاق ئىزدەۋاتقاندەك تىت - تىت ئىدى.

— پالچى موماي ئۇنىڭ تەييارلىقىنى ئاللىبۇرۇن قىلىپ قويغان، ئەنسىرىمەڭلار...

ئۇلار ئاۋازنىڭ نەدىن كەلگىنىنى بىلەلمەي چۆچۈپ ئەتراپقا قاراشتى، ھېچكىم يوق.

كۆپكۆك ئاسمان سۆزلىمەس،
ئاپئاق بۇلۇت سۆزلىمەس.
شامال تىلسىز سۆزلىمەس،
نۇرلۇق ئۇپۇق سۆزلىمەس.

مۇڭلۇق زېمىن سۆزلىمەس،
يېشىل قومۇش سۆزلىمەس.



سۇ تېگىدىن گەپ كەلدى،
ھەي! ناتونۇش سۆزلىمەس.

ئۇلار قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ بۇ ئاۋازنىڭ كۆل تېگىدىن ئاڭلانغىنىنى جەزم قىلدى. ئاڭغىچە زۇمرەت سۇلار قومۇشلار بىلەن بىللە تۆگە ئۆركەشىدەك دولقۇنلىنىپ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان پەرىشتە سۈپەت چىرايلىق بىر ئايال سۇ يۈزىدە كۆرۈندى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — سورىدى لالە.

شۇ تاپتا «ئاشۇ مېنىڭ ئانامىدۇ» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا لىپپىدە كېلىپ بولغان ئىدى.

— مەن سۇ ئانىسى.

— سۇ ئانىسى؟

— ھەئە، مەن سۇ ئانىسى.

— سۇنىڭمۇ ئانىسى بارمۇ؟

— باللارنىڭ ئانىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سۇنىڭمۇ ئانىسى بار. مەن سىلەرنى ساقلاۋاتقىلى نىكەم. ھەدىگلارنى شامالار ئاللىبۇرۇن قومۇشلۇق كۆلگە ئېلىپ كەلدى، لېكىن ئۆزۈڭلارنى كۆرمەيمەن. ھېرىپ كەلدىڭلار، قېنى، مېنى قېنىپ ـ قېنىپ ئىچىۋېلىڭلار، ھاردۇقىڭلار چىقىدۇ.

ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ رېئاللىقتىن تولىمۇ ھەيران بولماقتا ئىدى.

— سۇ ئانىسى چوڭ كۆل، دەريالاردا ياشايدۇ. ئاي

تولغان ئاخشاملىرى سۇدىن چىقىپ قورام تاشتا ئولتۇرۇپ يەر سۈپۈرۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى تارايدۇ.

ــ ماۋۇ، لالەنىڭكىدەك ئۇزۇن چىچىنىمۇ؟ ــ دېدى پولات لالەگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

ــ شۇنداق. سۇ ئانىسى سۇنى ئاسرىغانلارنى بەك ياقتۇرىدۇ. بۇنداقلار سۇدا ئۈزسە كېمە ـ قولۋاقلىرى ئاغدۇرۇلمايدۇ. ئۆزلىرى سۇ ئۈزسە چۆكۈپ كەتمەيدۇ. مال ـ چارۋىلىرى سۇ ئىچكىلى بارسا كەلكۈن يامرىمايدۇ. ئەكسىچە، يامان نىيەتلىك ئادەملەر سۇغا كىرسىلا تۈرلۈك ئاۋارىچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ ـ رىدۇ. سۇ ئانىسىنىڭ ئالماس، ياقۇت، مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تارغىقى بار. مېنىڭمۇ سىزدەك ئوماق بىر قىزىم بولىدىغان. بىر كۈنى قىرغاقتا ئويناتقىلى ئې ـ لىپ چىقسام شامال قولتۇقىغا قىسىپلا ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ قاچتى.

ــ ئارقىسىدىن قوغلىمىدىڭىزمۇ؟ ــ ئۇچەيلەن تەڭلا سوراشتى.

ــ مېنىڭ ئىككى پۇتۇم سۇدىن ئايرىلالمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ قوغلىيالايمەن. قاقشىدىم، يىغلىدىم. كۆرگەنسىلەر، يىغلاۋېرىپ كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى، كۆلنىڭ سۈيى تاشتى.

ــ سەپىرىمىزدە قىزىڭىزنى ئۇچراتساق چوقۇم سىزگە خەۋىرىنى بېرىمىز.

ــ كېلىڭ قىزىم، ئاشۇ تارغاق بىلەن چاچلىرىڭىزنى



تاراپ قويای. چىچىڭىزنىڭ چىلگىشى چىقسا يولىڭىزدىكى دوقال تۈگەيدۇ. سەپىرىڭلارنى ئوڭۇشلۇق داۋام ئېتەلەيسىلەر.

پالچى موماي قولىنى تارغاق قىلىپ بىر قېتىم سىلىغاندىن باشقا، هازىرغىچە هېچكىم لالەنىڭ چېچىنى تاراپ قويمىغان. سۇ ئانىسى نۇردەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چېچىنى قىرىق كوكۇلا قىلىپ تاراپ قويدى.

— سۇ ئانامغا ھەشقاللا، بۇ كۆلدىن قانداق ئۆتىمىز؟

— سۇغا دەسسەپ مېڭىۋېرىڭلار، ئاندىن كارامەتنى كۆرىسىلەر؟

— سىزنىڭ يۈزىڭىزگە دەسسىگەندەك بولۇپ قالارمىكىن؟

— مەن هازىرلا سۇ تېگىدىكى ئوردامغا چۆكىمەن، هېچنېمە بولمايدۇ، دەسسەۋېرىڭلار.

ئۇلار تارتىنىپ تۇرۇپ سۇغا دەسسىگىنىنى بىلدى. ھەيهات! ئۇلارنىڭ ئاياغلىرى سۇ يۈزىگە تەگكەن هامان كارامەت مۆجىزە يۈز بېرىپ قولۋاقتا ئايلاندى. ئۇلار ئۇچۇۋاتقاندەك، پۈتى سۇ يۈزىگە بىر تېگىپ بىر تەگمەيۋاتقاندەك، «پالاقسىز قولۋاق» غۇيۇلداپ كېتىۋاتماقتا.

ئۇلار ئاياغ قولۋاقتا ئۈزمەكتە، شامال لالەنىڭ چاچلىرىنى سۆگەت شاخلىرىدەك يەڭگىل يەلپۈمەكتە.

ئۇلار پالچى مومىنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدا نىمىشقا ئۆزلىرىنىڭ ئايغىغا بىر - بىرلەپ دەسسەپ چىققىنىنىڭ تېگىگە ئەمدى يېتىۋاتاتتى.

# قۇشلار ئارىلىدىكى گۈزەل قىز

لالە باشتا تەڭپۇڭلۇقنى ياخشى ساقلىيالماي قوللىرىنى هاۋادا پۇلاڭلىتىپ مەڭدەپ قالدى. ئىككى پۇتىدىكى قېيىق يوغىنىغانسېرى شىپپىدە جۇپلىشىپ قالدى ـ دە، تېخىمۇ تېز ئۇزۇشكە باشلىدى.

— ئوهوي! ـ دېدى پولات — بۇنداق كۆچمەي ئۈزىدىغان ئىش بولسا كۆلدە ئەمەس دېڭىزدا ئۈزسەك بوپتىكەن.

— بۇ كۆلمۇ دېڭىزدىن قېلىشمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى سۇبات لالەگە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ.

— شۇ تاپتا سۈرئىتىم نۇردەك تېز بولغان بولسا نېمىنى كۆرەتتىم — دېدى لالە قولىنى كانايچە قىلىپ.

— سۇمۇرغ تۇخۇمىنى كۆرەتتىڭىز — دېدى سۇبات، پولات تەڭلا.

— ياق، تاپالمىدىڭلار.

— ئەمىسە، نېمىنى كۆرگەن بولاتتىڭىز؟

— هېلىقى كۆيۈك تاغنى.

— شۇنداقمۇ؟

— هەئە. سىلەر بىلەن بىللە بولسا نېمىنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپلا قالماي، غەم ـ ئەندىشىلەرنىمۇ پاك ـ پاكىزە ئۇنتۇپ، پەيدەك يەڭگىللەپ قالىدىكەن.

— شۇنداق تۈيغۇدا بولغان بولسىڭىز ياخشىغۇ؟ بىز-
مۇ يەڭگىللەپ قالىدىكەنمىز.

قومۇشلۇقنى ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىپ ئېچىل-
غان سۇ يۈزىدە ئۈچ بالا ئەمەس، بەئەينى ئۈچ ئاق قۇ، ئۈچ
چايكا غۇيۇلداپ ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. بارا - بارا ئۇلارنىڭ
كۆزىگە قارشى قىرغاقتىكى توقايلىق، كۆل، بۈككىدە
ئورمان، تىك قىيا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن يېشىللىق
چېلىقتى. ئۇلار «مەنزىل شۇمىدۇ؟» دەپ ئويلاۋاتقاندا يې-
شىللىق ئاسمىنىدا بىر توپ قۇش خۇددى بۇلۇتتەك پەيدا
بولدى.

ئۇلار قىرغاقتا يېقىنلىشىپ يەرگە دەسسىمەكچى بو-
لۇپ پۇتىنى كۆتۈرىۋىدى، قولۋاقنىڭ بىردەمدە يەنە ئاياغقا
ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— ۋاھ، بۇ قۇشلار ئارىلىمۇ يا جەننەتمۇ — دەۋەتتى
سۇبات — ئادەم مۇشۇنداق گۈزەل جايدا ياشىسا - ھە!

— رەگەتكە، مىلتىقسىز كەلسەڭلار ھەر ۋاقىت قار-
شى ئالىمىز...

لالە بىلەن پولات سۇباتنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىپ
بولغىچە، شاخلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، يو-
پۇرماقلارنىڭ قويۇقلىقىدىن قاراڭغۇ كۆرۈنىدىغان قۇچاق
يەتكۈسىز دەرەخلەردىن چىۋ - چىۋ، چۇۋۇ - چۇۋلىغان
ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى.

— ئەنسىرىمەڭلار، بىز سىلەرگە ھەرگىز خەۋپ يەت-
كۈزمەيمىز — دېدى پولات قولىدا ھېچنىمە يوقلۇقىنى

بىلدۈرمەكچى بولغاندەك ئىگىزگە سوزۇپ.

ــ ئارال تاغقا، چىمەن باغقا مېھمان كەلدى.

قۇشلار بۇ گەپلەرنى كىمگە دېدى، باللار بىلمىدى. شۇ ئەسنادا ھەيۋەتلىك بىر تۈپ دەرەخ شەمشاتتەك شاخلىرىنى سۇرەپ سىيرىلغانچە ئۇچەيلەننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ــ خۇش كەپسىلەر باللىرىم.

ــ سىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز.

ــ نەچچە كۈن ئالدىدا بىر سېرىق قۇشقاچ كەپتىكەن، ئۇچ باللىنىڭ گېپىنى قىلغان، شۇ باللار سىلەر بولماڭلار يەنە؟

ــ بىز شۇ، ئۇ قۇشقاچ ھازىر مۇشۇ يەردە بارمۇ؟

ــ جەنۇبنىڭ ھاۋاسى ياخشى، شۇ يەردە ياشايمەنەي، دوختۇرخانىدا گاس ـ گاچا قۇشلار قالغان شۇ ياققا بارىمەنەي دەپ، ئۇزۇن تۇرماي ئۇچۇپ كەتتىغۇ.

ــ ئۇ بىزدىن رەنجىگەندەكمۇ؟ ــ ئالدىراپ سورىدى لالە.

ــ ياقەي، ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىدىغۇ. سىلەردىن نېمىشقا رەنجىيتتى؟

ــ ياق، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

ــ بۇ ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن زېمىن ئىدى، بۇگۈن سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار يېتىپتۇ. شۇ تاپتا بىز ئىنتايىن خۇشالمىز. خوش، خىزمىتىڭلاردا بولايلى باللىرىم.

ئۇچەيلەن «كېلىش ۋەجىنى بۇ قېرى دەرەخكە دەمدۇق



دېمەمدۇق» دەپ دېلىغۇل بولىۋاتقاندا سۇبات ئىككىيلەنگە بىر قۇر قارىۋېتىپ مۇشۇ يەردە ياشايدىغان ئالتۇن قانات سۇمۇرغنى ئىزدەپ كەلگىنىنى ئېيتتى.

— ئەنە ئاۋۇ تاغنىڭ كەينىدە ئالتۇن قانات، ئامۇت باش، چوكا تۇمشۇق بىر سۇمۇرغ بار. سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار ئاشۇ سۇمۇرغ بولمىسۇن يەنە؟

— كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭچە ئاشۇ شۇ، — دېدى سۇبات شۇنچە ئاسان سۇمۇرغ ئۇچۇرىغا ئېرىشكىنىدىن خۇش بولۇپ، — ئۇ بۇ يەرگە پات - پات كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— پات - پات كېلىدۇ. مەشرىقتىن كەلسىمۇ، مەغرىبتىن كەلسىمۇ شاخلىرىمغا قونۇپ جاھاندا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى دەپ بېرىپ، ئارامنى ئېلىپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا سىز ئۇ سۇمۇرغ بىلەن كونا قەدىناسلاردىنكەنسىز - دە.

— بۇ يىل مەن ئۈچ مىڭ ياشقا كىردىم. ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى مەنمۇ باش بارمىقىڭلاردەك نوتا ئىدىم. بوۋامنىڭ ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ماڭا دەپ بېرىشىچە سۇمۇرغ ئۇنىڭ قەدىناس دوستى ئىكەن. ئۇ يۇلتۇزلار ئارا قىلغان يۈز يىللىق سەپەردىن قايتقان چېغىدا بوۋامنىڭ شېخىغا قونۇپ ئارام ئالاتتىكەن. بەش مىڭ يىللىق بوۋامنىڭ تېنى، روھى مۇشۇ ئورماندىكى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرگە سىڭىپ كەتكەن ھەم ماڭىمۇ مىراس قالغان. سۇمۇرغلارنىڭ ئادىتىمۇ بىلمىدىم، ئۇ مىڭ يىلدا بىر دانە

قوغۇن چوڭلۇقىدا تۇخۇم تۇغىدۇ. چۈجىسى تۇخۇمدىن ۋىسىلداپ چىققاندا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئاسمان - پەلەككە يېتىدۇ.

— قانداق قىلساق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيمىز.

سۇمۇرغنىڭ گېپى بولۇنغانسېرى پولاتمۇ لالەنىڭ غېمىنى يەپ ئالدىراۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىردىنبىر ئامال مۇشۇ يەردە ساقلاش. تەلىيىڭلار بولسا بۈگۈن - ئەتە، بولمىسا نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىل كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاڭغىچە بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇ- زۇرلىنىپ قانغۇچە ئوينىۋالسىلەر. پەقەت قۇشلارنى ئۈركۈتمەي، گۈل - گىياھلارنى چەيلىمەي نېمە قىلساڭلار مەيلى.

— گۈزەل ماكاننى شۇنچە سېخىيلىق قىلىپ بىزگە تونۇشتۇرغىنىڭىزغا رەھمەت. بىز سۇمۇرغ بىلەن بالدۇرراق ئۇچرىشىشقا ئالدىراپتۇق، بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلىپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— بۇنچە مۇھىم زادى نېمە ئىش ئىدى؟ پۈتۈن جىس- مىنى كۆزگە ئايلاندۇرماقچى بولغان دەرەخنىڭ قاسراقلى- رى پاراس - پاراس سۆكۈلدى.

— كۆزگەنسىز، مۇنۇ سىڭلىم چۈمپەردىسىنى ئېلى- ۋېتىپ سىزگە تىك باقالمايۋاتىدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ ئۇ- نىڭ چىرايلىق يۈزىنى يۆگىمەچتەك تۈك بېسىپ كەتكەن. پالچى مومام پال سېلىۋىدى سۇمۇرغ تۇخۇمىنى ئىچسە

ساقىيىدىغىنى ئايان بولدى. شۇڭا، ئاشۇ سۇمۇرغدىن بىر تۇخۇم سوراپ كېلىشىمىز ئىدى.

— ھەئە؟ مۇنداق دەڭلار. بۇ باش قاتىدىغان چوڭ ئىشكەن. بۇ ياققا قارىسا گۈلچىراي قىز، ئۇياققا قارىسا مىڭ يىلدا ئاران تۇغۇلغان گۆھەر تۇخۇم. سىلەرچە ئۇ تۇخۇمنى شۇنچە ئاسان تۇتقۇزۇپ قويارمۇ؟ھەي، ناتايىن جۇمۇ...

قېرى دەرەخنىڭ گەپلىرى يۈرىكى خۇشاللىقتا دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان بالىلارنى لاسسىدە قىلىپ قويدى. لالە تەقدىرگە تەن بەرسۇنمۇ؟ ئۇلار بولدى قىلىپ كەينىگە يانسۇنمۇ؟

ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بېشى تاشتەك قېتىپ تۇرغاندا، ئاسماندا ئالتۇن رەڭلىك بىر چېكىت پەيدا بولدى ـ دە، بارا ـ بارا يوغىناپ بۈركۈت، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ قۇش سىياقىغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىر خۇش، بىر پەرىشان قىلغان قېرى دەرەخنى نىشانلاپ يېقىنلىدى.

— ئەنە سۇمۇرغ كېلىۋاتىدۇ، بوگۇن تەلىيىڭلار كەپتۇ باللىرىم، — دېدى قېرى دەرەخ بالىلارغا بەلگە بەرگەندەك شاخلىرىنى شىلدىرلىتىپ.

«قۇش كەلسە گېپىمىزنى دەمدۇق، دېمەمدۇق» دېگەن مەنىدە سۇباتقا قارىدى پولات. كۈچلۈك شامالدىن ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچالماي چىمچىقلىتىپ تۇرغاندا، قېرى دەرەخنىڭ پىل پۇتىدەك توم شاخلىرى غىرىسلاپ كەتتى.

— ۋايجان، مېنى يېقىتىپ توختايدىغان ئۇخشىمامسەن؟ ئاستاراق قون، ئاستاراق.

— ئىچمەك پورمۇ نېمە؟ كەلمىسەم رەنجىيسەن، كەلسەم شۇنچىكى ئېغىر مىنىمۇ كۆتۈرەلمەي ئىنجىقلايسەن.

— مەن بىلەنلا قالماي مۇنۇ مېھمانلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قوي.

— بېشىم بىلەن. خۇش كەپسىلەر ئادەمزات بالىلىرى.

— سىزمۇ خۇش تۇرۇۋېسىز.

— «مىجەزى بىر ئوبدان خۇشچاقچاق سۇمۇرغكەن، چىقىشىپ قالغۇدەكمىز» دېيىشتى ئۈچەيلەن ئاز - تولا يەڭگىللەپ قالغاندەك.

— بۇ بالىلارنى يىغىۋېلىپ «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمۇ سەن...؟

— ئۆزەمنىڭ مۇشۇ زېمىنغا يېلتىز تارتىپ كۆكلىگىنىمنى سۆزلەپ بەرمەكچى.

— بالىلارغا ئويۇن، ھەررەڭ- سەررەڭ كىتاب بولسىلا بولدى، باشقا ئىشلار بىلەن كارى يوق. دېگەنلىرىڭنى بۇ بالىلار چۈشەنمەيدۇ. دەردمەن بولساڭ، ئىچمەك ئېچىسا ئاسمانغا، تاغلارغا، زېمىنغا سۆزلە...

دەرەخ بىلەن سۇمۇرغنىڭ پاراڭلىرى قىزىپ كېتىپ باراتتى. بىر چاغدا قېرى دەرەخ سۆز قاتتى:

— ئەقىللىق سۇمۇرغىم، ئاي يۈزىگە داغ چۈشسە قانداق قىلغۇلۇق؟



— ياش بىلەن يۇيۇپ بولسىمۇ داغنى چىقىرىۋەت-

كۆلۈك.

— ئاينىڭ زېمىنغا نۇرىنى چېچىشىغا داغىنىڭ ئۇنچە چوڭ تەسىرى بولماس؟

— تەسىرى بولىدۇ، چوڭ تەسىرى بولىدۇ. ئاي چوقۇم ئۆزىنىڭ پاكىزە، نۇرانە چېھرىنى زېمىنغا سۇزۇك كۆرسىتىشى كېرەك.

— بۇ ئۇچ بالا سەندىن دەل مۇشۇ ھەقتە ياردەم سوراپ كەپتۇ.

— باللارغا قولۇم كۆكسۈمدە، قېنى ئېيتسۇن.

تالاي بوران ـ چاپقۇن، قار ـ شىۋىرغاننى بېشىدىن كەچۈرگەن قېرى دەرەخ گەپنىڭ پۈتىنى سىلىق تارتىپ ئەكىلىپ لالەگە باغلىدى. قېرى دەرەخنى چاقچاقتا كەلتۈرۈپ «ۋەيت ـ ۋەيت» لەپ يۈرگەن شوخ سۇمۇرغ تۇخۇمنىڭ گېپى چىققاندا سۇغا چىلىغان كۆندەك بوشاپ كەتتى. باللارنىڭ ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، تەشۋىشلىق، ئېسەنكىرەش ئارىلىشىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۈچۈرۈشۈپ تىدىغان ئەلپازدا پىل خارتۇمىدەك ئۇزۇن بويىنى يەنىمۇ سوزۇپ كۈچەپ تىندى. لالەنىڭ چۈمپەردىسىنى ئالدۇرۇپ تۇكلۇك چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقىنىدىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بېشىنى شۇنداق چايقىدىكى ئەيىۋھەنناس، تاغمۇتاغلار ئۇرۇلۇپ چاقماق چېقىلدى، كۆلمۇكۆللەر سوقۇلۇپ كەلكۈن يامرىدى.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېنىڭ ھېچنېمە دېگۈم يوق.





تېگىدىن ئاي پارلاپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز، ئىگىسى ياراتقاندىكىدەك گۈزەل تۇرسۇن. تۇخۇمىمنى سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز ئۈچۈن تەقدىم قىلاي. ئۈستۈمگە مىنىڭ. سۇمۇرغ شۇنداق دەپلا شاختىن يەرگە قوندى.

— نەگە بارىمىز؟ لالەنىڭ قەلبىدە دېڭىزدەك ھاياجان مەۋج ئۇرماقتا ئىدى.

— تاغنىڭ كەينىدىكى ئۇۋامغا. بۇ ئىككىيلەن مۇڭچى دەرىخىم بىلەن مۇڭداشقاچ تۇرسۇن. بىزمۇ ھايال بولمايلا كېلىمىز.

لالە «قانداق قىلىمەن» دېگەن مەنىدە سۇباتقا قارىۋىدى، سۇبات بېشىنى لىڭشىتتى.



لالە ئېگىلىپ تۇرغان بەستى تۆگەقۇشتىن چوڭ بول-
غان سۇمۇرغقا مىندى. مامۇقتەك يۇمشاق ئىسسىق قوڭۇر
رەڭلىك تۈكلىرى ئارىسىغا چۆكتى.

— مەھكەم ئولتۇرۇڭ، ئەمىسە ئۇچتۇق - ھە.

سۇمۇرغ ئورنىدىن تۇرۇپ تۆگەقۇشتەك تېز قەدەم
بىلەن يۈگۈرۈپ، ئەدىيالدەك كەڭ قاناتلىرىنى يايغانچە
ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. سۇمۇرغنىڭ ئىككى قانىتى ئارىسىغا
ئەپلىك چۆكۈۋالغان لالە ئەمدىلەتىن ئۆزىنى ئەركىن-
ئازادە سېزىۋاتاتتى.

— سالام ئاپئاق بۇلۇتلار؟

— سىلەرگىمۇ سالام.

— سالام غۇر - غۇر شامالللار.

— سالام ئاسمان ئەركىسى.

— ...

پالچى موماي راست دەپتىكەن. ئۇنىڭ ئىككى بېشى
باركەن. ئۇ ئىگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلغاچ قۇش بېشى بە-
لەن بۇلۇت، شامال، ئاسمان، قۇياشقا سالام بېرىشنى
ئەسلا ئۇنتۇمىدى.

بايا سۇمۇرغ چېكىتتەك كۆرۈنگەن بولسا، ئەمدى
لالەگە دالا، ئورمان، ئاكىسى، پولات چۇمۇلە كۆزىچىلىك
بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى. نەچچە كۈن ئالدىدا ئۇچۇپ
چۇش كۆرۈۋېدىم، توۋا ئۇ بۇگۈننىڭ بېشارىتى بولغىنى-
مىدى...

— قورقتىڭىزمۇ؟



— ياقەي.

كۆككۆزنى تولا مىنىپ تاغمۇ تاغ، باغمۇ باغ ئوينـاپ يۈرگەن لالەنىڭ يۈرىكىمۇ خېلى پىشقان ئىدى.

— ئەنە كەپ قالدۇق.

— بولدى، ئارقىمىزغا يانايلى.

— نېمىدەپ؟ تېخى ئۇۋامغا بارمىدۇق، تۇخۇمنىمۇ ئىچمىدىڭىز.

— تۇخۇمىڭىزنى ئىچمەيمەن، قارارىمنى ئۆزگەرتتىم.

— لالە قىز، نېمە بولدى؟ مەن سىز رەنجىگۇدەك بىر ـ رەر ئىشنى خاتا قىلمىغاندىمەن؟

— ياق، سىزدىن قىلچە رەنجىگىنىم يوق. كىچىكىمـ ـدە بۆرە دالاسىدا بۆدۈنە ـ كەكلىك، قىرغاۋۇل تۇخۇملىرىـ ـنىمۇ كۆپ ئىچكەنمەن. مىڭ يىلدا ئاران تۇغقان تۇخۇمىـ ـڭىزنى مەن ئىچىۋالسام تازا ئادالەتسىزلىك بولغۇدەك. شۇڭا...

— بۇنداق دېسىڭىز مېنى خىجالەتچىلىكتە قويىسىز. يېنىپ بارغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ بولدى تارتىنماڭ.

— سۇمۇرغ پەسلەپ ئەتراپى قىلىچ بىسىدەك تىك قىيالىق ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدىكى لىگەندەك ئويمانغا قوندى.

سىزنى چۆچۈتۈپ قويمىغاندىمەن ـ ھە؟

— ياق.

— سىز بۇ يەردە تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ



تۇرۇڭ، مەن ھايالشمايلا كېلىمەن.

لالە چۈمبىلىنى قايرىپ تاغلارنىڭ بۇلۇت قوينىغا چۆككەن چوققىلىرىغا نەزەر سېلىپ تۇرغاندا سۇمۇرغ قاشتېشىدەك سۇزۇك، قوينىڭ دۇمبىسىدەك ئاق يوغان تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

ــ سىزنىڭ گۈزەل ھۆسنىڭىزنى بۇرۇنراق كۆرگۈم بار، قېنى ئىچىۋېلىڭ.

لالە بىردەم جىممىدە تۇرىۋالغاندىن كېيىن تۇخۇمنى ئىچىۋەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈزى چىممىدە ئېچىشقاندەك بولدى.

ــ پاھ ـ پاھ، يۈزىڭىز مانا ئالمىدەك پارقىراپ كەتتى.

ــ راستىما؟

ــ ئىشەنمىسىڭىز يۈزىڭىزنى سىلاپ بېقىڭ.

لالە يۈزىنى سىلىۋىدى ئۇنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىيناپ كەلگەن يۆگىمەچتەك تۇك يوق، ئەينەكتەك سىلىق يۈزىدىن قولى سىيرىلىپ كەتتى.

ــ سىزگە كۆپ رەھمەت.

ــ چۈمپەردىڭىز ئەمدى بۇ تاغقا لەۋھە بولۇپ قالسۇن. قاچان سىزنى كۆرگۈم كەلسە ئۇنىڭغا قاراپ «بىر چاغلاردا بۇ تاغ چوققىسىغا چىرايلىق بىر قىز كېلىپ كەتكەن» دەپ سېغىنىشىمنى باسارمەن. ئۇلار يولىمىزغا بېقىپ كۆزى تېشىلەي دېگەندۇ. يانمىزمۇ؟

ــ ماقۇل.

لالە سۇمۇرغقا مىنىپ ئاسماندىكى كۆڭۈللۈك سايا ـ

ھىتىنى تۇگىتىپ قېرى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە سۇ-
بات بىلەن پولات كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. لالەنىڭ
يۈزى قىزىل ئالمىدەك پارقىراپلا قالماي زىنىقى «قۇياش-
نىڭ ئۇۋىسى مانا بۇ يەردە» دېگەندەك ۋال - ۋال نۇر چا-
چاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاي دېسە ئاي خىجىل، كۈن دې-
سە كۈن خىجىل ئوماق، گۈزەل بىر قىز كۈلۈمسىرەپ
تۇراتتى.

— لالە ئەسلىدە مۇنداق چىرايلىق قىز ئىكەن-دە،
دەۋەتتى پولات ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي.

— ئەمدى كۆرۈۋاتامسەن، سىڭلىم بۇلۇت توسقان ئاي
ئىدى، شامال ئاينى توسقان بۇلۇتنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

— بۇ بۇلۇتنى شامال ئەمەس سۇمۇرغ سۈپۈرۈپ تاش-
لىدى، ئاداش.

— ئالتۇن قانات سۇمۇرغقا كۆپ رەھمەت.

— بۇ جايدا قېلىڭلار بىللە ياشايلى، — دېدى سۇ-
مۇرغ بالىلارغا بېرىدىغان جاۋاب ئورنىغا.

— بولىدى، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. بىز يەنە
داۋان ئېشىشىمىز كېرەك. خوش، دەرەخ بوۋا.

## توققۇزىنچى باب



# مۇزىكىلىق دوختۇرخانىدا

## يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئەسلىمىلەر

لالەنىڭ ئايدەك چىرايىغا شامال دولقۇنلاتقان قوڭۇر چاچلىرى قوشۇلۇپ ئۇنى باشقىچە گۈزەل كۆرسەتمەكتە ئىدى. سۇبات، پولات تەبىئەتنىڭ بۇ سېھىر - كارامەتلىرىدىن، لالەنىڭ ئەركىن تاقلاشلىرىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى.

— ئەمدى نېمە قىلىمىز، باش قوشۇۋالايلى باللار — دېدى پولات ئۈچەيلەن بىر ئورماندىن ئۆتكەندە، — مېڭۋەرمەي يولنىڭ چېكىنى بىر يەردە توختاتساق بولارمىكىن...



— پالچى موماينىڭ دېگەنلىرى توغرا چىقىۋاتىدۇ. لالە مۇزىكىلىق دوختۇرخانىدا ئازراقلا داۋالىنىۋالسا، بۆ-

رىدەك ھۇۋلىشىدىن قالسا ئاندىن بىجىرىم سىڭلىمىزنى ئېلىپ مەھەللىگە يانمايمىزمۇ؟ يولنىڭ جىقى توگەپ ئېزى قالغاندا چىدىماسلىق قىلمىغىنە بولدى.

ــ مېنى خاتا چۈشىنىۋالدىڭ، چىدىماسلىق قىلغىنىم ئەمەس، ئىشلىرىمىزنىڭ بىر پىلانى بولسۇن دەيمەنغۇ.

ئىككىيلەننىڭ گېپى توگىمىگەن شۇ ئەسنادا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر قۇشقاچ پەيدا بولدى.

ــ سىلەرمۇ قىزىقكەنسىلەر، يېنىمىزدىكى ھەمراھىمىز نەدە قالدىكىن، دەپ ئەنسىرەپمۇ قويماي پال قاپقىنى ئېلىپلا يۈگرەپ كېتىپسىلەر؟

ــ ۋۇي، بۇ سېرىق قۇشقاچقۇ؟

ــ چىرايى ئالمىدەك پارقىراپ تۇرغان مۇنۇ قىزلالەمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ــ كۆزىڭىزگە ئەمەستەك كۆرۈنۈۋاتامدىم سېرىق قۇشقىچىم؟

ــ ئۇنداق ئەمەس. مەن يېقىندىن بېرى ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى چېتىلغان ئاشۇ كۆيۈك تاغنى بەكرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئويلىسامىلا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. شۇ كۈندىكى يانار تاغنىڭ پارتلىشى ۋە يەرنىڭ تەۋرىنىشى بەكمۇ ئۇشتۇمتۇت بولدى، ــ دەپ بوغۇق ئۇندە گېپىنى باشلىدى سېرىق قۇشقاچ ــ بىزمۇ ئاسمان دۇم چۈشكەندەك مەڭدەپ قالدۇق. ئوت يالقۇنى دەريا سۈيىدەك پەسكە دومىلاپ ئالدىغا ئۇچرىغاننى يالماپ ماڭدى. ئات ـ كالىلار نالىلىك كىشنەپ، تىيىن ـ توشقانلار ئېچىنىشلىق چىر ـ

قىرىدى، جەرەن ـ كىيىكلەر ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەت ـ مەكچى بولغاندەك تاقلىدى. شامال تاغ يالقۇنىغا ياردەم قىلماقچى بولغاندەك ئوتلارنى دەرەخلەرگە پۈركەيتتى، پاراسلاپ كۆيگەن شاخلار ئارىسىدىن قۇش بالىلىرىنىڭ قانىتى پەرلەنگەنلىرى ئۆزىنى قويۇق ئىس ـ تۈتەكتىن قاچۇرۇپ پالاقشىپ ئۇچاتتى. قانىتى قاتمىغانلىرى جىنىد ـ نى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنسىمۇ يىلاندەك تولغىنىپ پىرقىراپ كۆتۈرۈلگەن يالقۇنغا مەھكۇم بولىدى.

— ھى ـ ھى ـ ھى، چۇۋۋ ـ چۇۋۋ...

سىرىق قۇشقاچىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان ئىدى. بىر دەم ھەسرەتلىك يىغلاپ، نالىلىك سايرىغاندىن كىيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئاشۇ كۈندىكى تاغ يالقۇنى كالىنى موزايدىن، ئات ـ نى قۇلۇندىن، توشقاننى بۆجەندىن، بىزنى باللىرىمىزدىن ئايرىپ قەلبىمىزدە مەڭگۈلۈك جاراھەت قالدۇردى. يەنە تېخى، يەنە تېخى... ئۇ دەۋەتسە لالە رەنجىيدىغاندەك گې ـ پىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى.

— يەنە تېخى نېمە بولدى؟ — تىت ـ تىت بولۇپ سورىدى لالە.

— يەنە تېخى سىزنى ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ئايرىدى. ئۇلار سىزگە بەك مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىدى. ئانىڭىز سىزنى ھويلىدا ئەركىلەتسە بىز شاختا ئولتۇرۇپ سىلەر ـ گە ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتەتتۇق. ئىسىت! تەقدىرنىڭ قارا بالاسى دېگەن شۇنداق بولىدىكەن. قارىغايدەك قامەت ـ

لىك دادىڭىزمۇ باغرى يۇمشاق ئادەم ئىدى. يېڭى چاڭگا
تىزىپ ئۇۋا سالاي دېگەن چاغلىرىم ئىدى. نېمىگە لازىم
بولدىكىن، دادىڭىز دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئىككى پالتا ئۇرغان-
دىن كېيىن نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ
شاختىكى مېنى ۋە ئۇۋامنى كۆرۈپ خىجىل بولغاندەك
كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، پالتىنى مۈرىسىگە قويغىنىچە يېنىپ
كەتتى. شۇ كۈنى قانچىلىك خۇش بولغىنىم، ھاياجانلانغى-
نىمنى بىلمەيمەن. كېچىچە دادىڭىزنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ
سايراپ چۈش كۆرۈپ چىقتىم. بۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ
كۆپىنچىسى ئاشۇ تاغدىن كۆچۈپ كەلگەن.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى سىز مېۋىدەك
قېقىلىپ، تاشتەك سوقۇلۇپ يېتىمچىلىكتە نەچچە يىلنى
ئۆتكۈزگەن لالەنىڭ باغرى بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ باھار
كۆرگەن قار سۈيىدەك شۇررىدە ئېرىدى. ئاھ ئانا، ئاھ
دادا، مەن بۇ دۇنيادىن سىلەرنىڭ مېھرىڭلارغا قانالماي
ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟ لالە كۆزىدىن سىرغىغان ياشلىرىنى
سۈبات بىلەن پولاتنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بول-
غاندەك يەرگە قارىۋالدى.

— بۇ پاراڭلىرىڭىزنى ئەجەب تېرەك تۈۋىدە ئۇچراش-
قاندا دېمىگەنتىڭىز؟

— كۆڭلىڭىز بۇزۇلمىسۇن دەپ. مانا، ھازىرمۇ گې-
پىمنى باشلا ـ باشلىماي مىشىلداۋاتىسىز. بالىلىرىمنىڭ
قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلىپ ئارام بولغاندىن بېرى كۆيۈك
تاغقا پات ـ پات باردىم. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىن-



نىڭ مېھرى باشقىچە ئىسسىق بولىدىكەن. ھەرقېتىم بارسام قەلبىم ئالەمچە شادلىققا تولۇپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ يېنىپ كېلىمەن. نېمىشقا دەمسىز؟ ھەر بارغىنىمدا تۈگمەنچى بوۋاينى تاغ قاپتىلى، جىلغا، كۆزلەكتە كۆچەت تىكىۋاتقان، ئوت - چۆپ كۆچۈرىۋاتقان، ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاغ يولىنى تۈزلەۋاتقان ھالەتتە كۆردۈم. تاغنىڭ يېرشىللىقى ئەسلىگە كېلىۋېتىپتۇ. كۆزلەكلەرگە ماراللار تولىۋېتىپتۇ. مەن باشقا قۇشلارغىمۇ دېدىم، پات ئارىدا ئاشۇ ئۆزىمىز ياشاپ كۆنگەن تاغقا كۆچىدىغان بولدۇق.

— بەك ياخشى بوپتۇ. بۇ جايدا سىز نېمىلەرنى قىلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى لالە سېرىق قۇشقاچتىن.

— قۇش بالىلىرى ئارىسىدىمۇ گاس، ئەما، پالەچ، ئاقساق - چولاق تۇغۇلۇپ قالىدىغانلىرى بولىدۇ. ئاشۇلارنى ئۆزىمىز قۇرغان مۇزىكىلىق دوختۇرخانىدا داۋالىدۇق؟

— قانداق داۋالايسىلەر؟

— مۇزىكىنىڭ سېھىر كۈچى بىلەن.

— مەنمۇ سىز دەۋاتقان ئاشۇ دوختۇرخانىدا داۋالانغىلى ماڭدىم.

— شۇنداقمۇ؟ بەك ياخشى بوپتۇ.

— ھېچ بىلمىدىم، مەن ساپساق تۇرسام يەنە نېمىشقا داۋالىنىمەن؟

— ئانىڭىزنىڭ سىزنى ئىسسىق باغرىغا تاڭغىنى، ئەللەي ناخشىلىرى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— يوق.

— دادىڭىزنىڭ پېشانىڭىزگە چوكۇلدىتىپ سۆيگىنى-نى ئەسلىيەلەمسىز؟

— ياق، ئەسلىيەلمەيمەن.

— ئاشۇ مېھىر - مۇھەببەت بۇلىقى سىزگە كېرەك-مۇ - يوق؟

— كېرەك، ئەلۋەتتە كېرەك. قېنى ماڭا ھازىرلا كۆرسىتىڭا؟

— سىز دوختۇرخانىمىزدا قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئىلكىدىكى داۋالىنىشنى قوبۇل قىلسىڭىز ئاشۇ مەقسەتكە يېتەلەيسىز؟ يەنە تېخى...

— يەنە تېخى نېمە؟

— بولدى، ئۇنى كېيىن دەي.

— سىز ئاشۇ دوختۇرخانىدا دوختۇر ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە.

— دوختۇرخانىغا يۈرۈڭ ئەمىسە...

خېلىدىن بېرى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك پارىڭىغا قوشۇق سالماي ئاڭلاپ ئولتۇرغان سۇبات، پولات لالەنىڭ كەيپىياتىدىكى جانلىنىشتىن خۇشال بولۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈن - تىنسىز ئەگەشتى.

## لالە، تۆتقۇلاق تېپىۋالدىم



— مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭساڭلار ئالدىڭلارغا چوڭ بىر گۈللۈك قورۇ ئۇچرايدۇ. مەن سىلەرنى شۇ يەردە

ساقلاي،ــ دېدى سېرىق قۇشچاق.

ــ بىزنىڭمۇ قانىتىمىز بولغان بولسا سىز بىلەن تەڭ ئۇچۇپ باراتتۇقكەن.

ــ قولىڭىز قاناتقا ئايلىنىدىغان كۈنلەرگىمۇ ئۇزاق قالمىدى.

گېپىنىڭ ئاخىرىنى سوزۇپ چۈشۈرگەن سېرىق قۇشقاچ لالەگە مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇلار بىر دەم مېڭىپ چاتقاللىق، قىياقلىقلار بىلەن قاپلانغان يولغا چىقىپ قالدى. ئەگەر ئادەملەرنىڭ قولى تەگكەن بولسا بۇ جايمۇ گۈزەل بىر ماكانغا ئايلانغان بولار ئىدى، ــ دېدى سۇبات بىپايان دالادىن كۆزىنى ئۈزمەي.

ــ كەلگۈسىدە ئۆزىمىزلا گۈللەندۈرىۋېتەرمىز بولسا، ــ دېدى پولات بېلىكىنى كۆپتۈرۈپ تۇرۇپ.

بىردەمدىن كېيىن چاتقاللىق، سۇلىرى شىلدىر ـ شىلدىر ئېقىپ تۇرغان ياپيېشىل چىمەنلىككە ئورۇن بوشاتتى.

ــ كېلىڭلار سۇ ئىچىۋالايلى.

پولات، سۇبات كەينىدىن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان لالەنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئىككىسى شىپپىدە توختاپ ئېرىق بويىدا ئولتۇردى.

ــ ئۇھ، مۇشۇ مېڭىشىمىزدا يەرشارىنى ئون ئايلانغاندىمىزمۇ؟ ــ دېدى سۇبات.

ــ شۇنچىلىك يوللارغىمۇ چىدىمايۋاتامسەن، بېلى بوش.



ــ سېنىڭ بېلىڭ چىڭمۇ؟ كېلە، چېلىشىمىز. كىم-



نىڭ بىلى بوشلىقىنى لالە ئايرىسۇن.

سۇبات ئورنىدىن تۇرۇپلا پولاتنىڭ بىلىنى تۇتۇپ سامداۋاتقان چاغدا پولات تۇيۇقسىز ئىچ چىرماق ئىلىپ ئۇنى تىك موللاق ئەتتۈرىۋەتتى.

ــ هوي، هوي ما كاساپەتنى، ــ دەۋەتتى سۇبات، ــ مۇنداقلا ئوينىشىپ قويسام ئۆڭەۋاتامسەن ـ نىمە؟ كىلە ئەمدى.

ــ بولدى، بولدى مەن چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ــ دىدى پولات سۇباتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

ــ ياق، كىلە. يەنە سالالىساڭ ئاندىن سىنى نوچى دەيمەن.



لالەنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىۋاتقىنىنى سەزگەن پولات ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشۇپ ئۇنچە كۆچىمەيلا يىقىلىپ بەردى.

— قانداق، مېنىمۇ دادام پاقلان گۆشىدە باققان جو-مۇ. ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك ئاق خەسە كۆڭلىكىنى ئۆرىدەپ قويدى سۇبات.

— بولدى، بولدى، ئىككىڭلار تەڭلەشتىڭلار. كې-لىڭلار، ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭلار.

پولات بەدىنىنى سەگىتمەكچى بولۇپ بىردەم ئۇياققا بىردەم بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە چىم-قىياقلار ئارىسىدا مەغرۇر ئىرغاڭلاپ ئۆزىنىڭ گۈ-زەل جامالىنى نامايان قىلىپ تۇرغان تۆتقۇلاق چېلىقتى. ئۇ تۆتقۇلاقنى تۇۋىدىن ئاۋايلاپ ئۈزۈپ قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە لالەنىڭ ئالدىغا كەلدى.

بىز ماڭغان يول بەك يىراق،
قۇم چاتقاللىق تولىراق.
بۇگۈن مانا سەپەردە،
ئۇچراپ قالدى چىمبۇلاق.

چىمبۇلاقنىڭ يېنىدا،
ئۆسكەن ئىكەن تۆتقۇلاق،
سوۋغا قىلاي بۆرە قىز،
كۆرۈپ بېقىڭ چاپسانراق...



— بۇ نېمە،— مەڭدەپ قالدى لالە سۇباتقا قاراپ.
— بۇ تۆتقۇلاقنى قولىقىڭىزغا قىسىۋالسىڭىز ئىش-
لىرىڭىز راۋان، بەختلىك بولىسىز.
— سىڭلىمغا تۇتار بولساڭ چۆپ تەڭلىمەي گۈل تۇت-
مامسەن؟
— لالەنىڭ ئۆزى بىر گۈل تۇرسا، گۈل لالەنىڭ ئال-
دىدا خىجالەت بولۇپ قالار؟
— ئەمىسە، گۈلگە چۆپ تەڭلىمەي جىمىۋال.
— خوپ،— دېدى پولات ئەسكەردەك چاس بېرىپ —
چىرايلىق گۈلگە يوپۇرماقمۇ لازىمغۇ؟
لالە پولاتنىڭ تۆتقۇلاقنى تەڭلىگەندە نامىسىز بارماق
ئورنىنىڭ قارىداپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئەنسىر-
دى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە پولاتنىڭ چىرايى تاتىرىپ
ئورۇقلىقىدىن پۇت - قوللىرى ھېلىلا ئاجراپ كېتىدى-
غاندەك كۆرۈنەتتى.
ئۇلار شۇنداق چاقچاقلىشىۋاتقاندا، كۈن ئاستا - ئاس-
تا تاغ كەينىگە قىيسايماقتا ئىدى.
— بولۇڭلار، گۈگۈم چۈشكىچە يولنى ئاۋۇتىۋالايلى،—
دېدى لالە تۇگۇنچىكىنى كۆتۈرگىنىچە، — پەمىمچە كې-
لىپ قالدۇقمىكىن.
ئۇلار بىردەم مېڭىپ ئېرىق سۈيىنىڭ بۇك - باراقسان
گۈللۈك باغقا ئېقىپ كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ « ئۇھ، كەپ-
تىمىز» دېدى.



— كىمكىن دېسەم مېنىڭ ئەزىز مېھمىنىم بۆرە قىزكەنغۇ؟ پاھ ـ پاھ، بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش بولدى جۇمۇ؟

— ئۆزىڭىز...؟

— مېۋەمنى تونۇيسىز، مېنى تونۇمايسىز؟ قانداق گەپ بۇ؟

— ۋاي ـ ۋۇي، سىز ئاشۇ كۆلگۈنچەك دەرەخما؟ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن.

— تېخى نەچچە كۈن ئالدىدا چۈشىمىزدە كۆرۈشكەندىكىنما؟

— ۋاي خۇدايىم، مەن كۆرگەن چۈشنى شۇ چاغدا سىزمۇ كۆرگەنما؟

— مېنىڭ سېھىر ـ كارامەتلىرىم ئايانغۇ سىزگە. بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟

— بۆرىدەك ھۇۋلاشتىن قالاي دەپ. ئۆزىڭىزچۇ؟

— جاھاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى يېقىپ قالدى. قۇشلار شاخلىرىمدا ئۇۋا سېلىپ، مەن ئۇلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ياشاۋاتىمىزغۇ.

— ئەمدى بىزمۇ بىللە ياشايمىز.

— شۇنداقمۇ؟ بەك ياخشى بولدى.

— مەن تېخى سىزنى ئارال تاغ چىمەن باغدا ئۇچرىتارمەنمىكىن دەپ ئويلىغان.

— ئۇ يەردە ئۇلۇغ بوۋاملار بىلەن كۆرۈشۈپ ئاز-تولا ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلايلى دەپ سېرىق قۇشقاچ بى-



لەن يېنىپ كېلىشىم.

— ئاشۇ ئۈچ مىڭ يىللىق دەرەخ...

— مېنىڭ بوۋام بولىدۇ.

— ئۇ بىزگە نۇرغۇن ياخشىلىق قىلدى. ئەسلىدە ئۇچرىغانلارغا ياخشىلىق قىلىش جەمەتىڭلارنىڭ ئەنئەنىسى ئىكەن ـ دە؟!

— ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولماس. دۇنيا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن گۈزەل ئەمەسمۇ...

## مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسى

ئۇلار باغقا كىرگەندە سېرىق قۇشقاچ نۇرغۇن قۇشلار بىلەن ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئىدى.

— ۋىچىر ـ ۋىچىر

— چۇۋ ـ چۇۋ

— چىۋ ـ چىۋ...

— چىرت ـ چىرت

قۇشلار ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ كۈتۈۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ «مۇزىكىلىق دوختۇر ـ خانا» دېگىنى ئەمەلىيەتتە باغ ئوتتۇرىسىغا كۆركەم قىلىپ سېلىنغان ئازادە پېشايۋانلىق قورۇ بولۇپ چىقتى.



— ھەيران قېلىۋاتىسىز ـ ھە؟ ـ دېدى سېرىق قۇش ـ قاچ تاملارغا چىرايلىق ئويۇق ياسالغان، تورۇسلىرى نە ـ

قىشلىك دالانغا لالەنىڭ تويىماي قاراۋاتقىنىغا ئىزاھات بەرمەكچى بولۇپ، ــ بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ياكى باشقا ياققا كۆچۈپ كەتكەنمۇ، بىلمىدۇق. دالىلارنى ئايلانغاندا تىمتاسلىق ئىلكىدىكى بۇ قورۇغا كۆزىمىز چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ باغلىق قورۇنى دوختۇرخانا قىلىۋالدۇق. بۇگۈن ياخشى ئارام ئېلىڭ، ئەتىدىن باشلاپ داۋالاش ئېلىپ بارىمىز.

ــ نەچچە ياشقا كىرگەنسىز؟ ــ دېدى سېرىق قۇشقاچ لالەدىن.

ــ بىلمەيمەن. بۆرە ئاچام سىز بۆرە ئانا ئۆڭكۈرىگە كېلىپ ئالتە قېتىم قار باستىڭىز دەۋاتقاندەك قىلغان. شۇنى ھېسابلىغاندا سەككىز ياشقا كىردىمىكىن...

ــ ئەمىسە، سەككىز كۈن ئورنىڭىزدىن قوزغالماي يېتىپ داۋالىنىسىز.

ــ ھەئە، شۇنچە ئۇزاقما؟ ــ لالەنىڭ ھەيرانلىقىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ــ بۇ سىزگە ئۇزاق بىلىنگەن بىلەن بىز ئۇچۇن كىرپىك قاققاندەكلا قىسقا ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. بىز بىر كۈندە سىزنىڭ بىر يىللىق خاتىرىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىمىز. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، خەيرلىك كەچ قىزچاق! سىلەرگىمۇ خەيرلىك كەچ باللار.

شۇ كېچە ئۇلار لايدەك ئېزىلىپ ئەڭ غەمسىز، ئەڭ شېرىن ئۇخلىدى.

ئەتىگەندە لالە دالاندا ياتقۇزۇلدى. بۇنداق بولغاندا ئۇ



ئاپتاپتىن، تەبىئەتنىڭ گۈزەل جامالىدىن زوق ئالالايتتى. كۆز پەسلى بولغاچقا كۆز شامىلىنىڭ تەننى سەگىتكۈچى ھىدىنى قانغۇچە ھىدلىيالايتتى. دېمىگەن بىلەن لالەنىڭ مەڭز زاڭىقى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئېگىز قاڭشىرى ۋە يوغان كۆزلىرىدىن بىر خىل غەمكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— بۆگۈنكى مەسئۇل دوختۇر كاككۇك، داۋالاشنى قوبۇل قىلغايسىز، — دېدى سېرىق قۇشقاچ دالانغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان قاپاق تېرەك شېخىدىكى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كاككۇكنى كۆرسىتىپ. لالە كاككۇكقا قاراپ كۆ-لۈمسىرىگىنىچە بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتتى.

سىز تۇغۇلغان يېشىل تاغ، ئەللەي بالام،
كۆل- دەريالار ئارىسى، ئەللەي بالام.
يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ، ئەللەي بالام،
ئاقتى كۆزنىڭ قارىسى، ئەللەي بالام.

ئۇزۇن قارا تۈنلەردە، ئەللەي بالام،
يۇلتۇزلارغا باقتىڭىز، ئەللەي بالام.
كۈندە سۈتتە يۇيغاچقا، ئەللەي بالام،
تولۇنئايدەك ئاقتىڭىز، ئەللەي بالام.

مەختۇمسۇلا، نۇزۇگۇم، ئەللەي بالام،
چۈشىڭىزگە كىرەتتى، ئەللەي بالام.



تارغاق بىلەن ئاق ئالما، ئەللەي بالام،
قولىڭىزغا بېرەتتى، ئەللەي بالام.

تاغ سۆپەتلىك دادىڭىز، ئەللەي بالام،
دەيتتى سىزنى يالقۇنۇم، ئەللەي بالام.
ئاي سۆرەتلىك ئانىڭىز، ئەللەي بالام،
دەيتتى گۆھەر، ئالتۇنۇم، ئەللەي بالام.

تۆشۈك تۇلكە تېرىسى، ئەللەي بالام،
بازارلاردا پۇل بولماس، ئەللەي بالام.
كىم قەلبىگە چوغ كۆمسە، ئەللەي بالام،
خار بولسىمۇ قۇل بولماس، ئەللەي بالام.

تاغدا جەرەن بالىسى، ئەللەي بالام
تاقلاپ ـ تاقلاپ ئوينىدى، ئەللەي بالام؛
ياش تۆكمەي دەپ تۇرسامۇ، ئەللەي بالام،
زېدە يۈرەك قويمىدى، ئەللەي بالام.
بۇق ـ بۇق، بۇق ـ بۇق...

بۇ دۇنيادا دەردى يوق كىم بار؟ كاككۇك ياش تۆكۈشتىن خېلى بۇرۇن لالەنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ بىر ياشقىچە بولغان بوۋاقلىقى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك خىيال ئېكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ياشلار سىرغىپ بولغان ئىدى.



ئەنە، تولـۇنئاي تاغ ئـاسمىنىـنى سۈتـتەك يورۇتـقـان ئاخشىمى دادىسى بىلەن ئانىسى ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىپ ئۇنى يەڭگىل تەۋرىتىپ ئۇخلاتتى. ئۇ يـەنىلا ئاشـۇ ئاۋازنى سېغىندى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىنى باسقاندەك بولدى. ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاش قانچىلىك هۇزۇر ـ هە؟! خۇددى بىرى پاختىدەك يۇمشاق ئالىقانلىرى بىلەن بېشىڭنى يەڭگىل سىلاۋاتقان-دەك، چاچلىرىڭنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تاراۋاتقان-دەك، قولـلىرىڭنى تۇتۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزىۋاتقاندەك، چوغدەك باغرىغا سېنى مەهكەم بېسىپ جۇدۇن ـ شىۋىر-غاندىن ساقلاۋاتقاندەك...

لاله تاتلىق، شېرىن خىياللىرى قېچىپ كېتىدىغان-دەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە دىمىقىدا ئۆزى بىلىدى-غان بىر ئاهاڭغا غىڭشىشقا باشلىدى:

ئانامنىڭ كۆز قارىسى ئىدىم،
دادامنىڭ دىل پارىسى ئىدىم.
هايات تەمبۇرىنىڭ،
نازۇك تارىسى ئىدىم.

چىراغ ئۆچتى، كۈن ئۆچتى،
دادام كەتتى ئۇن ئۆچتى.
قارلەيلىسى ئانامنىڭ،
چاچلىرىدىن تۈن كۆچتى.



تاغدىكى ئۆيۈمدە،
ئىچكەن سۈيۈمدە.
ئۇلار بار ئىدى،
ئېيتقان كۈيۈمدە.

تىڭشاپ ياتىمەن،
كەلسە بىر سادا.
چۆكسەم ئىدىم مەن،
ئۇلار قوينىغا.

يالتىراق قوڭغۇز،
ئوينىغىن ئۇسسۇل.
چاچاي مەن ساڭا،
تۈمەن غازاڭ پۇل.

يۇلتۇزلىرىڭدىن،
ئېلىپ چۈشكىن ئاي.
سېنىڭ ئالدىڭغا،
سالامغا باراي.

قېنى بۇلۇتلار،
قۇچاق ئاچقىن كەڭ.
سەن بىلەن ئويناي،
مۆكىمۆكۈلەڭ.

بىردەمدىن كېيىن سۇبات لەۋلىرى جىنەستىدەك،

ئىككى مەڭزى قىزىل ئالمىدەك، تىرىلىرى قاشتېشىدەك سۈزۈلگەن لالەنى كۆرۈپ كۆڭلىدە «داۋالاشنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈمى بولۇۋېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى.

قىرىشقاندەك شۇ كۈنى كەچتە پولات تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ ھەممەيلەننىڭ جىنىنى ئېلىپ، جاڭگالدا قويدى.

— سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقى ياللۇغلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. چاتاق يوق، دورىسىنى قىلساق بىر نەچچە كۈندە ئەسلىگە كېلىدۇ، — دېدى سېرىق قۇشقاچ بىرقۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، — سۈبات ئەتە سىز مەن بىلەن بىللە بېرىپ توغراق سۈيى ئەكىلىڭ.

— ماقۇل، دوختۇر. دوستۇمغا بۇگۈن كېچە بىرەر ئىش بولۇپ قالماس ـ ھە؟

— ھەددىدىن زىيادە ھارغىنلىقنىڭ تەسىرىمۇ بار. ئەنسىرمەڭ، نەچچە كۈن ئارام ئالسا تايچاقتەك تۇرۇپ كېتىدۇ.

## يەتتە قىزلىرىم رىۋايىتى

لالە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، سۈبات كۆز ئىشارىسى بىلەن ئورنىدا جىم يېتىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ ئۆز بەدىنىنىڭمۇ غىرىسلاپ ئاغرىۋاتقىنىنى سېزىپ «ماڭىمۇ ھاردۇق يەتكەن ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىدى. ھېلىمۇ ئىككىيلەن ياتتى. سۈباتمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ يات-



سۇنمۇ؟ ياق. بۇنداق چاغدا ئۇ ھەرقانچە چوڭ ئىش بول-سىمۇ بەرداشلىق بېرىپ تاغدەك مەزمۇت تۇرىشى كېرەك. چۈنكى، سىڭىل ئۆزىنىڭ، دوستىمۇ ئۆزىنىڭ.

سۇبات پولاتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. پۈتۈن بەدىنى چوغدەك قىزىغان پولات بۆژ - بۆژ تەرلىگىنىچە ھوشسىز ياتاتتى. ئاھ! دوستۇم مەن سۇبات، كۆزۈڭنى ئاچ. پولات، خاتىرجەم بول، مەن سېنى چوقۇم ساقلايتىمەن.

سەھەردە سەپەرگە ئاتلانغان سۇبات سېرىق قۇشقاچنىڭ يول باشلىشى بىلەن دۆڭلۈك كەينىدىكى بىپايان توغراق-لىققا كەلدى. قۇچاق يەتكۈسىز توغراقلار «ھەقىقىي ھايات-لىق مانا بۇ يەردە» دەۋاتقاندەك شاخلىرىنى زېمىنغا كۈز-لۈك قىلىپ ئاسمانغا مەغرۇر بوي سوزۇپ تۇراتتى. توغراقلارنىڭ تەڭگە يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ مارجان غىلاپتىن مۈڭگۈز دەستىلىك پىچىقىنى چىقىرىپ توغراق غولىدا شۇنداق يەڭگىل ئويناتقان ئىد-دى، كۆزى ئېچىلغان بۇلاقتەك توغراق سۈيى شۇئان بۇل-دۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ بېلىگە قىستۇرىۋالغان قا-پاققا توغراق سۈيىدىن لىق تولدۇردى.

— ھېچكىم سۇ باشلاپ كېلەلمەيدىغان بۇنداق دۆڭدە توغراقلارنىڭ كۆكلەپ يەنە تېنىدىن بۇلاق ھاسىل قىلغى-نى بىر مۆجىزىدە.

— سۇبات، توغراق سۈيى ئادەمنى توغراقتەك مەزمۇت

قىلىدۇ. سىزمۇ بۇ توغراق سۈيىدىن ئازراق ئىچىۋالامسىز.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت سېرىق قۇشقاچ، ئۆلگۈرەلمەيمىز. ھازىر مېنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىم دوس-تۇم پولاتتا. گۈللۈك قورۇغا بالدۇرراق يانايلى.

ۋاپادار دوستلارنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن سۆيۈنگەن سېرىق قۇشقاچ «ماقۇل، شۇنداق قىلايلى» دېگەندەك بې-شىنى لىڭشىتتى. سۇبات سېرىق قۇشقاچ بىلەن شامالدەك تېز يېنىپ كېلىپ توغراق سۈيىنى پولاتقا ئىچۈردى. يول-دىن تېرىۋالغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇندەك چايناپ جاراھەت ئېغىزىغا باستى.

— ئاكا، — دېدى لالە پولاتنىڭ تېخىچە ھوشىغا كەلمەيۋاتقىنىدىن ئەنسىرەپ — بولسا جىغان غورىسى ۋە يوپۇرمىقىنى تېپىپ كەلسىڭىز. بۆرە ئاچامنىمۇ بوغما يىلان چىشلىۋالغاندا ئاشۇنى چايناپ ساقايغان.

— جىغان دەمسىلەر؟ باغدىلا بار، — ۋىچىرلىدى سېرىق قۇشقاچ.

سۇبات جىغان غورىسى ۋە يوپۇرمىقىنى ئېلىپ كىرىپ ھاۋانچىدا ئۇندەك ئېزىپ پولاتنىڭ ئېغىزىغا سالدى، چىشلەتتى. دەرۋەقە، بىرەر سائەتتىن كېيىن پولات جۆي-لىگىنىچە ھوشىغا كەلدى.

— ئۇھ، ئەجەب ئەنسىرەتتىڭ جۇمۇ، — دېدى سۇبات ئۇنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ، — ساق تۇر ئاداش، مەھەل-لىگە بىللە يانمىساق بولماس.

— نېمە بولدۇم مەن؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان



ھالدا.

— تۇنۇگۇن ھوشۇڭدىن كېتىپ ...

— نېمە بوپتىمەن؟

— ئادەمخور كەسلەنچۈك چىشلىۋالغان بارمىقىڭ يال-لۇغلىنىپ قاپتىكەن، كېچىچە بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ چىقتىڭ.

— ئېغىزىم نېمانچە بەتتەم مىنىڭ...

— ھەي، ھەي تۇكۇرمە. ئاران تەستە تېپىپ كەلدىم جۇمۇ بۇ دورىلارنى. پاقلان قىياق چاينىغاندەك چايناپ جىم يات.

— نېمە ئۇ؟

— زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.

بىر - ئىككى كۈن يېتىپ زېرىككەن پولات ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز قەتئىي بولمايدۇ. بىز رەنجىيمىز، — دېدى سېرىق قۇشقاچ بوغۇلۇپ سايراپ — بۇ يەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق قائىدىسى بار.

— يول مېڭىپ كۆنۈپ قالغان ئادەمگە يېتىش ئېغىر كېلىدىكەن. بەك زېرىكىپ كەتتىم.

— زېرىكسىڭىز يانىدىكى ئۆيدە نۇرغۇن كىتابلار بار. سۇبات ئوقۇپ بەرسۇن، جىم يېتىڭ. لالە كىچىك بالا تۇ-رۇپ جىم ياتالايدۇ-يۇ، سىز نېمىشقا جىم ياتالمامسىز؟

ئىچى بۇرۇقتۇم بولۇپ تۇرغان سۇباتقا بۇ گەپ ياغدەك ياقتى.



ئۆي ئىگىسى كىتابخۇمار ئادەم بولسا كېرەك. سۇباتنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا كۆزىگە چېلىققىنى تاملاردىكى ئادەم بىلەن بۆرە تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر بولدى. ئادەملەر بىلەن بۆرىلەر بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىكەن - دە، دەپ ئويلىدى سۇبات. ئۇ قولىغا ئۇرۇنغان «ئەپسانە -رىۋايەتلەر» دېگەن كىتابنى سۇغۇرۇپلا ئالدى - دە لالە، پولاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ئاسمان يەرگە، يەر ئاسمانغا ئايلانغان چاغلاردا زامان زورنىڭ تاماشا كورنىڭ ئىكەن، باينىڭ بالىسى گاچا بولسىمۇ سۇدەك راۋان سۆزلەيدىكەن، ئامراتنىڭ بالىسى دەمدەردەك ئىچىدە ئۇنلەيدىكەن. شۇ زاماندا بىر موماينىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بويىغا يەتكەن ئالتە قىزى بار ئىكەن. باي ئۆزىگە بىر ئوبدان ئىشلەپ بېرىۋاتقان موماي بىلەن قىزلىرىنى خورلاپتۇ.

كۆزى ئالىغاي، پۇتى ئاقساق باينىڭ بىر گاچا بالىسى بار ئىكەن. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش كۆزلىرى جىرتاق، كېپىش بۇرۇن، دورداي كالپۇك، توكۇر ئىكەن.

باي ئاشۇ يالماۋۇزدەك ئوغلىغا موماينىڭ ئالتە قىزىنى تويلاپ بەرمەك بولۇپ ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. چوڭ قىزى ئۇنىماي ئۆيىدىن قېچىپ قومۇشلۇقلاردا سەرسان بوپتۇ. ئىككىنچى قىزى تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى قىزىمۇ ئۇنىمىغان ئىكەن كەلكۈنگە بېسىپتۇ. تۆتىنچى



قىزى ئىپپىتىنى قوغداپ تاغدىن سەكرەپتۇ. بەشىنچى قىزى ماقۇل دەپ، توي كېچىسى بايىنىڭ گاچا بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئۆزىنى بوغۇزلىۋاپتۇ. ئالتىنچى قىزى ئانىسىنى ئېلىپ يىراقلارغا كېتىپتۇ.

— ئاكا، يەتتە قىزلىرىم دەپ تۇرۇپ ئالتىسىنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز. كەنجى قىزنىڭ گېپى يوقما؟

— بار، بولمامدىغان سىڭلىم. ئانا - بالا زار - زار يىغلاپ يىراقلارغا كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر قىز ئۇچراپتۇ. ئۇ دەل شۇ ئانىسىنىڭ شامال ئېلىپ قاچقان قىزى ئىكەن. ئۇچەيلەن پاراڭغا پاراڭ، مۇڭغا- مۇڭ قېتىپ شۇ ئانىسىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

...

سەككىز كۈن توشقاندا لالە، پولات ئورنىدىن بۇلۇتتەك يەڭگىل تۇرۇپ كەتتى. ئەمما، بۇ ئىككىيلەننى كۈتۈپ بولالماي سۇبات كۈندىن-كۈنگە ھېرىپ كېتىۋاتاتتى.

ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ شىلدىر-شىلدىر ئېقىشى، قىياقلارنىڭ شىۋىرلىشى، يوپۇرماقلارنىڭ ئىزغىرىن شامالدىكى يەڭگىل چاۋاك چېلىشى، پېشايۋاندىكى قارلىغاچلارنىڭ سايراشلىرى، كەپتەر باچكىلىرىنىڭ ۋىسىلداشلىرى... ھەممىسى يارقىن مۇزىكا بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي، دىلىغا ئارام بېغىشلايتتى.

## بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار

كېچە ياغقان يامغۇر دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىكى چاڭلارنىلا ئەمەس لالەنىڭ قەلبىدىكى نۇرغۇن چىگىش خىيال، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنىمۇ پاك - پاكىزە يۇيىۋەتكەندەك قىلاتتى.

« — ئاشۇ مېھىر - مۇھەببەت بولىقى سىزگە كېرەكمۇ - يوق؟

— كېرەك، ئەلۋەتتە كېرەك. قېنى ماڭا ھازىرلا كۆرسىتىڭا؟

— سىز دوختۇرخانىمىزدا قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئىلكىدىكى داۋالىشىنى قوبۇل قىلسىڭىز ئاشۇ مەقسەتكە يېتەلەيسىز، يەنە تېخى...

— يەنە تېخى نېمە؟

— بولدى ئۇنى كېيىن دەي.»

لالەنىڭ خىيالىدىن تۇيۇقسىز ھەپتە ئالدىدا سىرلىق قۇشقاچ بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرى لىپپىدە ئۆتتى. ئۇ شۇ چاغدا «يەنە تېخى...» دەپلا سىرلىق ھالدا گېپىنى يۇتۇۋەتكەن. بۇ گەپ ئۇنى ھەپتە ئارامسىزلاندۇردى، تالاي خىياللار دالاسىغا باشلىدى. ئۇ سەككىز كۈن قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، بۆرە ئاچىسىنىڭ ئۇنى دۈمبىسىگە مىندۈرگەنچە كۆيۈك تاغدىن چۇشۇپ ئېمىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ بۆرە ئانىغا يالۋۇرغىنىدىن باشلاپ،

كۆلگۈنچەك مېۋىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ساخاۋىتى، نۇر ـ دۇن بوۋاينىڭ كۆيۈك تاغنى يېشىللىقا ئوراش ئۈچۈن تارتقان جاپالىرى، قۇملۇقتىكى تالاپەت، ئۇلارغا يول باشـ ـلىغان مىننەتسىز تۆگە، يەنە تېخى پالچى موماينىڭ ھىمـ ـمىتى، قومۇشلۇق كۆل، تۇخۇمنى ھەدىيە قىلغان قوش باشلىق ئالتۇن قانات سۇمۇرغ... دادىسىنىڭ بىر پاي ئۆـ تۈكى بىلەن ئانىسىنىڭ ئاق رومىلى... قاتارلىق سەككىز يىللىق خاتىرىلەر بىر ـ بىرىگە ئەتلەس يىپىدەك رىتىملىق ئۇلاندى. ئۇ سېرىق قۇشقاچقا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى ئويلىنىۋاتقاندا، سېرىق قۇشقاچ ئاللىقاچان ئۇنىڭ مۈرىـ سىگە قونۇپ شادىمان سايراشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى.

ــ قىزچاق، قانداقراق؟ داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولغانـ دەكمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە، خاتىرىلىرىم مېنى ھەم ھاياجانلاندۇردى ھەم ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاندۇردى. مەن ھازىر سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرغان ئىدىم.

ــ رەھمەت ئېيتىش بىھاجەت، مۇھەببەتلىك دۇنيادىـ كى ئىشلار ھامان شۇنداق بولىدۇ.

ــ مەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئىلكىدىـ كى داۋالاشنى قوبۇل قىلىپ خاتىرەمنى ئۇلىۋالدىم. بۇ يەرگە كەلگەن كۈنى سىز «يەنە تېخى...» دەپ ماڭا بىر نىمە دېمەكچى بولۇپ گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتكەن ئىدىڭىز. بۇگۈن دەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟



— ئەمدى ۋاقتى كەلدى، دەپ بەرسەم ئەلۋەتتە بولىدۇ. بۇنى سىز سورىمىغان بولسىڭىزمۇ، ھازىر مەن سىزگە دېگىلى كەلگەن. خاتىرىڭىز ئۆلانغان ئىكەن مەن دېمىسەممۇ كۆڭلىڭىزدە نۇرغۇن يېڭى ئىنتىلىش، گۈزەل ئىستەكلەر بار بولدى. ئەمدى بۇ جايدىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ ماڭسىڭىز ئاشۇ يەردە سىزگە بىر تەسەۋۋۇر باغچىسى ئۇچرايدۇ. شۇ باغچا ئىچىدە سىز ئارزۇ قىلغان، خىيال قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار. بەلكىم ئاشۇ يەردە سىز سەككىز يىللىق سەرگەردان، يېتىم ھاياتىڭىزغا خاتىمە بېرىشىڭىز مۇمكىن.

— نېمىنى ئويلىسام شۇ بار بولامدۇ؟

— ھەئە.

— نېمىنى سىزسام شۇ كۆز ئالدىمدا پەيدا بولامدۇ؟

— شۇنداقراق.

— ۋاھ! نېمىدېگەن ياخشى. سىز نېمىشقا ماڭا ياردەم بېرىسىز؟

— بۇ سىزگىلا بېرىلگەن ياردەم ئەمەس گاس، گاچا، ئەما، توكۇر قۇشلارمۇ ئاشۇ يەردە يۈز بەرگەن مۆجىزىدىن مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشكەن.

— رەھمەت سىزگە. سىز مەن بىلەن ئاشۇ يەرگە بىللە بارالارسىزمۇ؟

— مېنىڭغۇ ئوتتەك بارغۇم بار. ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، بۇ جايدا يەنە نۇرغۇن قۇشلار مېنىڭ داۋالىشىمنى كۈتمەكتە. يەرشارى يۇمىلاق، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ھامان

بىر كۈنى ئۇچرىشىپ قالىمىز. ئىشلىرىڭىز پۈتكەندە كەلسىڭىز سىزنى يەنە ھەرۋاقىت قىزغىن قارشى ئالىمىز.

— رەھمەت.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. بۇ دوختۇرخانىنى، بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ؟

— سىلەرنى مەڭگۈ ئېسىمدە تۇتىمەن.

— خەير، ئامان بولۇڭ.

— سىلەرگىمۇ ئاقيول بولسۇن.

— كۈلگۈنچەك دەرەخ بىلەن خوشلىشىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىز.

— تىۋىشسىزلا كېتىپتۇ دەپ رەنجىپ قالارمۇ؟

— سىزنىڭ بۇ پاراڭلىرىڭىزدىن كۆز ئالدىم روشەنلەشتى. كەلگۈسىمدىن ئىنتايىن ئۈمىدۋار بولدۇم. سىز دېگەندەك بەلكىم ھايات گۈلۈم شۇ يەردە چېچەك ئاچار. ھازىرقى بۇ ھاياجانلىق تۇيغۇمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. مەن ماڭاي. سىزنى، كۈلگۈنچەك دەرەخنى ھەم بۇ يەردىكى بارلىق دوستلارنى ئىشلىرىمىزنى پۈتتۈرۈۋېلىپلا يوقلاپ كېلىمىز.

— بولىدۇ، يولۇڭلار بولغاي.

# ئونىنچى باب

# تەسەۋۋۇر باغچىسىغا بارايلى

## نەگە بېرىپ توختايمىز؟

كۈزنىڭ يېڭى بىر سەھىرى قەلبىگە يەنە نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ كۈلۈمسىرەپ ئويغاندى. لالە ئۆزىنىڭ ئارزۇلىرى سېرىق قۇشقاچ تىلغا ئالغان ئا ـ شۇ يەردە چېچەك ئاچىدىغاندەك خۇشال بولۇپ تۈگۈنچىدىكىنى قولىغا ئىلدۇرگىنىچە سۇبات، پولاتنى ئالدىراتتى.

— ئاكىلىرىم، يۈرۈڭلار.

— نەگە بارىمىز؟ — تەڭلا سوراشتى ئىككىيلەن لالەگە تىكىلىپ.

— ئالدىمىزغا ماڭىمىز.

— بارىدىغان جايىنىڭ چېكى بارمۇ ـ يوق، زادى نەگە بېرىپ توختايمىز؟ مېڭىۋەردۇق، مېڭىۋەردۇق، يا ئايىغى

چىقمىدى بۇ يولنىڭ.

— تەسەۋۋۇر باغچىسىغا بارىمىز.

— تەسەۋۋۇر باغچىسىغا؟ تەسەۋۋۇر باغچىسى دېگەن نە ئۇ؟

— سېرىق قۇشقاچنىڭ دېيىشىچە بىز ئۇ يەردە نېمىنى ئويلىساق، خىيال قىلساق شۇ بار بولىدىكەن، ئۇ باغچىنىڭ ئىچىدە يەنە تېخى «تەسەۋۋۇر تېمى» دەپ بىر تام بارمىش. قولىمىزغا پەلكۈچ ئېلىپ خىيالىمىزنى تامغا سىزساق، سىزغان نەرسىمىز تام ئىچىدىن بىزگە كۈلۈمسىرەپ مېڭىپ چىقارمىش. مېنىڭ ئاشۇ جايغا بارغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە بار ئۇ يەردە بىزگە؟ چوڭلارنىڭ، تەبىئەتنىڭ سېھىر- ساخاۋىتى بىلەن يۇزۇڭمۇ ئالمىدەك پارقىرىدى. مۇزىكىلىق دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ بۆرىدەك ھۆۋلاشتىنمۇ قالدىڭ. دېمەك، تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتتىڭ دېگەن گەپ. سىڭلىم، نەچچە ۋاقتىن بېرى سېنى كىچىك ئىشلارنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ، دەپ كۆڭلۈڭنى ئاياپ كەلدىم. ئەمدى ئۇدۇل مەھەللىگە يانايلى، ماقۇل- دە.

— دېگىنىڭىزغۇ ئورۇنلۇق سۇبات ئاكا. بىراق شۇنچە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كەپتۇق. بوسۇغا تۇۋىدىنلا يېنىپ كېتىپ مېنىڭ بىر ئۆمۈر ئارماندا قالغۇم يوق. سېرىق قۇشقاچ ئۇ جايدا سەن نېمىنى ئارزۇ قىلساڭ شۇ بار دەيدۇ. سىزنىڭ، پولاتنىڭ قەلبىدىمۇ باھاردا بىخ سۇرگەن مايسىدەك تالاي گۈزەل ئىستەكلەر باردۇ؟ ئاكا، ئىلگ-



كىڭلارنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چەككىنىڭلارنى
بىلىمەن. مۈشۈ بىر قېتىم ماقۇل دەڭا؟

سۇبات لالەنىڭ ئويچان، ئۈمىدلىك كۆزلىرىگە قاراپ
كۈن نۇرى چۈشكەن قاردەك يەنە شۇررىدە ئېرىدى. نەچچە
يىل غەم - ئەندىشە دەككە - دۈككىدە يېگانە چوڭ بولغان
قىز ئۈنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۈنىڭ بۇ تەلىپى
ئۈنچە ئورۇنسىزمۇ ئەمەس. ئاكا تۇرۇپ يەنە ئۈنىڭ نازۇك،
يۇمران دىلىنى رەنجىتسۇنمۇ؟

— قانداق قىلىمىز؟ تەڭقىسلىقتا قالغان سۇبات
پولاتقا تىكىلدى.

پولات: «نازۇك قىزنىڭ كۆڭلىنى ئايىلى، تاللىشىغا
يەنە مۈشۈ نۆۋەت ماقۇل دەيلى» دېگەندەك كۈلۈمسىرەپ
بېشىنى لىڭشىتتى.

— ماقۇل، سىڭلىم. ئەمىسە يول باشلا، بىز ساڭا ئە-
گىشەيلى. ئۇ يوللاردا يەنە بىزگە دوناي - دوقال ئۈچرى-
ماس - هە...

لالە شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى قەلبىگە سىغ-
دۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ سېرىق قۇشقاچ دەپ بەرگەن بەلگە بو-
يىچە ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى.

— ئەكىلىڭ، بۇنى مەن كۆتۈرىۋالاي، — دېدى پولات
لالەنىڭ قولىدىكى تۇگۇنچەككە قول ئۇزىتىپ، — سىز
چېچىڭىزنى دولقۇنلىتىپ بۆجەندەك تاقلاڭ.

— ئېغىر ئەمەس، سىزنى ئاۋارە قىلماي ئۆزۈم كۆ-
تۈرەي.



پولات لالەنىڭ جاھىللىقىنى ئوبدان بىلگەچكە «بوپتۇ ئەمىسە» دېگەن مەنىدە قېشىنى كۆتۈرۈپ، مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

بىر قارىسا رېئاللىقا، يەنە بىر قارىسا ئەپسانە ـ رىۋايەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ كۈن، بۇ ئايلار پولاتنىڭ قەلبىدىمۇ گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. قىياق قاش، بۇلاق كۆز، بوستان چاچ، نارچا بۇرۇن، جىنەستە لەۋ، ئالما چىراي، سۈزۈك تىرىلەر ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىپپەت ـ نومۇس، ھايا ـ غۇرۇر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ لالەنى ئۇنىڭ قەلبىدە مەرتىۋىلىك يۇقىرى ئورۇنغا قويغان ئىدى. «ئانام ماڭىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل قىزدىن بىرنى تۇغۇپ بەرگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە...!» دېگەن خىياللارنى قىلغان پولات ئۆزىچە مىڭغۇاتقاچ ئۇھسىنىپ قويدى.

ئۇلار بىر چاغدا دەريا، چۆپلۈك، باغ، ئورمان ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن گۈزەل بىر جايغا كېلىپ قالدى.

## پەرىلەر بېغىدىكى مېھمانلار

دەريادىكى سۈپسۈزۈك سۇدا ئالتۇن بېلىقلار ئەركىن قۇيرۇق سىلكىپ، يايلاقتىكى قويدەك مىغىلدىشىپ ئۈزسە، قىرغاقتىكى دەرەخلەر كۈن نۇرى سۇغا تاشلىغان شولىسىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ يىكتەك تۈز باراقسان ئۆس-



كىنىدىن سۈيۈنەتتى. پاكار، بولۇق ئۆسكەن چۆپلەرنىڭ ئاق - سېرىق چېچەكلىرىنى كۆزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى يەڭگىل ئىرغاڭلاتماقتا. چېكەتكە، چىرىلداقلار چۆپلەر ئا - رىسىدا مۆكۈشۈپ ئويناشماقتا.

— ماۋۇ مەخمەلدەك چۆپلۈكتە بىردەم ياتايلىمۇ؟ — دېدى سۇبات بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قىيالماي، — مۇشۇنداق چۆپلۈكتە سۇنايلىنىپ يېتىپ نەمخۇش ھىدىنى پۇرىۋالساڭ ئېمىدېگەن راھەت، كېلىڭلار مۇشۇ يەردە بىر - دەم ئارام ئالايلى.

— ئاكا، ئالدىمىزدا سەپىرىمىز بار، ماڭمايلىمۇ؟

— كونىلاردا «ئالدىرىغان قالار، ئالدىرىمىغان ئالار» دېگەن گەپ بار. ھېلىمۇ خېلى كۆپ ۋاقتىمىز ۋەھىمە، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتتى. بۇنداق مەنزىرىسى گۈزەل جاي بىزگە ھەمىشە ئۇچرىمايدۇ. ئادەم مىڭ ياشقا كىر - مەيدۇ، غەم - ئەندىشىلىرىڭنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتىغىنە سىڭلىم.

ئارامنىڭ گېپىنى سۇبات چىقارمىغان بولسىمۇ پولات تەشمەكچى ئىدى.

— قارماق دېگەننى مۇشۇنداق دەريالارغا تاشلىساق - ھە سۇبات، بىر قارماقتا بىر بېلىق ئالاتتۇق - دە.

— ئىككىلىمىز بېلىقنى ئۇنچە يەپ كەتمەيمىزغۇ، تۇتۇپ يەنە قويۇۋېتىپ ئويۇن قىلىپ ئوينايمىز شۇ. دەريا - نىڭ تېگى كۆرۈنىدىغان مۇشۇنداق سۇ مەھەللىمىزدە بول - سا كۈندە سۇدىن چىقماي يېتىۋالاتتۇق - دە.



— قويلىرىمىز مۇشۇنداق چۆپىنىڭ شەبنەم قونغان يۇمران ئۇچىنى نەمخۇش تۇمشۇقىدا يالماپ ئېلىپ، گىرت-گىرت چايناپ يېسە «قورسىقىڭلارنى تاشتەك تويدۇرۇپ هايت! دەڭلار، شۇ چاغدا ئۆيگە يانىمىز» دەپ چۆپلۈكتە سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ كەتسەك...

ئاكىلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ لالە ئۆزىنىڭمۇ خېلى چارچىغىنىنى ھېس قىلدى. چۆپلۈكتە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى - دە، ئۇزۇنقۇلاق چۆپتىن ئىككى تال سىرىپ لېۋىنىڭ ئارىسىغا بېسىپ پۇۋلەشكە باشلىدى.

— پۇف، پۇف، پۇف...

لالە شۇنچە ھەپىلەشسىمۇ ئاۋاز چىقىرالمىدى.

— لالە، يۈزىڭىز قىزىرىپ گېلىڭىز ئېسىلىپ كەتتى، قىينالماڭ بولدى. ساز ئاڭلىغۇڭىز بولسا سۇباتلا بىرەر پەدىگە چالمىسۇنمۇ؟

— ماقۇل، ماقۇل. ئاكامنىڭ چالغان نېيىنى بىر ئاڭلىغۇم بار ئىدى. ئالتۇن قۇملۇقتىن ئۆتكەندىمۇ چالدۇرالمىغان مەن.

سۇبات قومۇش نېيىنى بېلىدىن ئېلىپ ئۆزى بىلگەن بىر پەدىگە پۇۋلەشكە باشلىدى. مۇزىكىنىڭ سېھرى كۈچى ئاجايىپ بولىدۇ. سۇبات ئىچىدە ئۇزۇن يىل يىغىلىپ قالغان دەرد - ئەلەملىرىنى مۇشۇ نەي ئارقىلىق پۇۋلەپ چىقىرىپ تاشلىماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ شۇنداق چالدىكى پۇتۇن بەدىنى ئۆزى بېسىپ ئولتۇرغان يۇمران چۆپتەك تىترىدى. لالە، پولاتنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ بۇلاق

ئەگىدى. ئۆگە ـ ئۆگىلىرى خېمىردەك بوشاشتى.

— ئاكا، چالغىنىڭىز قايسى پەدە ئۇ؟ نېمانچە مۇڭ، ئەجەب ئاڭلىغانسېرى مۇزىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم ـ دېسە.

— ئادارگۈل.

— ئادارگۈل؟

— شۇنداق سىڭلىم، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش بىر قىزنىڭ ئىسمى.

— سىڭلىمنىڭ ئىسمىنى چاقىرغان كىمۇ؟

لالە، سۇبات، پولات بۇنىڭ نەدىن كەلگەن ئاۋازلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە لالە دېمەتلىك بىر توپ قىزلار كېيىكتەك، جەرەندەك، بۇغىدەك تاقلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئوخشاش توق قىزىل پۈرمە كۆڭلەك كىيگەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، چىغىرتماق گۈلىدىن بوينىغا چەمبىرەك ئېسىۋالغان بۇ قىزلار خۇددى گۈللۈكتىكى بىر توپ كېپىنەكتەك جۇلالىق ئىدى.

— مەرھابا مېھمانلار، پەرىلەر بېغىغا كەلگىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، ـ دېدى يۇمىلاق يۈز بىر قىز توپتىن ئالدىغا چىقىپ — مەن مۇشۇ پەرىلەر بېغىنىڭ مەلىكىسى، ئىسمىم ئانارگۈل. بۇياق مېنىڭ سىڭلىم، ئىسمى ئادارگۈل.

— خۇش تۇرۇپسىلەر قىزلار.

— بىز بۇ يەردە ھەرخىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى تالاي ئاڭلىغان، لېكىن باياتىنقى مۇزىكىنى



ئائىلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق. خۇددى سۇ يۈزىنى شامال سۆيۈپ ئۆتكەندەك نېمانچە لەرزان، ئەللەي ناخشىسىدەك نېمانچە يېقىملىق.

— سىلەرگە ياققان بولسا بىزمۇ خۇش.

— ياقتىلا ئەمەس، ماۋۇ يۈرەكنى تىترەتتى (ئانارگۈل شۇنداق دېگەچ يۈرىكىنى تۇتۇپ قويدى). مۇزىكىدىن مەستخۇش بولۇپ تۇرغىنىمىزدا بىرىڭلار سىڭلىمنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋېدىڭلار، يۇگۇرۇپ كېلىشىمىز. باغقا يۈرۈڭلار، مېھمان بولۇپ كېتىڭلار.

شۇ تاپتا لالەنىڭ بۇ بىر توپ شوخ بەختىيار قىزلارغا شۇنداق ھەۋىسى كەلدىكى، ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىغىلى تاپانلىرى قىزىپ تۇرالماي قالدى.

— ئاكا يۈرۈڭ، ئۇلارنىڭ بېغىنى بىر كۆرەيلى.

سۇبات، پولات «ھېلىلا يولغا ئالدىراپ قالغان بۇ قىزغا ئەمدى نېمە بولدىكىن» دېگەندەك بىر - بىرىگە سىرلىق قارىشىپ قويۇشتى.

— بىز ئەسلىدە قۇشقاچ ئانام دوختۇرخانا قىلغان گۈللۈك قورۇدىكى گاس - گاچا، توكۇر قۇشلار ئىدۇق، - دەپ گەپ باشلىدى ئانارگۈل — قۇشقاچ ئانامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى نەتىجىسىدە بېجىرىم قۇشلارغا ئايلاندۇق، ئۇ باغدا خاسىيەتلىك كۈلگۈنچەك دەرەخمۇ بىز بىلەن بىللە تۇراتتى. قۇش بولۇپ نەچچە يىل ياشاپتۇق، تۇرۇپلا ئادەم بولۇپ ياشىغۇمىز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن



كۆلگۈنچەك دەرەخنىڭ ئۆزگەرگەك مېۋىسىدىن نەچچە تال-
دىن ئېلىۋېلىپ دالادىكى سەيلىمىزنى قىلغاچ يېۋىدۇق،
چىرايلىق بىر توپ قىزلارغا ئايلاندۇق. ۋاھ، ئادەم بولۇپ
ياشاشنىڭ راھىتى باشقىچىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بىزگە
بەكلا يېقىپ قالغاچقا ياشاپ كېلىۋاتىمىز. قۇشقاچ ئاند-
مىز ئۇ جايدا ئامان تۇرغانمىدۇ، ھېچ بىلمىدۇق؟

— سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار سېرىق قۇشقاچ بولمى-
سۇن يەنە؟

— دەل شۇ. سىز ئانىمىزنى تونۇمسىز؟

— بىز شۇياقتىن كەلدۇق. ئۇ سېرىق قۇشقاچنى
مەنلا ئەمەس ھەممىمىز تونۇيمىز. ئۇ ئامان - ئېسەن تۇ-
رىۋاتىدۇ.

— تۇۋا، جاھاندا ئادەمنىڭ يېتى يوق جۇمۇ. سىلەر
مېھرىبان ئانىمىزنىڭ سالامىنى ئېلىپ كەلگەن ئەزىز
مېھمانلار ئىكەنسىلەر، يۇرۇڭلار، سىلەرنى شۇنداق كاتتا
مېھمان قىلايلىكى پەرىلەر بېغى ھەيران قالسۇن. بۇ
قىز...

— مېنىڭ سىڭلىم لالە، بۇياق دوستۇم پولات.

— سىزنىڭمۇ بىر سىڭلىڭىز باركەن - دە. ئىسمى
سىڭلىمنىڭكىدەك چىرايلىقكەن. بۇ يەردە تارتىنىشىپ تۇر-
مايلى، يۇرۇڭلار. ھېرىپ كەلدىڭلار ھەقىچان، باغدا مېۋە
شەربەتلىرى بار.

— رەھمەت ئانار قىز، بىز تەسەۋۋۇر باغچىسىغا ماڭ-
غان، سەپىرىمىز بار ئىدى.



ئانارگۈل پولاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شۇنداق قاقاھلاپ كۈلدىكى، پولات «خاتا گەپ قىلىپ قويدۇممۇ نېمە؟» دې- گەندەك ئالاقزادە بولۇپ ھەمراھلىرىغا قارىدى.

— دانىشلارنىڭ «پېشىڭنى شاخ ئىلسە توختا» دېگىنى بىكارغا ئېيتىلمىغان. بىز بىلەن كۆرۈشمەي كېتىۋەرگەن بولساڭلارمۇ بەرىبىر يېنىپ كېلەتتىڭلار، سەپىرىڭلار بوپتۇ ئاكاشلار.

— بۇ... بۇ...

— تەسەۋۋۇر باغچىسىنىڭ كىرىش بېلىتىنى بىز سا- تىمىز ئەمەسمۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇچەيلەن بايىقى كۈلكىنىڭ تېگى- گە ئەمدى يېتىۋاتاتتى، — باغچىنىڭ بېلىتىنى باغچا ئال- دىدا ساتامدۇ؟

— ئاكاشلار، ئۇنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر باغچىسى تۇرسا، بالىلارغا تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالمىسا بولماس؟

— ئۆزى مۇشتتەك تۇرۇپ چوڭ ئادەمنىڭ ئەقلى باركىنا بۇ قىزدا — دېدى پولات بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— بەك ئالدىرىساڭلار سىلەر ئىشىڭلارنى پۈتتۈرۈپ كەلگىچە لالە بىز بىلەن ئويناپ تۇرسۇن.

— بىز ئىككىمىز ئاشۇ لالەنىڭ تەلىپى بىلەن كې- تىۋاتىمىز. ئۇ قالسا ...

— ماقۇل، ماقۇل. مەڭ بۇ ئۈچ بېلەت سىلەرگە يول- لۇقۇم بولسۇن.

— بىزدە پۇل يوق.



— ئۇچ تال يوپۇرماقنى پۇل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بەرسەڭلار بولىدۇغۇ؟

— يوپۇرماقنى پۇل دەپ بىرىمىزما؟ ئۇ بەرىبىر يوپۇرماق تۇرسا.

— ئەمما ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە پۇل كۆرۈنىدىغان تۇرسا. كۆپرەك تەسەۋۋۇر قىلايلى. سىلەر مۇشۇنداق ئوي-خىيالدا بولساڭلار تەسەۋۋۇر باغچىسىدىن كىرىشىڭلار تەسكە توختىمامدۇ-نېمە؟ بۇ يەردىن بىر ئاش پىشىم ماڭ-ساڭلار تەسەۋۋۇر باغچىسىغا يېتىپ بارالايسىلەر. تاش قاراۋۇللارغا بىزدىن سالام دەڭلار.

— تاش قاراۋۇللار...؟

## كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تاش قاراۋۇللار

— مۇشۇ بىر قېتىم يولىمىزنى ئۆزىمىز تېپىپ توغرا مېڭىپتۇقمۇ-نېمە، — دېدى پولات باغدىكى قىزلار بىلەن خوشلىشىپ يولدا كېتىۋاتقاچ — بولمىسا ئانارگۈل دېگەندەك بۆزچىنىڭ موكىسى بولۇپ يۈرەركەنمىز؟

— كىچىك بالىنىڭ ھەممە گېپىگە ئىشىنىپ كەتكى-لى بولمايدۇ. ئۇنىڭ گېپى راستمۇ-يالغانمۇ قېنى تە-سەۋۋۇر باغچىسىغا بارغاندا سىناپ باقمامدۇق.

لالەگە سۇبات ئاكىسىنىڭ دېگەن بۇ گېپى ئۇنچە ياق-مىدى. «ئاكامنىڭ كىچىك بالا، كىچىك بالا» دەپ كەتكە-



نىنى. خۇددى ئۆزى چوڭ ئادەمدەك...

ئېگىز، ھەيۋەتلىك دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى چوكىدەك رەتلىك تىزىلغان سەككىز ـ ئونچە تاش قاراۋۇللار كۇ ـ لۇمسىرەپ قارشى ئالدى.

— تەسەۋۋۇر باغچىسىغا كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالى ـ مىز، قەدىمىڭلارغا مەرھابا، بالىلار.

دەرۋازا ئالدىغا زىننەت ئۈچۈن تىزىپ قويۇلغان تاشلارمىكىن دەپ ئويلىغان بالىلار تاشلارنىڭ گەپ قىلى ـ غىنىدىن ھەيران بولدى.

— سىلەر بۇ يەردە يىل بويى تۇرامسىلەر؟

— قاچان دۇنيادىكى بالىلار چوڭ بولغۇچە بىز مۇشۇ ئورنىمىزدا تۇرىۋېرىمىز.

— ئۇنداقتا ھارمامسىلەر؟

— ھېرىش دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ نان يېمىگەن سۇ ئىچمىگەن ئادەممۇ ھارامدۇ؟

— سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئادەم دەپ قارامسىلەر؟

— بىزنى سىلەردەك بالىلار تاشتىن ياسىغىنى ئۈچۈن ئادەم ھېسابلانمامدۇق؟ باغچىنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز با ـ لىلار دۇنياسىنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى ھېس قىلىپ قا ـ لىسىز.

— ھازىر باغچىغا كىرسەك بولامدۇ؟ — سورىدى لالە.

— كىرىپ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاۋۋال بىزگە دەپ بېرىڭ.

— ئىچىنى كۆرەيلى دېگەن.

— كۆرۈپ نېمە قىلماقچى؟

— سېرىق قۇشقاچ مېنى سىز تەسەۋۋۇر باغچىسىدا ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيسىز، دېگەن.

— بېلەتىڭلار بارمۇ؟

— بار.

— سىز باغچىدا نېمىگە ئېرىشمەكچى.

— ...

تاش قاراۋۇللارغا جاۋاب بېرىشنى بىئەپ ھېس قىلغان لالە لېۋىنى چىشلەپ جىمىمىدە تۇرۇۋالدى.

— تەسەۋۋۇر باغچىسىغا كىرمەكچى بولغانلار ئاۋۋال ئاۋۇ دەرەخ ئاستىدىكى تاش سۇپىدا ئۈچ كۈن ئۇخلايدۇ. مۇشۇ ئۈچ كۈندە قانداق چۈش كۆرگەن بولسا تەسەۋۋۇر باغچىسىدا ئاشۇ چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قولىغا پەلكۈچ ئېلىپ، تامغا رەسىم سىزسا بولىدۇ. ئەگەر چۈشىدە كۆرمىگەن نەرسىدىن بىرنى سىزىپ سالسا چۈشلىرىنىڭ ھەممىسى بەربات بولىدۇ ـ دە، تاش بالىغا ئايلىنىپ باغچا ئىچىدىكى بىر كۆرگەزمە بۇيۇمى بولۇپ قالىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، چوقۇم كۆرگەن چۈشۈڭلار ـ نى خاتىرەڭلەردە مەھكەم ساقلاڭلار.

ئۇلار شۇنداق دەپ دەرۋازا ئالدىدىن ئۇنچە يىراق بول ـ مىغان بوكىكىدە دەرەخلىك ئاستىدىكى سەينانى كۆرسەتتى.

پولاتىنىڭمۇ قولىغا پەلكۈچ ئېلىپ قۇملۇقنى، تۆگە كارۋانلىرىنى سىزغۇسى بار ئىدى. سۇباتىنىڭمۇ ئىنەك



سېغىنۋاتقان ئانىسى، سەندەلدە قىپقىزىل تۆمۈرنى ھەر خىل شەكىلگە كىرگۈزۈۋاتقان دادىسىنى سىزغۇسى بار ئىدى.

لالەنىڭمۇ قەلبىدە سىزماقچى بولغان نۇرغۇن رەسىملىرى باردۇر. ئۇ تاش سۇپىدا يېتىپ قانداق چۈشلەرنى كۆرەر؟ ئەگەر ئۇخلاپ ئارزۇ قىلغان چۈشىنى كۆرەلمەي قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەگەر راستتىنلا تاش قىزچاققا ئايلىنىپ قالسا ئۇنىڭ تارتقان شۇنچە كۆپ جاپالىرى بىر تىيىن بولىدۇ ـ دە.

بالىلار تاش قاراۋۇللارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا تەسەۋۋۇر باغچىسىغا كىرەلمەيدىغىنىنى پەملەپ تاش سۇپىدا يېتىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

— لالە ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

— رەھمەت، سىلەرمۇ ياخشى چۈش كۆرۈڭلار.

## سۇمۇرغ تۇخۇمى لالەگە پىچىرلىدى

تۇگۈنچەكنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئوڭدىسىغا ياتقان لالەنىڭ چاچلىرى دولقۇندەك يېيىلىپ، ئادەمگە ئۇيقۇدىكى ساھىبجامالنى ئەسلەتتى. لالە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىپ ئۇيقۇسى ئىچىدىن چۈشلىرىنى ئىزدەيتتى. چۈش دېگەنمۇ قىزىق نەرسە، كۆرمەي دېگەندە گاھ ئادەمنى خىيالدىكى دۇنياغا سۆرەپ



كىرىپ كۆلدۈرسە، گاھ ۋەھىمىلىك جاڭگالدا چىلىق ـ چىلىق قارا تەرگە چۆمدۈرىدۇ. كۆرەي دەپ ئارزۇ قىلغاندا قەپەستىن قاچقان قۇشتەك يىراقلارغا غايىب بولىدۇ.

چۈشىمۇ لەگلەكنى باغلىۋالغاندەك باغلىغىلى بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! لەگلەكنى خالىغان توقايلىقتا ئۇچۇرۇپ، قاچماقچى بولسا يىپنى پات ـ پات سىلىكىپ ئارزۇيۇڭدىكى ئاسماندا لەپىلدىتەلەيسەن. ئاھ، چۈشلىرىم، ئىرادەمگە بويسۇنۇپ بەر. ئارزۇ قىلغانلىرىمنى سەن كۆرسەت، دەپ ئىچىدە شىۋىرلايتتى لالە. شۇ چاغدا يالتتىدە بىر نۇر ئۇنىڭ چۈش ئاسمىنىنى نۇرلاندۇرۇپ بۇلۇتلارنى يىراقلارغا تارىتىۋەتتى.

— سىز خاتىرجەم ئۇخلاۋىرىڭ، مەن سىزنى ئارزۇ قىلغان چۈش دالاسىغا باشلاپ باراي. تالاي جاپالارنى تارتىپ ئەمدى بۇ يەردە چۈشلىرىڭىز بەربات بولسا بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغۇلۇق؟ مېنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن ئاققان ھەسرەتلىك ياشلارنى كۆرگۈم يوق؟

— سىز كىم؟ نېمىشقا ماڭا ياردەم بەرمەكچى بولىۋاتىسىز؟ — دېدى لالە ئۇيقۇ ئىچىدە.

— مەن قورسىقىڭىزدىكى سۇمۇرغ تۇخۇمى. مېنىڭمۇ پەقەت ئاخىرقى بىر قېتىملىق خاسىيىتىم قالدى. بۇنى ئىشلەتمىسەممۇ بەرىبىر پات ئارىدا خاسىيىتىم يوقايدۇ. مەندە سىز نېمىنى ئارزۇ قىلسىڭىز شۇ چۈشنى كۆرسىتىدىغان سېھىر بار. قېنى باشلايلى.

— ماقۇل.



لاله ئۇيقۇ ئىچىدە چۈش خالتىسىغا ئاتا ـ ئانىسى، قارىغايلىق تاغ، قورغان شەكلىدىكى ياغاچ ئۆي، كۆككۆز، بۆرە ئانا ئۆڭكۈرى، نۇردۇن بوۋاي، پالچى موماي (يېنىدا ئۇزۇن بويۇن چۇمۇلە)، كۈلگۈنچەك دەرەخ، ساپال قاچا چېقىلغان، مىس يارماق چېچىلغان قۇملۇق، قومۇشلۇق كۆل، قوش باش سۇمۇرغ، سېرىق قۇشقاچ، پەرىلەر بېغى- دىكى ئانارگۈل، سۇبات، پولاتنى سولىدى.

ئۇنىڭ چۈشى ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك ئىنتايىن رىتىم- لىق كېتىۋاتاتتى.

ئۇ قانچىلىك ئۇخلىدى، قانچە ئۇزاق چۈش كۆردى، بۇنى ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمىدى. پەقەت بىر چاغدا قاراۋۇللار «ئۇيقۇ ۋاقتى توشتى، ئەمدى ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ باغچىغا كىرسەڭلار بولىدۇ» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. لاله شۇ چاغدا تېخى ئۇيقۇسى باردەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. سۇ- بات، پولات لالەگە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ــ بىردەمدە ئۇچ كۈن ئۇخلىدۇقمۇ؟

ــ شۇنداقتەك قىلىدۇ، ــ دېدى سۇبات لالەنىڭ سو- ئالىغا جاۋابەن.

سۇبات، پولاتمۇ چۈش كۆرگەنمىدۇ؟ قانداق چۈشلەرنى كۆرگەندۇ؟

...

ئۇلار تەسەۋۋۇر باغچىسىغا كىرىپ ھەيرانۇھەس قال- دى. دەرۋازىدىن باغچا ئىچىگە بارماقتەك سوزۇلغان يوللار- نىڭ قايسىسىدا مېڭىش بالىنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەن.



— ئالدى بىلەن باغچا ئىچىنى بىر كۆرۈپ چىقىڭلار، نېمىنى سىزنىشىڭلارغا ياردىمى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، - دېدى ئۇلار بىلەن بىرگە كىرگەن ئېگىز تاش قاراۋۇل كۆلۈمسىرەپ.

بۇ جايدا تاغۇ - دەريا دەمسىز، چۆل - باياۋان، باغۇ - ئورمان دەمسىز، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، ھاشارات دەمسىز ھەممىسى بار ئىدى. ماڭسىڭىز پۇتىڭىز ئاستىدا چىررىلداق سىزنى قارشى ئالغاندەك «چىرت - چىرت» قىلىپ سايرىسا، قۇلىقىڭىز تۇۋىدىن پاشا غىڭ-غىڭ قىلىپ ئۆتەتتى. قوي - قوزىلار يولۋاس- شىرنى پىسەنتىگىمۇ ئالماي ئوتلاپ يۈرسە، كالىلار يىلپىز-قاپلاننى قوغلاپ ئوينايتتى.

— ھەيران قالدىڭلار ھە! ئاۋۇ ئالتۇن رەڭلىك قۇم بالىلارنىڭ چېلىشىش مەيدانى. ماۋۇ بالىلار ئاسمانغا چىقاي دېسە تىك ئۇچار، سۇدا ئۈزەي دېسە پاراخوت، يولدا يۈرمەكچى بولسا ئۇ ھاجەتتىنمۇ چىقىدىغان ئۆزگىرىشچان ماشىنا. بۇ جايدا بالىلار گۈلنىڭ يىلتىزىنى ئاسمانغا، ئۇچىنى يەرگە قىلىپ تىكسىمۇ ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ.

— پاھ، پاھ! نېمە دېگەن قالتىس، — دەۋەتتى لالە ھاياجىنىنى باسالماي چاۋاك چېلىپ، — ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ جۇمۇ.

— ئاۋۇچۇ؟ — دېدى لالە بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان قۇرۇق شاخلارنى كۆرسىتىپ.



— ئۇ يىغناغۇچ قونۇپ ئوينايدىغان چىتلاق. ماۋۇ

مەڭگۈلۈك چۆپ. مەيلى قار ياغسۇن، شىۋىرغان چىقسۇن، بۇ چۆپلەرنى ماللار بىر تەرەپتىن يەپ تۇرسا، يەنە بىر تە- رەپتىن بىخلىنىپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ. ئاۋۇ كۈنلۈك بۇلۇت، قاچان كۈننىڭ تۇتۇلۇپ يامغۇر، مۆلدۈر يېغىشىنى بىلگى- لى بولمىغاچقا كۈندە يامغۇرلۇق ئېلىپ يۈرۈش بەك ئەپ- سىز، شۇڭا قاچان يامغۇر، مۆلدۈر ياغسا، ھاۋا تونۇردەك قىزىسا ئۇ بۇلۇتلارنىڭ بېشىڭىزغا سايە تاشلىغىنى تاش- لىغان.

— بۇ يەردە قوي - كالىلار ناھايىتى ئەركىن ياشاي- دۇ. بۇ تەسەۋۋۇر باغچىسى، بۇنىمۇ باللار ئۆزىنىڭ تە- سەۋۋۇرىغا تايىنىپ سىزىپ چىققان. يولۋاس، شىرلارنىڭ چىش- تىرنىقى يوق، ئۇلار بۇ يەردە قوي- كالىدەك چۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئاۋۇ تاختاينى تىكتاك توپ پالىقى- دەك كىچىك ئىكەن، دەپ قالماڭلار. كەلكۈن باستۇرۇپ كەلگۈدەك بولسا يوغىناپ دەريانى توسالايدۇ.

— بۇ توڭلاتقۇ كۆل،- دەپ چۈشەندۈردى قاراۋۇل زۇمرەت سۈلۈق كۆل بويىدىن ئۆتۈۋاتقاندا — يازدا دىمىق ھاۋادىن نەپەس ئالالمىغانلار بۇ كۆل سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچسىلا بەدىنى نەچچە يىل سالقىن تۇرىدۇ. بۇ رەڭلىك شاماللارغا ھەيران قېلىۋاتىسىلەر ھە! ھازىرقىدەك كۈز پەسلىدە ئۇ يېشىل شامال چىقىرىپ يازنى ئەسلىتىدۇ. يازدا ئاپئاق شامال چىقىرىپ باللارنىڭ خىيالىنى قارلىق دالاغا باشلايدۇ.



— ئاۋۇ بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان نېمە تاشلار ئۇ، —

سورىدى پولات.

— تاش ئەمەس، — ئۆز بەدىنىگە قاراپ قويۇپ كۇ-لۇمسىرىدى تاش قاراۋۇل، — ئۇلار يۇلتۇزلار.

— يۇلتۇزلار ئاسماندا بولماي بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟

— باللار ئويناپ كەچ قالغاندا مۇشۇ يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ يوللىرىنى يورۇتىدۇ. بۇ يەرگە ھەر يىلى دۇنيا-نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەرخىل ئىرق - مىللەتتىكى باللار يىغىلىپ ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىدىكى دۇنياسىنى ئىز-دەيدۇ.

— نېمە دەپ بېلىقلا قانات سىزىپ قويىدۇ؟ ھەيران بولغان سۇبات بېشىنى چايقاپ قويدى.

— كۇندە كاۋاپ يەۋەرسىڭىز زېرىكىپ شورپا ئىچكى-ڭىز كېلىدىغاندۇ؟ بېلىقلارمۇ كۆل - دەريالاردا ئۈزۈۋېرىپ زېرىكىدۇ - دە، ئاسماندىكى قۇشلارغا قاراپ «مېنىڭمۇ قانىتىم بولسا ئاسماندا ئۇچسام دېگەن خىيالنى قىلماس-لىقى مۇمكىنمۇ؟» ئۇ دەل شۇ چاغدا قۇشلارنىڭمۇ كۆل - دەريالاردا بېلىق بولۇپ ئۈزگۈسى بارلىقىنى ئويلىمايدۇ.

گۆش - كاۋاپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باللارنىڭ ئېغى-زىغا غىرىلدە سېرىق سۇ يىغىلدى - دە، لەۋلىرىنى ھال-سىز تامشىپ قويدى.

— قورسىقىڭلار ئېچىۋاتىدۇ - ھە! يۈرۈڭلار، مەن سىلەرنى بىر مېھمان قىلىۋالاي.

تاش قاراۋۇل پىنگىۋىندەك ئىرغاڭلاپ ماڭغىنىچە ئۇلارنى بىر چوڭ دەرەخ تۈۋىگە باشلاپ كەلدى.



— قېنى يىگۈڭلار بار تاماقنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئېتىكىڭلارنى ئېچىڭلار.

بالىلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغان ئىدى، شاخلار ئارىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان گۆشگىردە، سامسا، گۆشنان، قاتلىما، تۇرمەل، شاكىلاتلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىدىن بارمىقىنى چىشلىشىپ قالدى.

— توۋا بۇ نېمە كارامەت، - دېيىشتى ئۇلار — دەرەختە قانداقمۇ گۆشنان، سامسا پىشسۇن؟

— قېنى تارتىنماي ئۈزۈپ ئېلىڭلار!

ئۇلار ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گۆشنانلارنى يەپ قورساقلىرىنى تويغۇزدى. ئەمدى بىزنى كۆرگەن چۈشىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان يەرگە باشلاپ بارسىڭىز بوپتىكەن.

— بولىدۇ، قولۇم كۆكسۈمدە، يۈرۈڭلار.

## تىلسىملىق دۇنيادىكى مۆجىزە

تاش قاراۋۇل ئۇچەيلەننى تەسەۋۋۇر تېشى ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇماققىنە بىر تاش قىزچاققا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئالدىراش كېتىپ قالدى.

— ئىشلىرىڭلار تۈگىگەندە بۇ جايدىن قايتىپ نېمە قىلاي دەيسىلەر؟ — سورىدى تاش قىزچاق ئۇلارغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ.

— مەن قايتىپ بېرىپ دادامنىڭ ئاتا مىراس كەسپى تۆمۈرچىلىكنى ئۆگىنىمەن. تۆمۈرخانىدا كۆرەك بېسىپ بازغان ئۇرۇشنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن. لالە خەنجىرىڭ-نى قايتۇرۇپ بېرەي، بەربىر مەھەللىگە يانسام ئۆزۈم بىرنى سوقۇۋالامدىم، — دېدى سۇبات.

— دادام بولسا كەتتى، مەن تاغامنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ موزدوزلۇق ھۈنىرىنى ئۆگىنەيمىكىن دەۋاتىمەن.

— سىزچۇ؟ لالەگە تىكىلدى تاش قىزچاق.

— مېنىڭ بۇ يەردىن قايتىپ مەكتەپكە بارغۇم بار. خەت ئۆگىنىپ نۇرغۇن قىزىقارلىق كىتابلارنى ئوقۇغۇم بار. قايسى كۈنى سۇبات ئاكام «يەتتە قىزلىرىم رىۋايىتى»نى ئوقۇپ بەرگەندە «ئىسىت! خەت تونۇغان بولسامچۇ؟...» دەپ ئىچىم تىتىلداپ كەتتى. پولات ئاكاممۇ «كىتاب ئوقۇش دۇنيانى ئوقۇش» دېگەندەك بىر گەپلەرنى قىلدى.

— ياخشى، ھەممىڭلارنىڭ تىلەكىڭلارغا بۇرۇنراق يې-تىشىڭلارنى تىلەيمەن. مانا، «ئارزۇ سەيناسى» غا كېلىپ قالدۇق. ھەممىڭلار قولۇڭلارغا پەلكۈچ ئېلىپ چۈشىڭلاردا كۆرگىنىڭلارنى سىزىپ چىقىڭلار.

— سىزغۇ چۈشلىرىڭىزنى تاپالماي باشقا بىرنەرسىدە-لەرنى سىزىپ سېلىپ تاش قىزچاققا ئايلىنىپ قالمىغان بولغىيدىڭىز؟ دەككە - دۈككىدە لالەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.



— ياقەي، مەن مۇشۇ باغنىڭ مۇلازىمى.

— ھە، مۇنداق دەڭ.



... ...

لاله مۇشۇ كۈنلەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكىنىگە نەۋاق. ئۇ قولىغا ئۈزۈن دەستىلىك ئاق پەلكۈچنى ئې-لىپ، قىيا تاشنىڭ پىچاقتا كەسكەندەك تىك يۈزىگە چۈشلىرىنى سىزىشقا باشلىدى.

ئۇ تەسەۋۋۇرىدىكى تاغنى سىزغان ئىدى، شارقىراتما، قارلىق چوققىلار يېشىل بوستانلىق بىلەن تۇتىشىپ كەت-كەن جەرەن ـ كېيىك، ئات ـ بۇغا ئەركىن يايلاۋاتقان گۈزەل تاغلار كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. قورغان شەكلى-دىكى ياغاچ ئۆيلەرنى سىزىۋىدى، هويلىدا قۇيرۇقىدا شامال سۈپۈرۈپ نازلىق هۇۋلىغىنىچە كۆككۆز كۆرۈندى. ئۆي ئىچىگە پەلكۈچ ئوينىتىپ بۆشۈكنى سىزىۋىدى، بۆشۈك ئىچىدە تورۇسقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ياتقان بىر بوۋاق پەيدا بولدى. ئىككى يىل ئۆتۈپ تاغنى تۇيۇقسىز قارا ئىس ـ تۈتەك قاپلىغاندا كۆككۆز ئۆزىنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ بۆرە ئانا ئۆڭكۈرىگە كەلدى.

نەچچە يىلدىن كېيىن كېيىك تېرىسى بىلەن ئەۋرىتى يۆگەلگەن، چاچلىرى ئۈزۈن، بۆرىدەك هۇۋلايدىغان قىز ئۆڭكۈرلۈك دالانىڭ ئەركىنى بولۇپ تاغ تېكىسى، جەرەن-لەرگە ئەگىشىپ ئويناۋاتاتتى. تۆگمەن ئاستىدىكى قو-مۇشلۇق كەپىدە بىر بوۋاي قولىنى سايىۋەن قىلغىنىچە كۆزلىرىدە ياش ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى.



چاتقاللىق، جىگدىلىك باغ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆينىڭ

ئۆگزىسىدە پاخپاق باش بىر موماي يادەك بېلىنى تۈزلەش-
كە تىرىشىپ ئۆزىگە نەزەر سېلىۋاتاتتى. يېنىدا ئۇزۇن بو-
يۇن قارا چۇمۇلە مېنى كۆرمەي قالمىسۇن دېگەندەك سو-
زۇلۇپ بويۇندايتتى. لالە تېخىمۇ تىت - تىت بولۇشقا
باشلىدى. ئۇ كېچىدىن چۈشىدە ئاتا - ئانىسىنى شۇنچە
ئېنىق كۆرگەن ئىدىغۇ؟ ئۇ پەلكۈچنى تاغ چوققىسى، قاپ-
تاللاردا شۇنچە ئويناتسىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ رەسىمى
سىزىلمايۋاتاتتى. «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك تاش قىزچاق-
قا يېنىش - يېنىشلاپ قارىدى لالە.

— سىزنىڭ نېمىگە ئالدىراۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن،
ياخشى ئىشقا كاشىلا كۆپ ئەمەسمۇ؟ سىز بىلەن ئەتەي
چېقىشىپ قويدۇم. ئۇ شۇنداق دېگەچ پەلكۈچنى يەڭگىل
بىر چېكىپ قويىۋىدى، پەلكۈچ لالەنىڭ قولىدىن ئاجراپ
چىقىپ تامدا شۇنداق ئەركىن ئويناشقا باشلىدى. كۆزىنى
يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تاغ قاپتىلىدىن ئۆزىگە
قاراپ كېلىۋاتقان يەكپاي ئاياغ كىيگەن دادىسى ۋە ياغ-
لىقسىز ئانىسىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قىزى بى-
لەن دىدارلىششقا ئالدىراۋاتقان ئاجايىپ چوڭقۇر سېغى-
نىش، مېھىر - مۇھەببەت يېنىپ تۇراتتى. لالە تونۇدى،
كۆزى تونۇشتىن بۇرۇن يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى.
بۆرە ئۆڭكۈرىدىكى چوققىدا كۆككۆز: «سىڭلىم مەنمۇ
سىزنى سېغىندىم...» دېگەندەك ھۇۋلاۋاتاتتى. نۇردۇن
بوۋاي بىلەن پالچى موماي ئۇنىڭ يېنىدا ئاللىقاچان خۇ-

شاللىق يېشىنى سۈرتمەكچى بولۇپ تۇراتتى.
لالە ياڭغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى پولاتنىڭ تۆگە كارۋانلى-
رى ئۆتۈۋاتقان قۇملۇقنى، سۇباتنىڭ نەمخۇش ھاۋا ھىدى
دىماققا گۇپ -گۇپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان بىر مەھەللىنى سى-
زىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
خەير، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئاسايىشلىق بولغاي.



# بۆره قىز

سـۆزى: جاسارەت جاپپارنىڭ

مۇزىكىسى: ماھنۇر قاسىمنىڭ

D=$\frac{3}{4}$







مەسئۇل مۇھەررىر : مەمەتجان ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتور: شەمسىيە تۇرسۇن
تېخنىكا رېداكتور: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
رەسسام: تۇرسۇن ئىسھاق

جاسارەت جاپپار

# بۆرە قىز

(بالىلار رومانى)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2012-يىل 3-ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2012-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 880 × 1230م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 10.125
باھاسى : 25 .00 يۈەن

ISBN 978-7-105-11844-1/I.2295(维341)

责任编辑：买买提江·艾山
责任校对：夏木斯亚·土尔孙
技术编辑：努尔买买提·艾买尔

图书在版编目(CIP)数据

狼女孩儿：维吾尔文/ 加沙热提·加帕尔著. —北京：民族出版社，2011
ISBN 978-7-105-11844-1

Ⅰ.①狼… Ⅱ.①加… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第218263号

出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2012年3月第1版 2012年3月北京第1次印刷
开　　本：880×1230毫米 32开
印　　张：10.125
定　　价：25.00元
ISBN 978-7-105-11844-1/I.2295(维341)